تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك كىتاب

# ئىسلام تارىخى

مەھمەت ئۆزدەمىر
ئىبراھىم سارىچام
سەيفەتتىن ئەرشاھىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

پروفېسسور دوكتور مەھمەت ئۆزدەمىر

پروفېسسور دوكتور ئىبراھىم سارىچام

پروفېسسور دوكتور سەيفەتتىن ئەرشاھىن

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**

ئەلى ئابدۇراخمان

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**

yamgur5@gmail.com

# كىرىش سۆز

بىزنى مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھتائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن.

دىنىمىزنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياشاپ، ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئەھلى بەيتىگە، ساھابىلىرىغا، قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىدىن ئۈچ ئىسلام تارىخى پروفېسسورىنىڭ ئورتاق تەييارلىغان دەرسلىك كىتابىدۇر. بۇ كىتاب، تۈركىيە مىللى مائارىپ مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، تۈركىيەدىكى ئىمام-خاتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان.

تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئىلاھى تەبلىغ مەھسۇلى ۋە ئىسمى «دىن» بولغان مۇئەسسەسەنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بىر ۋە ئاساسىنىڭ ئىسمى «ئىسلام»دۇر. «پەيغەمبەرلەر بىر-بىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، دىنلىرى بىردۇر» دېگەن ھەدىس-شەرىپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئىسلام تارىخى تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەمدىن باشلاپ، كۈنىمىزگىچە بولغان تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابتا پۈتكۈل ئىسلام تارىخى ئەمەس، پەقەتلا ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كۈنىمىزگىچە بولغان 1400 يىللىق ئىسلام تارىخى خۇلاسە شەكىلدە قىسقىچە بايان قىلىنغان. كىتابتىكى رەسىم ۋە خەرىتىلەر كىتابقا تېخىمۇ گۈزەل رەڭ قاتقان.

1400 يىللىق ئىسلام تارىخىنى بىر كىتابقا سىغدۇرۇش ئەسلى مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش ئىدى. مۇئەللىپلەر كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ مەشغۇلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئۇزۇن تارىخنى بىر كىتابتا بايان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ جەھەتتە مۇئەللىپلەرنى تەبرىكلەيمىز.

بۇ كىتاب ئىسلام تارىخىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن. كىتابتا يەنە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنىمۇ قىسقىچە تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە يەر بەرگەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بۇ كىتاب ئەسلى نۇسخىسىغا سادىق قالغان ئاساستا قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. ۋاقتىمىز قىس، ئىمكانىمىز يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىتابتىكى خەرىتىلەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرالمىدۇق، سوئاللارنىمۇ كىتابنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ كەتمىسۇن دەپ قويمىدۇق. بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن كەچۈرۈم سورايمىز. كىتابىمىزدا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ قويغۇچىلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن. جانابى ئاللاھ بۇ كىتابىمىزنى ئوقۇغان ۋە پايدىلانغانلارنى ئىككى دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشتۈرسۇن!

تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

ئەلى ئابدۇراخمان

## مۇندەرىجە

**1 ـ باپ. ئىسلام تارىخىغا كىرىش** ........................................ **11**
1. ئىسلام تارىخىنىڭ تېمىسى، دائىرىسى ۋە مېتودى ........................ 11
2. ئىسلام تارىخشۇناسلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ........................ 12
3. ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرى ........................................ 15
4. مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن كالېندارلار ........................................ 16
5. ئىسلام تارىخىنىڭ ئىجتىمائىي پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 19
**2 ـ باپ. ئىسلامىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرى** ....... **21**
1. ئىسلام بارلىققا كەلگەن دەۋر ........................................ 21
2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرى ....... 27
3. ئىسلامىيەتنىڭ مەدىنە دەۋرى ........................................ 35
3.1. مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى ........................................ 35
3.2. سىياسى ۋە ھەربى تەرەققىياتلار ........................................ 39
3.3. تەبلىغ پائالىيەتلىرى ........................................ 49
3.4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغىچە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى.. 50
**3 ـ باپ. راشىد خەلىپىلەر دەۋرى** ........................................ **53**
1. تۆت خەلىپىنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلەتلىرى ........................................ 53
1.1. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ........................ 53
1.2. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................................ 54
1.3. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................................ 55
1.4. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................................ 56
2. دىندىن يېنىۋېلىش ۋەقەلىرى ........................................ 57
3. فەتىھلەر ........................................ 59
4. دەسلەپكى ئىچكى ماجرالار ۋە نەتىجىسى ........................................ 65
4.1. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرى ........................................ 65
4.2. ھەزرىتى ئەلى دەۋرى ........................................ 67
4.2.1. جەمەل ۋەقەسى ........................................ 67
4.2.2. سىففىن ئۇرۇشى ........................................ 69
**4 ـ باپ. ئەمەۋىيلەر** ........................................ **73**

1. شەرق ئەمەۋىيلىرى ........................................................ 73
1.1. قۇرۇلۇشى ........................................................ 73
1.2. خىلاپەتنىڭ پادىشاھلىققا ئايلىنىشىغا قارشى نارازىلىقلار ........................ 75
1.2.1. كەربەلا ۋەقەسى ........................................................ 75
1.2.2. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ۋەقەسى ........................................ 76
1.3. فەتىھلەر ۋە ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 78
1.4. ئىچكى مەسىلىلەر ........................................................ 81
1.5. تاشقى مۇناسىۋەتلەر ........................................................ 84
1.6. يىقىلىشى ........................................................ 85
2. غەرب (ئەندەلۇس) ئەمەۋىيلىرى ........................................ 86
2.1. ئەمىرلىك دەۋرى ........................................................ 86
2.2. خەلىپىلىك دەۋرى ........................................................ 87
2.3. ئاغدۇرۇلۇشى ........................................................ 88
2.4. ئەمەۋىلەردىن كېيىن ئەندەلۇس (1031 ـ 1492) ........................ 89
2.5. ئەندەلۇستىكى مۇسۇلمان مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بېرىلىشى ........................ 90
**5 ـ باپ. ئابباسىيلار ........................................................ 93**
1. قۇرۇلۇشى ........................................................ 93
2. ھاكىمىيەتتە مەۋالىلارنىڭ كۆپلىكى ........................................ 96
3. ئابباسىيلارنىڭ دىنىي سىياستى ........................................ 98
4. ئىچكى مەسىلىلەر ........................................................ 100
4.1. ھاكىمىيەتكە قارشى دىنىي ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر ........................ 101
4.2. ئىسلامغا قارشى دىنىي ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر ........................ 103
5. مەركىزىي رەھبەرلىكتىن ئايرىلىش ........................................ 104
6. تاشقى مۇناسىۋەت ........................................................ 106
7. موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە ئابباسىيلارنىڭ يىقىلىشى ........................ 108
**6 ـ باپ. تۈركلەر ۋە ئىسلامىيەت ........................................ 111**
1. تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋىتى ........................................ 111
1.1. ئەمەۋىيلەردىن ئىلگىرى ........................................ 111
1.2. ئەمەۋىيلەر دەۋرى ........................................ 112
1.3. ئابباسىيلار دەۋرى ........................................ 113
2. تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ........................................ 114
3. تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى پائالىيەتلىرى ........................ 118
3.1. ئابباسىي خەلىپىلىنىڭ قوغدىلىشى ........................................ 118

3.2 . ئەھلى سەلىب قارشىسىدا تۈركلەر........................................ 119
3.3 . ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ مۇداپىئە قىلىنىشى ........................................ 123
3.4 . تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس ماكانلاردىكى خىزمەتلىرى ........................................ 125
3.5 . تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا ئوينىغان رولى ........................................ 128
3.5.1 . ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ........................................ 128
3.5.2 . ئاناتولىيەنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى ........................................ 129
3.5.3 . بالقان رايونىغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ........................................ 132
4 . مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرى........................................ 133
**7 ـ باپ . ئىسلام مەدەنىيىتى ........................................ 139**
1 . ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھايات ........................................ 139
1.1 . دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش........................................ 139
1.1.1 . دىن ۋە ئەقىدە........................................ 139
1.1.2 . ئىجتىمائىي قۇرۇلما........................................ 141
1.1.2.1 . ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار........................................ 141
1.1.2.2 . ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ........................................ 142
1.1.2.3 . ئۆلىمالار ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر........................................ 143
1.1.2.4 . بايرام ۋە ھېيتلار ........................................ 144
1.1.2.5 . ئائىلە........................................ 145
1.2 . ئىقتىساد ........................................ 146
1.2.1 . دۆلەت كىرىمى ........................................ 146
1.2.2 . دۆلەت چىقىمى ........................................ 149
1.2.3 . ئىشلەپچىقىرىش........................................ 151
1.2.3.1 . يېزا ئىگىلىك ........................................ 151
1.2.3.2 . سانائەت........................................ 151
1.2.3.3 . كانچىلىق........................................ 152
1.2.4 .تىجارەت........................................ 152
1.2.5 . پۇل........................................ 153
2 . ئىلىم ۋە تەپەككۇر ........................................ 154
2.1 . ئىسلام ۋە بىلىم ........................................ 154
2.1.1 . دىنىي بىلىملەر........................................ 155
2.1.2 . باشقا بىلىملەر........................................ 157
2.2 . تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى ........................................ 160
2.3 . ئىسلام دۇنياسىدا كىتاب ۋە كۈتۈپخانىلار ........................................ 162

2.4. تىل ۋە ئەدەبىيات........................................................164
2.5. ئىسلام چۈشەنچىسىدە تەقلىد ۋە تۇرغۇنلۇق.........................167
3. سەنئەت ۋە بىناكارلىق.....................................................169
3.1. سەنئەت ۋە ئىسلام ........................................................169
3.2. ئىسلام سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتى .....................170
3.3. ئىسلام سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى ...........................................172
3.3.1. بېزەكچىلىك ..........................................................172
3.3.2. خەتتاتلىق .............................................................173
3.3.3. مىنىياتۇر (نەققاشچىلىق) .........................................174
3.3.4. رەسىم ۋە ھەيكەل....................................................174
3.3.5. مۇزىكا ..................................................................175
3.4. بىناكارلىق.....................................................................177
3.4.1. ھەربى بىناكارلىق ...................................................179
3.4.2. خەلق بىناكارلىقى ...................................................180
3.4.2.1. سارايلار...........................................................180
3.4.2.2. مەدرىسلەر.......................................................181
3.4.2.3. مەسجىدلەر.......................................................182
3.4.2.4. باشقا ئەسەرلەر .................................................186
4. مۇئەسسەسەلەر...............................................................187
4.1. خەلىپىلىك ....................................................................187
4.2. ۋەزىرلىك .....................................................................189
4.3. شەيخۇلئىسلاملىق ..........................................................190
4.4. ئەدلىيە ئورگانلىرى .........................................................191
4.4.1. قازىلىق..................................................................192
4.4.2. مەھكىمىلەر ...........................................................193
4.4.3. بازار باشقۇرۇش.......................................................194
4.4. ساقچى تەشكىلاتى..........................................................195
4.5. ئارمىيە.........................................................................195
4.6. ۋەقپىلار .......................................................................196
4.8. فۇتۇۋۋەت ۋە ئاھىلىق.......................................................200
**8 ـ باپ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرلىرى ..................................203**
1. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلۈك سىستېمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.........203
2. غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى...............................................204

3. بالقان رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ........................................ 207
4. ھىندىستان ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ........................ 210
5. روسىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرى ............................................... 213
**9 ـ باپ. كۈنىمىز ئىسلام دۇنياسى ........................................... 215**
1. ئاسىيا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار ........................................... 215
1.1. ئوتتۇرا شەرق ۋە دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر .............................. 215
1.2. جەنۇبى ئاسىيا ۋە يىراق شەرق دۆلەتلىرى .................................... 221
1.3. كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ........................................ 227
2. ئافرىقا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار ........................................... 243
3. بالقان ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ................................ 250
4. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار .......................................... 256
5. تۈركىيە بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ... 257
**پايدىلانغان كىتابلار ....................................................... 259**

# 1 ـ باپ. ئىسلام تارىخىغا كىرىش

## 1. ئىسلام تارىخىنىڭ تېمىسى، دائىرىسى ۋە مېتودى

ھەر قانداق بىر بىلىمنىڭ ئۆزىگە خاس تېمىسى، دائىرىسى بولغىنىدەك، ئىسلام تارىخىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تېمىسى ۋە دائىرىسى بار.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە بولغان ئارىلىقتا، مۇسۇلمانلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي ۋەقەلەر ،ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام تارىخى دىگەن ئاتالغۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تارىخىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئىسلام تارىخىنىڭ مەزمۇنى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمان تارىخشۇناسلار ئەسەرلىرىدە ئومۇمەن ئىچكى ۋە تاشقى ۋەقەلەر ئۈستىدە توختالغان. مەسىلەن، بىر دۆلەتنى بايان قىلغان ۋاقىتتا، ئاساسلىق بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلىشى، ھۆكۈمرانلىرى، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇرۇش ۋە ئىچكى ئىسيانلاغا قارشى ئالغان تەدبىرلىرىنى بايان قىلغان. كۈنىمىزدە بۇ خىل بايان قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەردى. سىياسىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ساھەلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرمۇ ئىسلام تارىخىنىڭ دائىرىسىگە كىردى.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىسلام تارىخشۇناسلىرى مېتود جەھەتتىن رىۋايەت شەكلىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ مېتودقا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرگە ئۆزىنىڭ ئىزاھات ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماستىن، تارىخىي تەرتىپ بويىچە يىللارغا ئاساسەن بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىدا يېزىلغان ئومۇمىي ئىسلام تارىخى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رىۋايەت شەكلىدە يېزىلغان.

كۈنىمىزدە ئىسلام تارىخى تەتقىقاتى ئاساسلىق ھالدا «تەتقىقاتچى تارىخشۇناسلىق» ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئۇسۇل «سەۋەپ ـ نەتىجە» ۋە «ئىلمىي تارىخشۇناسلىق» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ. تەتقىقاتچى تارىخچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىسلام تارىخچىسى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى يېزىش بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئالدى بىلەن بىلىم مەنبەلىرى (كىتاب، رىسالە، شېئىر، دىۋان، خەت ـ چەك، كېلىشىم، قازان ـ قومۇچ، ساپال قاچا، پۇل، ھەيكەل قاتارلىق قەدىمقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى) ۋە بىر ئەسەرنى تەتقىق قىلغاندا بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسىنىڭ كىملىكى،

لىللا مەيداندا تۇرۇپ يازغان ـ يازمىغانلىقى، دىنىي ئالاھىدىلىكى، ئاباسسىيلارغا بولغان كۆز قارىشىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى يازغۇچىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكى ئەسەرگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن مەنبەنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن مۇئەللىپنى ياخشى تونۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىپ كىتابتىكى مەلۇماتلارنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ باھا بەرسە بولىدۇ. باشقا ماتېرىياللارغىمۇ ئوخشاش يول تۇتۇپ، ئاخىرىدا ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبى، يۈز بېرىش شەكلى ۋە نەتىجىسىنى يەكۈنلىسە بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئىسلام تارىخچىسى ئىلمىي، تەرەپسىزلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ئىسلام تارىخى ئىجتىمائىي بىر پەن. باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش يۈزدە ـ يۈز توغرىلىقىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. مەنبەلەرنىڭ سانى، ئالاھىدىلىكى، ھەر خىللىقى، تەتقىقاتچىنىڭ ئانالىز قابىلىيىتىگە ئاساسەن چىقارغان يەكۈنلىرىنىڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بارلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ سەۋەپتىن ئىسلام تارىخچىسى ۋەقەلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋاقىتىدا، كەسكىن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئورنىغا تەخمىنىي ھۆكۈم قىلىشنى تاللايدۇ. مەسىلەن، ئىسلام تارىخچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ 610 ـ يىلى كەلگەنلىكىنى كېسىپ ئېيتسا بولىدۇ، ئەمما ئىسرا ۋە مېراج ۋەقەسىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتىنى كېسىپ ئېيتسا بولمايدۇ. ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىغا قاراپ 615 ـ 620 ـ يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن دېسە بولىدۇ. چۈنكى قولىمىزدىكى ماتېرىياللاردا ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 2. ئىسلام تارىخشۇناسلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

ئىسلام تارىخشۇناسلىق ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئۇرۇشلىرىنى تېما قىلغان تەتقىقاتلار بىلەن باشلانغان. بۇلار سىيرەت (تەرجىمھال) ۋە مەغازى ئەسەرلىرى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ باشلانغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بەزى ساھابىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭغان. ساھابىلاردىن كېيىن تابىئىن دەپ ئاتالغان نەسىللەر ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى بىلىشكە ئىنتىلىش تېخىمۇ يۇقىرىلىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتى، شەخسىي ئالاھىدىلىكى، ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا پەۋقۇلئاددە قىزىققان. بۇ خىل قىزىقىش ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى يېقىندىن بىلىشكە ئۈندىگەن. بۇ ھەقتە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىرگە بولغان

ساھابىلار ئىدى. ئۇلار ساھابىلار بىلەن كۆرۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلىغان.

ئابباسىيلار دەۋرىدە سىيرەت ۋە مەغازى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغان. مەسىلەن، ئىبنى ئىسھاقنىڭ «كىتابۇل مەغازى» ناملىق ئەسىرى بۇ تەتقىقاتلاردىن بىرىدۇر. بۇ ئەسەر ئۈچ باپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى باپتا، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى؛ ئىككىنچى باپتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ئەۋەتىلىشى؛ ئۈچىنچى باپتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆزىدىن يېرىم ئەسىر كېيىن ئىبنى ھىشام تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ «سىرەتۇن نەبەۋىيە» (پەيغەمبەر تارىخى) نامىدا ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنغان.

قۇرئانى ـ كەرىم تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە تېمىنىمۇ يەر بەرگەن. مەسىلەن، بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەرخىل دەۋرلەردە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ پائالىيەت ۋە كۆرەشلىرىنى تارىخ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى تارىختىكى قەۋم ۋە خەلقلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازالاردىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرغان. قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كۆز قاراش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دىن ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بىلىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇ تۈرتكىگە ئاساسەن ئاببасىيلار دەۋرىدە ۋىزانتىيە، ئىران ۋە ھىندىستان تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. مۇسۇلمانلار تەرجىمە ئەسەرلىرىگە تايىنىپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت يېڭى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان. نەتىجىدە ئىلگىرىكى دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاساسى تېما قىلغان تارىخي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن.

ئومۇمي تارىخ ساھەسىدە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر كىتابلاردىن بىرى ئەبۇ جافەر ئەتتابەرىنىڭ «مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمدارلار تارىخى» (تارىخۇل ئۇمەم ۋەل مۇلۇك) ناملىق ئەسىرىدۇر. ئەتتابەرى بۇ ئەسىرىدە ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، ئىسلامىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ۋاپاتى (مىلادى: 922)غا قەدەر بولغان ئەھۋاللارنى يېزىپ قالدۇرغان.

مۇسۇلمان تارىخشۇناسلار بىر تەرەپتىن ئومۇمي تارىخ ساھەسىدە ئەسەر يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاندان (خانلىق) تارىخى ھەققىدە خاندان تارىخى، شەھەر ۋە رايون تارىخى ھەققىدە شەھەر، رايون تارىخى قاتارلىق ئەسەرلەر يازغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەككە، مەدىنە، كونيا، ئىستانبۇل قاتارلىق مۇھىم شەھەرلىرى بىلەن

بىرگە ھىجاز، يەمەن، دەمەشىق، ماۋەرائۇننەھىر، خوراسان، مىسىر قاتارلىق شەھەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخلىرىنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان.

ئىسلام بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئەسىردىن باشلاپ ساھابە، تابىئىن قاتارلىق ھەر ساھەدىكى ئالىم ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاياتلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىزىقىش نوقتىسى بولغان. بۇ قىزىقىش نەتىجىسىدە تاباقات ۋە تەراجىم (تەرجىمە) كىتابلىرى دەپ ئاتالغان بىئوگرافى ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن.

مەسىلەن، مىلادى 88-يىلى ۋاپات بولغان ئىبنى سائات «كىتابۇت تاباقاتىل كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى يازغان. 1282-يىلى ۋاپات بولغان ئىبنى ھەللىقان ئىسمىلىك يەنە بىر ئالىم، ئىسلامىيەت بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئەسىردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ دەۋرىگىچە بولغان مەشھۇر ھۆكۈمران ۋە ھەر ساھەدىكى ئالىملارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىر يەرگە توپلىغان.

نەسەپ كىتابلىرىدا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ شەجەرىلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار توپلانغان. ئىسلام تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان يەنە بىر بىلىم ساھەسى فۇتۇھات ئەسەرلىرىدۇر. مۇسۇلمانلار راشىد خەلىپى (توغرا يولدىكى خەلىپە) لەر دەۋرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ شەرق ۋە غەربتە كۆپلىگەن زېمىنلارنى فەتىھ قىلغان. بەزى مۇسۇلمان ئالىملار بۇ رايونلارنىڭ قاچان ۋە قانداق فەتىھ قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدىغان كىتابلار يازغان. بۇ ئەسەرلەر فۇتۇھات ئەسەرلىرى دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر دەپ ئاتالغىنى «فۇتۇھۇل بۇلدان» (رايونلارنىڭ فەتىھ قىلىنىشى) ناملىق ئەسەردۇر. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، تۆت خەلىپە، ئەمەۋىي ۋە ئابباسىيلار دەۋرىدە فەتىھ قىلىنغان زېمىنلارنى بىر-بىرلەپ يازغان. بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسلىملار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم، فەتىھ قىلىنغان تۇپراقلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، ئېتىقاد، ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ خىل ئەسەرلەر «فەتىھنامە» ئىسمى بىلەن سەلجۇق ۋە ئوسمانى (ئوسمان تۈركلىرى)لار دەۋرىدىمۇ يېزىلغان. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەر ئەرەبچە يېزىلىش بىلەن بىرگە تۈركچە ۋە پارىسچە تىللارمۇ ئىشلىتىلگەن.

ئىسلام تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى بىلىش ئۈچۈن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرلىكتە، بۇ ۋەقەلەرنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىدىغان تەتقىقاتلارمۇ قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئىسلام دۇنياسىدا يېتىشكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بېشىدا ئىبنى خەلدۇن كېلىدۇ.


## 3. ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرى

ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرى ئېغىزچە، يېزىقچە ۋە مەدىنىي يادىكارلىقلار دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

1 ) **ئېغىزچە مەنبەلەر**: بۇلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن تارىخقا مۇناسىۋەتلىك شېئىر، ھېكايە، ئەپسانە، داستان، يۇمۇر ۋە ماقال ـ تەمسىللەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمىنى بىر نەچچە ئەسىردىن بىرى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ئېغىزچە بايانلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ توپلىنىشى، يېزىلىشى نەتىجىسىدە سىيرەت ۋە مەغازى ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن.

2 ) **يېزىقچە مەنبەلەر**: ئىسلام تارىخىغا ئائىت ھەر ساھەدە يېزىلغان كۆپ ساندا يازما ئەسەرلەر بار. بۇلارنىڭ بېشىدا قۇرئانى ـ كەرىم كېلىدۇ. قۇرئانى ـ كەرىم بىر دىن كىتابى بولۇش بىلەن بىرگە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش جەريانى، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسى ھاياتى ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى ئاساسلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان سىيرەت، مەغازى، ئومۇمىي تارىخ، تاباقات، تەرجىمە، شەھەر ـ رايون تارىخى، خانىدان تارىخى، نەسەپ، فۇتۇھات ياكى فەتىھنامە قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام تارىخىنىڭ قول يازما مەنبەلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىن مۇھىم بولغان ئەدىبىي ئەسەرلەر، مۇسۇلمان ۋە ئەجنەبى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ساياھەت قىلغاندا يېزىپ قالدۇرغان ئەسىرات، ساياھات خاتىرىلىرىمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ.



14 ـ ئەسىردىكى بىر قۇرئانى ـ كەرىم نۇسخىسى

ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېزىقچە مەنبەلىرىدىن بىرى ئارخىپ بەلگىلىرىدۇر. بۇلار ھەرخىل بەلگىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، ئۆتمۈشتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ھۆكۈمرانلار



مىلادى 1342 ـ يىلىدىكى بىر كىتابە

ئوتتۇرىسىدىكى خەت ـ چەكلەر (پەرمان، ھۆرلۈك بەلگىسى، ئەھدىنامە) بىلەن مەھكىمە كۆتۈكلىرى قاتارلىقلار. بولۇپمۇ ئوسمانلى تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ خىل بەلگىلەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم رولى بار. ئىلگىرىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئوسمانلىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ بەلگىلىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. تۈركىيەدە 20 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان مىليۇنغا يېقىن ئارخىپ بەلگىسى ساقلانماقتا. بۇ بەلگىلەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىشەنچلىك بولىشىدۇر.

**3) مەدەنىي يادىكارلىقلار**: مەلۇم يەرلەردە ياكى ئۈستى ئوچۇق مۇزېيلاردا ساقلانغان، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەشيالار. مەسىلەن، بىر تارىخىي مەسجىدنىڭ كىرىش ئىشىگى ئۈستىدە بۇ مەسجىدنىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن سېلىنغانلىقى يېزىلغان كىچىك تېكىستلىك خەت بولىدۇ. بۇ كىتابە دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مەدرىس، كارۋان ـ ساراي، ھاممام ۋە باشقا تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئۈستىدىمۇ كىتابەلەر بولىدۇ. بۇ كىتابەلەردىكى مەلۇماتلار بىر تارىخ تەتقىقاتچىسى ئۈچۈن مۇھىم مەنبە. ھەيكەل، قەبرە تاشلىرى، مېدالىئۇن، تامغا، پۇل، نەقىشلىك قاچا ـ قۇچا، ساپال ئىدىش قاتارلىق ئەشيالارمۇ ئىسلام تارىخىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

## 4. مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن كالېندارلار

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرلەردە ئاينىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۈزۈلگەن بىر كالېندار ئىشلىتىلگەن. بۇ كالېندار ئاينىڭ دۇنيا ئەتراپىدىكى ھەرىكىتىدە بىر ۋاقىتنى بېكىتىشتە ۋاستە قىلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ كالېندارغا ئاساسەن ئايلارنىڭ بەزىسى 29، بەزىسى 30 كۈن قىلىپ بېكىتىلگەن.

جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كالېندار تۈزۈش پىكرى بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىنى بېكىتىشتە مۇقىم بىر باشلانغۇچ نوقتىسى بولمىغان. تارىخنى

خاتىرلەش مەسىلىسى، ھەر قايسى جايلاردا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەرنى بىر نوقتىنى قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغان.

مەسىلەن، مىلادى 571 ـ يىلى ھەبەش ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا پىل بار بىر قوشۇن بىلەن كەبىنى يىقىش ئۈچۈن مەككىگە بېسىپ كىرىشى مەككىلىكلەر ئۈچۈن مۇھىم بىر ۋەقە ئىدى. تارىختا بۇ ۋەقە پىل يىلى دەپ ئاتالغان. ئىسلامىيەت بارلىققا كەلگەن يىللاردا ۋەقەلەرنى يىلنامىلەرگە ئايرىشتا بۇ ۋەقە باشلانغۇچ نوقتا قىلىنغان. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقەنىڭ ۋاقتى «پىل يىلىدىن مانچە يىل ئىلگىرى ياكى كېيىن» دەپ بېكىتىلىدىغان بولغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك (634 ـ 644) دەۋرىدە بىر مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتى قۇرۇپ، بۇ ھەيئەت بىلەن بىر كالېندار تۈزۈپ چىقىش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان. ھەيئەت ئەزالىرىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىنى، كالېندارنىڭ باشلانغۇچى دەپ بېكىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ تەۋسىيە ھەيئەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 11 يىل كېيىن ھىجرىيە كالېندارى ئوتتۇرىغا چىققان. ھىجرىيە كالېندارىنىڭ باشلانغۇچ كۈنىنى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى دەپ بېكىتكەن.

ھىجرى يىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئايلارنىڭ بەزىسى 29، بەزىسى 30 دەپ بېكىتىلگەن. ھىجرى يىلىدا بىر يىل 354 كۈن ،8 سائەت، 48 مىنۇت، 36 سېكۇنتتۇر. ھىجرىيە كالېندارىدا ھەر يىل ئون ياكى 11 كۈن ئالدىغا ماڭىدۇ. مىلادى كالېندارىغا ئوخشاش مۇقىم بولمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئايلارنىڭ يەرلىرى مەۋسۇملارغا قاراپ، داۋاملىق ئۆزگىرىدۇ. رامىزان ئېيىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. رامىزان ئېيى ھەر يىل ئون كۈن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇ يىلقى رامىزان 1 ـ مارتتا كەلگەن بولسا، كىلەر يىلى 20 ـ دېكابىر، ئۇندىن كېيىنكى يىل 10 ـ دېكابىرغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش داۋاملىشىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ھىجرىيە كالېندارىنى رەسمىي ئىشلىتىشكە باشلىغان. ھىجرىيە كالېندارى بىلەن بىرگە باشقا كالېندارلارمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ كالېندارلار قەدىمقى ئىران كالېندارى، 12 ھايۋانلىق (مۆچەل) تۈرك كالېندارى، رۇمى يىلى كالېندارى ۋە جۇلىئەن كالېندارىدىن ئىبارەت.

**قەدىمقى ئىران كالېندارى:** بۇ كالېندار قۇياش يىلى سىستېمىسىغا ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن. بۇ كالېنداردا بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ. ھەر ئاي 30 كۈن دەپ بېكىتىلىپ، بۇ ئايلارنىڭ توپلامىغا بەش كۈن قوشۇلۇپ بىر يىل 365 كۈن قىلىنغان. سەلجۇقلار دەۋرىدە بۇ كالېندارغا قايتىدىن قاراپ چىقىلىپ، بەزى تۈزىتىشلەر قىلىنغان. بۇ كالېندارغا بۈيۈك سەلجۇق سۇلتانى جالالىددىن مەلىكشاھ (1072 ـ 1092) تەرىپىدىن

تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ كالېندار تارىختا جالالى ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئىلخانلى ھۆكۈمدارلىرىدىن غازاتخان (1295 ـ 1304)مۇ بۇ كالېندارغا تۈزۈتۈش كىرگۈزگەن.

**ئون ئىككى ھايۋانلىق (مۆچەل) تۈرك كالېندارى**: بۇ كالېندار تۈركلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، كېيىن جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. بۇ كالېندار ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرى ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىلمىي كالېندار بولۇپ، بۇ كالېنداردا بىر يىل 365 كۈن قىلىپ بېكىتىلىپ، 24 ئايغا بۆلىنىدۇ. يەنە بىرى خەلقنىڭ ئىشلىتىۋاتقان كالېندارى بولۇپ، بۇ كالېندار ئاي ۋە قوياش سىستېمىسىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن. بۇ كالېنداردا بىر يىل 12 ئايدىن تەركىب تاپقان. بۇ كالېندار 10 ـ ئەسىردە ئىسلامىيەتنى رەسمىي دىن دەپ ئېلان قىلغان قاراخانىلار تەرىپىدىن 12 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن.

**رۇمى يىلى كالېندارى**: بۇ كالېندار ئوسمانلى دۆلىتى 3 ـ سەلىم دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ھىجرىيە كالېندارىدا ئايلار پەسىللەرگە قاراپ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن باج يىغىش ۋە مائاش تارقىتىش قاتارلىق ئىشلاردا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مارت ئېيىنى مالى يىل بېشى قىلىپ بېكىتكەن. يەنە مالى يىلنى قوياش يىلىغا قاراپ ھېسابلاش قارار قىلىنغان. تۈركىيەدە رۇمى كالېندارى دەپ ئاتالغان رۇمى يىلىنى ئىشلىتىشنىڭ باشلانغۇچى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان.

**گرەگورىيان كالېندارى**: بۇ كالېندار كۈنىمىزدە مىلادى كالېندارى دەپ ئاتىلىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلمەكتە. بۇ كالېندارنى تۇنجى قېتىم مىسىرلىقلار ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن رىملىقلار ئىشلەتكەن. ئىمپېراتور جۇل سەزار تەرىپىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 46 ـ يىلى بەزى تۈزۈتۈشلەر قىلىنغان. مەسىلەن، بۇ تۈزۈتۈشنىڭ نەتىجىسىدە يېڭى يىل مىلادىدىن ئىلگىرىكى 45 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرىنچى يانۋاردا باشلانغان. 1582 ـ يىلىدا پوپ (پاپا) 8 ـ گرەگورىيان تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تۈزۈتۈلۈپ، خاتالىقى ئازلىتىلغان. بۇ سەۋەپتىن غەرب دۆلەتلىرى بۇ كالېندارنى رەسمىي كالېندار دەپ قوبۇل قىلغان. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بۇ كالېندارنىڭ توغرىلىقى ۋە غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1925 ـ يىلى 26 ـ نويابىردىن باشلاپ رەسمىي ئىشلىتىشكە باشلىغان.

مىلادى كالېندارىدا يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىشى بىر يىل دەپ بېكىتىلگەن. بۇ كالېنداردا بىر يىل 365 كۈن، 5 سائەت، 47مىنۇت، 48 سېكۇنتتۇر.

## 5. ئىسلام تارىخىنىڭ باشقا ئىلىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام تارىخچىسى ئۆز ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئەتراپلىق يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، سەنئەت تارىخى، ئىنسانشۇناسلىق، فىلولوگىيە، جۇغراپىيە، پۇل-مۇئامىلە قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ يەكۈن ۋە خۇلاسىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق. بۇ ئىلىم ساھەسى جەمئىيەتتىكى ھەرخىل تەبىقە، ئىرق ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇ ئىلىم ساھەسى تارىختا ئوخشاش كەلگۈسىنى ئەمەس، ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسلام تارىخىغا مۇھىم ھەسسە قوشىدۇ. باشقا بىر مىسال ئۈچۈن، فىلولوگىيەنى مىسال قىلالايمىز. بىر جەمئىيەتنىڭ تىلىنى بىلمەي، تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىنى تەتقىق قىلغان ئىسلام تارىخچىسى بۇ دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىل ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ.

بەزى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئىسلام تارىخىغا پايدىسى بولغىنىدەك، ئىسلام تارىخىنىڭمۇ بۇ پەنلەرگە پايدىسى بولغان. ئىسلام تارىخىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك توغرا مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن توغرا يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت. ئىسلام تارىخى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىلاھىياتقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ئۈچۈن ئاساس تەييارلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى ئۆتمۈشتىكى مۇسۇلمان جەمئىيەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، پەقەت ئىسلام تارىخى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىلا ئاساس قىلىدۇ. مەزھەپلەر تارىخى مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا رول ئوينىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىسلام تارىخى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا موھتاج بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش، تەپسىرشۇناسلىقمۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىشتە سىيرەت ۋە مەغازى كىتابلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

# 2 ـ باپ. ئىسلامىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرى

## 1. ئىسلام بارلىققا كەلگەن دەۋر

**جۇغراپىيى ئەھۋالى:** ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋرۇپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ كېسىشكەن نوقتىسىغا جايلاشقان. شەرقتە پارس، ئومان قولتۇقى؛ جەنۇپتا ھىندى ئوكيان، غەربتە قىزىل دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە تىھامە تۆزلەڭلىكى، تىھامەنىڭ شەرق تەرىپىدە ھىجاز، ھىجازنىڭ شەرقى، يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا نەجىد ئېگىزلىكى بار. نەجىدنىڭ شەرقى جەنۇبى قىسمىدا يەمامە بار. ھىجاز ۋە يېرىم ئارالنىڭ غەربى جەنۇپ تەرىپىگە يەمەن جايلاشقان. يەمەننىڭ شەرقىدە ئومان، يېرىم ئارالنىڭ شىمالىدا نۇفۇد، جەنۇبىدا رۇبئۇل ھالى دەپ ئاتالغان چۆللەر بار. بۇ يەردە بۇ ئىككى چۆلنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار لىنتا شەكىللىك دەھنا چۆلى بار.

**سىياسىي ئەھۋالى:** ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەلۇم بىر سىياسىي تۈزۈمنىڭ يېرىم ئارالنى پۈتۈنلەي ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان مەركىزى ئىدارىنىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس. شىمالىي ئەرەبىستاندا جەنۇپتىن كۆچۈپ كەلگەن ئەرەبلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە ھەر ئىككىسى خرىستىئان بولغان گاسسانىلار (200 ـ 63 ـ يىللىرى ئارىسىدا) رىم ئىمپېراتورلىقىغا بويسۇنۇپ سۇرىيەدە ياشىغان. ھىرەلىكلەر 633 ـ 200 ـ يىللىرى ئارىسىدا ساسانىلارغا بېقىندى بولۇپ، ئىراقتا ھۆكۈم سۈرگەن.

يەمەندە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1400 ـ يىلى بىلەن 650 ـ يىللىرى ئارىسىدا مائىنلار، مائىنلاردىن كېيىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى (750 ـ 115) يىللار ئارىسىدا سەبەلىكلەر ھۆكۈم سۈرگەن. سەبەلىكلەر ھىمىيەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. ھىمىيەرلىكلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى (525 ـ 115) يىللىرى ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن. يەمەنگە 525 ـ يىلىدىن باشلاپ يېرىم ئەسىر ھەبەشلەر، كېيىن ساسانىلار ھاكىم بولغان. ئىسلام مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا، يەمەن ساسانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ھىمىيەر پادشاھلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىگە قەدەر رايون خاراكتېرلىك كىچىك ئەمىرلىكلەر سۈپىتىدە مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالغان.




ئىسلام مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر

ھىجاز، ئىسلام تارىخى ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مۇھىم رايونى. چۈنكى ئىسلام دىنى بۇ رايوننىڭ ئەڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەككىدە بارلىققا كېلىپ، مەدىنىدە تارقالغان. بۇ رايوننىڭ يەنە بىر مۇھىم شەھىرى تائىف.

**مەككە**: دىنىي بىر مەركەز. بۇ يەرگە جايلاشقان كەبە دىنىي مەركەزلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپ ساقلاپ كەلگەن. ھىجازنىڭ بولۇپمۇ مەككىنىڭ تىجارەت جەھەتتە ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بار. چۈنكى يەمەندىن باشلاپ ئەقەبە قولتۇقىغا تۇتىشىدىغان تىجارەت يولى مەككە، مەدىنىدىن ئۆتۈپ ئاق دېڭىز پورتىغا تۇتىشىدۇ. مەككىدە بەزى ۋاقىتلاردا يەرمەنكىلەر ئۆتكۈزۈلگەن.

مەككىنىڭ ئىسلام تارىخىدا ئالاھىدە ئورنى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى بار. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىمۇ بۇ يەردە بېرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 13يىلى مەككىدە ئۆتكەن. ئىسلامنىڭ ئاساسى شەرتلىرىدىن بىرى بولغان ھەج ئىبادىتىمۇ بۇ يەردە ئادا قىلىنىدۇ. ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئادا قىلىدىغان ئەراپات، مۇزدەلىفە، مىنا قاتارلىق يەرلەرمۇ مەككىگە جايلاشقان.

5 ـ ئەسىردىن باشلاپ مەككىگە قۇرەيش قەبىلىسى ھاكىم بولغان. مەككىدە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ھەجنى باشقۇرۇش قاتارلىق بەزى ۋەزىپىلەر بار ئىدى. بۇ

ۋەزىپىلەر **رىپادە:** مەككىلىكلەردىن پۇل يىغىپ ھاجىلارنىڭ يېمەك ئېھتىياجىنى قامداش. **سىكايە:** ھاجىلارنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش. **نەدۋە:** مەككە ۋە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مۇھىم ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىدىغان دارۇننەدۋەدىكى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان يېرى. **ھىجابە:** كەبىنىڭ يۇپۇقىنى تەييارلاش، رېمونت قىلىش ۋە ئاچقۇچىنى ساقلاش. **لىۋا:** قۇرەيشنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈش.

**يەسرىب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بۇ يەر مەدىنە دەپ ئاتالغان. يەسرىبدە قۇرايزە، نادىر ۋە قاينۇقا ئىسىملىك يەھۇدى قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ يەھۇدىلار ئەرەب قەبىلە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. يەمەندە مەرىپ سۇ ئامبىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن جەنۇپلۇق ئەرەبلەردىن ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىمۇ يەسرىبكە كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ قەبىلىلەر ئىلگىرى يەھۇدىلارغا بويسۇنۇپ ياشىغان. كېيىن يەھۇدىلارنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن.

**تائىف:** بۇ شەھەر مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا. بۇ يەردە سەقىپ قەبىلىسى ياشىغان. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق بولغاچقا، مەككىلىكلەر بۇ يەرگە داچا سالغان. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۇ يەردە يەر-زېمىن، ئۈزۈم باغلىرى بار. سەقىپ قەبىلىسى دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

### مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى

**نوپۇس تەركىۋى:** ئەرەبىستاننىڭ ئاھالىسى ئەرەبلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەرەبلەر تارىخىي جەھەتتىن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، قەدىمقى دەۋرلەردە ياشاپ كېيىن مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانلار. يەنى ئاد، سەمۇد، مەديەن ۋە ئامالىكا قەبىلىلىرىگە ئوخشاش. ئىككىنچىسى، نەسلى كېسىلمىگەن ئەرەبلەر. بۇلارغا «ئەرەبى باقىيە» دېيىلىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئەرەب مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى.

**قەبىلە ھاياتى:** ئەرەبلەردە «بەدەۋىي» ۋە «ھازارىي» دەپ ئاتالغان ئىككى خىل تۇرمۇش شەكلى مەۋجۇت. چۆللەردە سۇيى بار، مۇنبەت زېمىنلاردا تۆگىلىرى بىلەن چېدىرلاردا كۆچمەن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەرەبلەر «بەدەۋىي» دېيىلگەن. يېزا-بازار، شەھەرلەردە ئۆزگە تەۋە بولغان كېسەك، تاشتىن سېلىنغان ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەرەبلەر «ھازارىي» دېيىلگەن. بەدەۋىي ئەرەبلەر چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، تىجارەت ۋە بۇلاڭچىلىق قاتارلىق يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ھازارىي ئەرەبلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دېھقانچىلىق ۋە سودا-سېتىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان.

بەدەۋىي ۋە هازارىي ئەرەبلەردە ئىجتىمائىي قۇرۇلما قەبىلىدىن تەركىپ تاپىدۇ. قەبىلە بىر جەمەتتىن تەركىپ تاپىدىغان، شەخسلەرنىڭ قان، جەمەت يولى بىلەن باغلىنىدىغان بىر بىرلەشمىسىدۇر. قەبىلە باشلىقى سەييىد ياكى شەيخ دەپ ئاتىلىدۇ. قەبىلە باشلىقى ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولغان قەبىلە مەجلىسى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ. رەئىس ياكى باشلىق بولىدىغان شەخستە ئوتتۇرا ياش، مەرت، قەھرىمان، سەۋرچان، كەمتەر، ناتىقلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. رەئىسلىكتە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئادەت مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن سابىق رەئىسنىڭ بالىلىرىدا يۇقىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر بولسا رەئىسلىك يەنە ئۇ ئائىلىدە قالسا بولىدۇ. ئەرەبلەردە بىخەتەرلىكنى ساقلايدىغان كۈچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن قان داۋالىرى كۆپ بولغان. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، پىسخولوگىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئۇرۇش ـ جېدەل كۆپ بولغان. ئەرەبلەر زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەب ئايلىرىنى هارام ئايلار دەپ بىلەتتى. بۇ سەۋەپتىن بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلمىغان. ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالسا بۇنى فىجار دەپ ئاتىغان.

قەبىلىنىڭ ئەزالىرى ئەركىن (سەييىد، قۇل بولمىغان) مەۋالى ۋە قۇللاردىن تەركىپ تاپقان. هۆر كىشىلەر قەبىلىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى هېسابلىنىپ، ئورتاق بىر جەمەتكە ئىگە. قۇللار ۋە دېدەكلەر يەرمەنكىلەردە ئېلىپ ـ سېتىلىپ، مالغا ئوخشاش مىراس قىلىنغان. ئۇلار دېھقانچىلىق، تىجارەت ۋە باشقا ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن.

قەبىلىدە ئەڭ كىچىك ئەزا ئائىلە ئىدى. ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئۆيلەنگەن ئاياللارنىڭ هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىنمايتتى. ئۇلار مىراستىنمۇ نېسىۋە ئالالمايتتى. ئاجرىشىش كۆپتى. ئاجرىشىش هوقۇقى ئەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بالا قىلىۋېلىش ئادەت ئىدى، بالا قىلىۋېلىش ئادىتى ئۆيلىنىشكە تۇسالغۇ بولغان. بېقىۋېلىنغان بالا مىراسخور بولالىغان. كېلىشمەسلىكلەرنى ھەل قىلىشتا سېھىرگەر ياكى قازىلارغا مۇراجىئەت قىلىنغان. ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا سېھىرگەرلەرنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. ئاغرىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ تەۋسىيىلىرىگە قۇلاق سالاتتى. چۈش تەبىرلىرىنىمۇ ئۇلاردىن سورايتتى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا مىللىي بىرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قەبىلە ۋە كەنتلەر ئۆز ئادەتلىرىگە قاراپ بايرام، مۇراسىم قىلاتتى. ھەر قەبىلىنىڭ ئاز دېگەندە بىر بۇتى بولۇپ، ھەر بۇتنىڭ مۇقەددەس هېسابلىنىدىغان تەبرىكلەش كۈنلىرى بار ئىدى. بۇ كۈنلەردە بازار ۋە يەرمەنكىلەر قۇرۇلاتتى. دىنىي بايراملار ھەرخىل ئويۇن ـ تاماشالار بىلەن تەبرىكلىنەتتى. مەدىنىلىكلەر يىلدا ئىككى قېتىم بايرام ئۆتكۈزەتتى.

ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەقىدە ئەھۋالىنى ئىسلام بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى دەۋرلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «جاھىلىيەت» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردە بىلىمسىزلىك، شېرىك، بۇتپەرەسلىك، قەبىلەۋازلىق،

كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش، ئىنسانلارغا جەمەتچىلىك ئۈچۈن قاراپ مۇئامىلە قىلىش، باللارنى ئۆلتۈرۈش، قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈش، ھاراق ئىچىش ۋە قان داۋاسى قىلىش قاتارلىق قەبىھ ھەرىكەتلەر ئەۋجىگە چىققان ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قەبىھ قىلمىشلىرى تارىختا «ئەرەبلەرنىڭ ئەيىپلىرى» دەپ ئاتالغان. بولار تەكەببۇرلۇق، جاھىلىيەت مۇتەئەسسىپلىگى، بۇلاڭچىلىق، ھاراق ئىچىش، پاھىشۋازلىق، قىساسخورلۇق، ئوغرىلىق، قان تۆكۈش، يېتىم مېلىنى يەۋېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلار جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىسلامىيەت بولارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىگەن.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا قىسقا ھېكايىلار، ماقال-تەمسىللەر، ئۆتمۈشكە ئائىت داستان خارەكتېرلىق رىۋايەتلەر كۆپ ئىدى. شېئىر ۋە خىتابەت ناھايىتى تەرەققى قىلغان. ئىسلام بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ھىجازدا يېزىق بولسىمۇ، ئەمما كەڭ تارقالمىغان. مەككىدە ناھايىتى ئاز ئادەم ساۋاتلىق ئىدى. ئەسلىمە، ئەدەبىي ئەسەر قاتارلىق ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر ئەستە ساقلىنىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ئېغىزچە رىۋايەتلەر ئاساسى ئورۇننى ئىگەللىسە، يېزىپ خاتىرلەش قوشۇمچە ئورۇندا تۇراتتى. ئىسلامىيەتنىڭ كېلىشى بىلەن يېزىقچىلىق تەرەققى قىلىپ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى يۇقىرىلىغان.

### ئىقتىسادىي ھايات

ئەرەبىستاننىڭ ئىقتىسادى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، تىجارەتنى ئاساس قىلاتتى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق بەدەۋىيلەرنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك مەنبەسى ئىدى. دېھقانچىلىقمۇ تىرىكچىلىكتە مۇھىم رول ئويناتتى. يەمەندە ھۆل-يېغىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن زېمىن ناھايىتى مۇنبەتتى. بۇ يەرگە يامغۇر سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سۇ ئامبارلىرى سېلىنغان. بۇ يەردىكى قەبىلىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خورما، سەۋزە، بۇغداي، ئارپا ۋە كۆممىقۇناق يېتىشتۈرگەن.

بەزى شەھەرلەردە دېھقانچىلىقتىن باشقا كىچىك تىپتىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىمۇ مەۋجۇتتى. بۇلار: توقۇمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك ۋە زەرگەرلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئەرەبىستاننىڭ يەنە بىر كىرىم مەنبەسى تىجارەت ئىدى. يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر بۇرۇندىن باشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھىجازلىقلار يەمەن ۋە ھەبەشىستاندىن ئالغان ماللارنى سۈرىيە، مىسىر، ئىرانغا يۆتكەپ ساتاتتى. شىمال (سۈرىيە، مىسىر، ئىران)دىن ئالغان ماللارنى جەنۇپقا يوتكەپ ساتاتتى. دېھقانچىلىق قىلالمايدىغان مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىمۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

ئەرەبىستاننىڭ ھەممە يېرىدە يەرمەنكىلەر ئېچىلاتتى. بۇ يەرمەنكىلەر ئەرەبلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئەھمىيەتلىك بولغىنىدەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر بۇ يەردە ھەل قىلىناتتى. يەرمەنكىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى خەلقئارالىق سەۋىيەدە بولىشى ۋە ئەدەبىي قورۇلتاي ئورنى بولغان ئوكازدا ئۆتكۈزۈلىشى ئىدى. بۇ يەردە ئەدەبىي سۆھبەتلەر قىلىنىپ، شېئىرلار ئوقۇلاتتى. شېئىر مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئالاھىدە ياخشىلىرى كەبە تېمىغا ئېسىلاتتى.

**دىنىي ھايات**

ئىسلامىيەت بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەبىستاندا يەھۇدى دىنى، خرىستىئانلىق، بۇتپەرەسلىك، مەجۇسىلىك مەۋجۇت ئىدى. ئەرەبىستانغا تارقالغان ساماۋى دىنلاردىن بىرى يەھۇدى دىنى ئىدى. بۇ دىن پەلەستىندىن سۇرىيە بىلەن ھىجاز ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان يەھۇدىلار ئارقىلىق تارقالغان. يەھۇدى دىنى مەدىنە ۋە يەمەندىن باشقا يەرلەردە قارشى ئېلىنمىغان. مەۋجۇت يەھۇدىلار پەلەستىندىن كەلگەن. يەھۇدى دىنىي يەمەنگە ناھايىتى ئاز تارقالغان.

خرىستىئانلىق ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە بىر قانچە ئەرەب قەبىلىسىگە كەڭ تارقالغان. جەنۇپتا نەجران رايونىغا كىرگەن. خرىستىئانلىق ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.

ئىسلام بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەجۇسىلارمۇ بار ئىدى. ساسانى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ رەسمىي دىنى بولغان مەجۇسىلىك، ئەرەبلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنمىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇرۇۋاتقان مەجۇسىلارنىڭ كۆپ قىسمى بەھرەيىن، يەمەن ۋە ئوممانىدا ياشاۋاتقان ئىرانلىقلار ئىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سابىئىلارمۇ بار ئىدى. بۇلار قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇلارغا ئەھلى كىتاب مۇئامىلىسى قىلغان. سابىئىلار كائىناتنى ياراتقان كۈچلۈك بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. سابىئىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئۆزىگە خاس دۇئاسى، روزا ۋە قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشاش ئادەتلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ھارام، ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشنى گۇناھ دەيدىغان چەكلىمىلىرىمۇ بار ئىدى.

يەمەن، ھارران ۋە ئىراقنىڭ بەزى رايونلىرى يۇلتۇزغا چوقۇناتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئارىسىدا كۈنگە چوقۇنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. كۈنگە چوقۇنىدىغانلار قۇياشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇت جايلاشقان بۇتخانىدا كۈننىڭ چىقىشى، ئولتۇرىشى ۋە پېتىشىغا قاراپ كۈندە ئۈچ قېتىم دۇئا قىلاتتى.

ئىسلامىيەت بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەبلەر ئارىسىدا بۇتپەرەسلىك كەڭ تارقالغانىدى. شىمالدىكى ئەرەبلەر ئىلگىرى تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلاتتى. كەبە تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ سىمۋولى بولغانىدى. بۇتپەرەسلىك ئۇلارغا سىرتتىن كىرگەن ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇت، ھەيكەل ۋە تىكلەپ قويۇلغان تاشلارغا چوقۇناتتى. بۇتپەرەسلىكنىڭ تەسىرى بىلەن بۇتخانىغا ئوخشايدىغان ئىبادەتخانىلار سېلىنغان. ھەر بىر ئائىلە بىردىن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان.

كەبىدە 360 بۇت بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە مۇھىمى ھۇبەل بۇتى ئىدى. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىم (ھۇد سۈرىسى، 23 ـ ئايەت)دە يېرىم ئارالنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا مەۋجۇت بولغان بۇتلاردىن زىكىر قىلىندۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە يېرىم ئارالدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدىغان، بۇتپەرەسلىكنى ياقتۇرمايدىغان، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باتىل ئەقىدە، ئادەتلىرىگە قارشى چىقىدىغان بەزى ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بۇلار ھەنىف دەپ ئاتالغان. ھەنىفلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇتپەرەسلىككە قارشى كۈرەش قىلغان.

## 2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسى ھاشىم ئوغۇللىرى جەمەتىگە مەنسۇپ ئىدى. دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئانىسى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ زوھرە ئوغۇللىرى جەمەتىگە مەنسۇپ ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى دادىسى ۋاپات بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېلدا مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىپ، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ھەلىمە ئىسىملىك سۈت ئانىغا بېرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۆت ياكى بەش ياشقىچە ھاۋازىن قەبىلىسىدە سۈت ئانىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان. ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ۋاپات بولغان. سەككىز ياشقىچە چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن.



ھىرا غارى كىرىش ئېغىزى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان چاغلىرىدا تاغىسىنىڭ تىجارىتىگە ياردەملىشىپ، بىرلىكتە ساياھەتكە چىققان. 20 يېشىدا قەبىلىسى

بىلەن بىرلىكتە قۇججار ئۇرۇقىغا قاتناشقان. كېيىن «ھىلپۇل قۇدۇل» (پەزىلەتلىكلەر) جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. 25 يېشىدا 40 ياشلىق خەدىچە بىلەن ئۆيلەنگەن. 35 يېشىدا كەبىنىڭ يېڭىدىن رېمونت قىلىنغان تېمىغا ھەجەرۇلئەسۋەد (قارا تاش)نى قويۇش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىم ۋە يوقسۇللۇقتا چوڭ بولغان. مەككىدە «ئەمىن» (ئىشەنچلىك)لىك سۈپىتى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيتتى. دۇرۇست ئىدى، يالغان سۆزلىمەيتتى. تۇققانلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىدى. يېتىملارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئاجىز، موھتاج كىشىلەرگە ياردەم قىلاتتى. مېھماننى ياخشى كۈتۈپ، ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا كەبىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان نۇر تېغىغا بارغان. بۇ يەردە كائىناتنى ۋە كائىناتنى ياراتقان ئاللاھنى تەپەككۇر قىلىپ ئىبادەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسى تاڭ ئېتىشقا يېقىن نۇر تېغىدىكى ئۆڭكۈردە ئىبادەت قىلىۋاتقاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇنجى ۋەھىينى ئېلىپ كەلگەن. بۇ تۇنجى ۋەھيي ئەلەق سۈرىسىنىڭ بەش ئايىتى ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ بۇ بەش ئايىتىنى يادلىۋالغان. بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھاياجانلىنىش بىلەن بىرلىكتە قورقۇپ كەتكەن. ۋەھيىنىڭ تەسىرى بىلەن تىزلىكتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئايالى ھەزرىتى خەدىچىگە سۆزلەپ بەرگەن. ھەزرىتى خەدىچە ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ قورقما! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق ـ تۇغقاننى ھىمايە قىلىسەن، توغرا سۆزلەيسەن، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىسەن، ئاچلارغا تائام بېرىسەن، مېھماننى ياخشى كۈتىسەن. ـ دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەندىشە ۋە قورقۇسى كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسە بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىزگە تەسەللى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى بىلىملىك ۋە تەجرىبىلىك تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋپەلنىڭ يېنىغا



نۇر تېغىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئېلىپ بارغان. ۋەرەقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- سېنىڭ كۆرگىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى جىبرىئىلدۇر. كاشكى، سەن تەبلىغ قىلغان ۋاقتىڭدا مەن ھاياتتا بولغان بولسامچۇ؟- دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەرەقەنىڭ سۆزلىرىدىن خاتىرجەم بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەنىڭ تەكرارلىنىشىنى، پەرىشتىنى قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان. بۇ ئارزۇ بىلەن ھىرا غارىغا بېرىپ تۇرغان. بۇ شەكىلدە ئۆتكەن ۋاقىت «فەترەتۇل ۋەھيى» دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نۇر تېغىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى قايتا كۆرگەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھاياجانلىنىپ، ئۆيىگە يۈگرەپ كېلىپ ئۈستىنى يۆگىۋالغان. ئەمما پەرىشتە ئۆيدە ئالدىدا كۆرۈنۈپ:

**«ئى يۆگىنىۋالغان رەسۇلۇم! ئورنۇڭدىن تۇر ۋە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇر! پەقەتلا رەببىڭنى بۈيۈك بىل، كىيىملىرىڭنى پاكىز تۇت، ناچار نەرسىلەرنى تەركەت.»** (مۇددەسسىر سۈرىسى، 1-5-ئايەت) دەپ خىتاپ قىلغان.

بۇ ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەنلىكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش لازىملىقىنى بىلدۈرگەن.

### ئىسلامغا چاقىرىش

يۇقىرىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىشقا باشلىغان. ئۈچ ياكى تۆت يىلغىچە ئىسلامنى مەخپىي رەۋىشتە تەبلىغ قىلغان. ئالدى بىلەن ئائىلىسى، دوستلىرى ۋە ئىشەنچلىك يېقىنلىرىنى ئىسلامغا چاقىرغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى تۇنجى قېتىم ئايالى ھەزرىتى خەدىچە قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىغا ئەگىشىپ، قىزلىرى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ گۈلسۈم قاتارلىقلار قوبۇل قىلغان. ھەزرىتى فاتىمە تېخى كىچىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان ئون ياكى 11 ياشلارغا كىرگەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسەمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

ئائىلە ئەزالىرىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سادىق دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرمۇ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىككىلەنمەستىن ئىمان ئېيتقان. ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سۆزى

ئۆتتىدىغان دوستلىرىنى ئىسلامغا چاقىرغان. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىشكە باشلىغان.

ئىسلام دىنى مەخپىي رەۋىشتە تەبلىغ قىلىنغان چاغلاردا مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدە ياكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغان. بۇ ۋاقىتلاردا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش ئىمكانى يوق ئىدى. مۇشرىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە تەبلىغ قىلالمىغان. قۇرئاننى مەخپى ئوقۇپ، ئىسلامنى ئاشكارا تەبلىغ قىلغان ۋاقىتدا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەرقەم ئىبنى ئەبىل ئەرقەمنىڭ ئۆيىنى تاللىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۆيدىكى پائالىيەتلىرى مەككە دەۋرىنى ۋە رىسالىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۆيدە مۇشرىكلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي، ھەج، ئۆمرە ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەنلەر بىلەن بىمالال كۆرۈشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۆيدە مۇسۇلمانلارغا قۇرئاندىن تەلىم بېرىپ، بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر!»** (شۇئەرا سۈرىسى، 214 ـ ئايەت) **«ساڭا ئەمر قىلىنغاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەردىن يۈز ئۆرۈ»** (ھىجرى سۈرىسى، 94 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئىسلامنى ئاشكارا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغان. ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاپ قۇرەيش قەبىلىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا قەبىلىلەرگە تەبلىغ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىياپەت تەييارلاپ يېقىن تۇققانلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆيىگە چاقىرىپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان. ئاخىرقى زىياپەتتە تۇغقانلىرىدىن ئاز بىر قىسمى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلامنى مەككىلىكلەرگە تەبلىغ قىلىشنى قارار قىلغان. ساپا ئېگىزلىكىگە چىقىپ، قۇرەيش قەبىلىسىنى يىغىپ ئۇلارغا خىتاپ قىلغان. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن مەككە سىرتىدىكى قەبىلىلەرگىمۇ تەبلىغ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن مەككىگە كەلگەن كىشىلەر ۋاستىسى بىلەن ئىسلام مەككىنىڭ سىرتىغىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەتتا ئەتراپىدىكى قەبىلىلەردىن ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ بەزى ئادەملەر مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تېخىمۇ كۆپ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەككە ئەتراپىدا ئېچىلغان يەرمەنكىلەرگە بېرىپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ كۆرۈشۈشتىن ئارزۇ قىلغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى بۇ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى سىياسىي جەھەتتىن

قۇرەيشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلغان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق خېيىم-خەتەرگە ئۇچراشتىن قەتئىي نەزەر سەۋرچانلىق بىلەن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

## مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىق كۆرستىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ قوللىغانلار بولغىنىدەك، ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارمۇ بولغان. مەسىلەن، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئىمان ئېيتمىسىمۇ ئەمما ھىمايە قىلغان. يەنە بىر تاغىسى ئەبۇ لەھەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقارغان. ئەبۇ لەھەپنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىمۇ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى ئىنكار قىلىپ، بۇتپەرەسلىكنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەشكە باشلىغان ۋاقىتتا، مۇشرىكلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى خەتەرلىك دەپ ئويلاپ مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى كۈچەيتكەن. دەۋەتنى توسۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان چارە-تەدبىرلىرىنى قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇرۇست ۋە ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، سارالڭ، سېھىرگەر، كاھىن، شائىر دەپ مەسخىرە قىلغان.

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىكى ھاقارەت قىلىش، ئۇرۇش، ئېمبارگو يۈرگۈزۈش، ھەتتا مۇسۇلمان بولغانلارنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. بولۇپمۇ قۇللار ۋە ھىمايىچىسى بولمىغان مۇسۇلمانلار ئەڭ قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىغان. مۇشرىكلار ئەركىن ۋە نوپۇزلۇق ئادەملەرگە بەك چېقىلالمىغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپلىگەن قۇل ۋە جارىيەلەرنى خوجايىنلىرىدىن سېتىۋېلىپ ھۆرلۈككە چىقارغان.

مۇشرىكلار مۇسۇلمان بولغان قۇل، دېدەكلەر بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىگىمۇ زۇلۇم قىلغان. مەككە مۇشرىكلىرى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھەرخىل يوللارنى سىناپ باققان. لېكىن بۇ تۇسالغۇلارغا قارىماي پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەن بەزى ھاجىلار مۇسۇلمان بولغان.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشتىن چەكلەش، ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان تاغىسىنى ھىمايىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەلىۋىنى ئېيتقان، لېكىن مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۇنىڭغا ماقام، مال-مۈلۈك ۋە

ئايال تەكلىپ قىلغان. پەيغەمبىرىمىز مەقسىدىنىڭ بۇلار ئەمەسلىكىنى، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىنغانلىقىنى تەكرارلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئەقىدە، ئىبادەت، خۇراپاتلىرىغا قارشى چىقىپ، ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرغانلىقى ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. مۇشرىكلار ئاتىلىرىدىن مىراس قالغان ئېتىقاد ۋە ئادەتلىرىنى تەركېتىشنى خالىمىغان.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇتپەرەسلىكنىڭ يوقۇلىشى بىلەن ئەرەب قەبىلىلىرى ئۈستىدىكى دىنىي ئىمتىياز ۋە تىجارەت كىرىمىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن.

مەككە مۇشرىكلىرى قۇللارنىڭ خوجايىنىنىڭ دىنىدىن باشقا دىنلارغا كىرىشىنى قوبۇل قىلالمىغان. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى خوجايىنلىرىغا قارشى ئىسيان قىلغانلىق دەپ بىلگەن. قۇل ئىگىلىرى، قۇل بىلەن قۇلدارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويىدىغان بىر دىنغا كىرىشنى خالىماسلىق بىلەن بىرلىكتە بۇ دىنغا قارشى چىققان.

### ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بولغان ئۆزگىرىشلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ قاتمۇ-قات زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارغا بىر چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشنى بۇيرىغان. چۈنكى بۇ دۆلەتتە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل بىر ھۆكۈمدارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىنىڭ 615) رەجەپ ئېيىدا تۆت ئايال، 11 ئەردىن تەركىب تاپقان 15 كىشىلىك بىر ھەيئەت ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيوغلى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئايالى رۇقىيەمۇ بار ئىدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دۈشمەنلىكى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا قەھرىمانلىق بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئىككى شەخس پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزە ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مۇسۇلمان بولغان. بۇ ۋەقە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىنىشىگە پايدىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنى چوڭقۇر قايغۇغا سالغان. لېكىن مۇشرىكلار زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقلىرىنى توختاتمىغان.

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمىنىڭ ئېغىرلىشىشى بىلەن ھەبەشىستانغا قىلىنغان ھىجرەتتىن بىر يىل كېيىن جەپەر ئىبنى ئەبۇتالىپ رەھبەرلىكىدە 82 ئەر ۋە 18 ئايالدىن تەركىب تاپقان بىرگۇرۇپ ساھابە يەنە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. مۇشرىكلار ھەبەشىستان پادىشاھىغا مۇسۇلمانلارنى مەملىكىتىدىن چىقىرۋېتىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى توغرا كۆرمەي رەت قىلغان.

مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، كۈچلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا هاشىم ۋە مۇتتەلىپ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ ئىككى قەبىلىنى دۈشمەن ئېلان قىلغان. ئەبۇ تالىپ جىيەنى ۋە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئەبۇ تالىپ مەھەللىسىگە ئەكىلىۋالغان. بۇنىڭغا قارىتا مۇشرىكلار بۇ ئىككى قەبىلە ئەزالىرى بىلەن توي ـ تۆكۈن، سودا ـ سېتىق ۋە ھەر قانداق بىر مۇناسىۋەت قىلماسلىق ھەققىدە كېلىشىم تۈزگەن. بۇ كېلىشىمنى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپشۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر بۇ كېلىشىمنى بىكار قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئەبۇ لەھەب ۋە ئوغۇللىرىدىن باشقا ھاشىم، مۇتتەلىپ جەمەتلىرى ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغانلىرى دىنىغا، ئىمان ئېيتمىغانلىرى قەبىلىسىگە باغلىلىقى سەۋەبىدىن ئەبۇ تالىپ مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەن. مۇسۇلمانلار ئۈچ يىل (616 ـ 619) بويىچە ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئېمبارگو ئاستىدا ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىپ قاتارلىقلار پۈتۈن ماللىرىنى خەجلەپ تۈگەتكەن. ئاخىرىدا ھاشىم ئوغۇللىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بەزى ئىنساپلىق كىشىلەر ئەبۇ تالىپ مەھەللىسىدىكى مۇھاسىرىدە قالغانلارنى سىرتقا چىقارغان.

ئېمبارگو ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىككى چوڭ مۇسىبەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن ئايالى ھەزرىتى خەدىچە كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بولغان. ئەبۇ تالىپ ۋە ھەزرىتى خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى كۈچەيتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە تەبلىغ قىلىپ بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۆزىگە قۇرەيش سىرتىدا ھىمايىچى تېپىش يوللىرىنى ئىزدىگەن. بۇ مەقسەتتە زەيد ئىبنى ھارىسەنى يېنىغا ئېلىپ تائىفقا بارغان. تائىفتا شەھەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلمىغان. ئەكسىچە سەبى باللارنى تائىفتىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىزگە تاش ئاتقۇزغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇتىم ئىبنى ئادىينىڭ ھىمايىسىدە مەككىگە كىرگەن. ئۈچ يىل سۈرگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئېمبارگو، تاغىسى ۋە ئايالىنىڭ ۋاپاتى، تائىفتىن ئۈمىتسىز قايتىپ كېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق غەم ـ قايغۇغا سالغان.

## ئەقەبە بەيئىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت ئادەتلىرى بويىچە ھەج قىلىش ۋە يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. پەيغەمبەرلىكنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 620) ھەج مەۋسۇمىدا خەزرەج قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئالتە ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغان. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئالتە ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەرنى مەدىنىگە بارغىچە سۆزلىشىپ ماڭغان.

بىر يىلدىن كېيىن رىسالەتنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 621) ئەقەبەدە بەيئەت قىلغان ئالتە ئادەم بىلەن بىللە ئون خەزرەجلىك، ئىككى ئەۋسلىك جەمى 12 ئادەم ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، بۆھتان قىلماسلىق ۋە بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماسلىق» ھەققىدە ۋەدە بېرىپ بەيئەت قىلغان. «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىكلەرنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن يەسرىب خەلقىگە قۇرئان ئۆگىتىش ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم يەسرىبلىك مۇسۇلمان بولغان.

رىسالەتنىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 622) ھەج مەۋسۇمىدا ئىككى ئايال، 75 ئەردىن تەركىب تاپقان مەدىنىلىك بىر ھەيئەت مەككىگە كەلگەن. بۇ ھەيئەتنىڭ مەقسىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى يەسرىبكە چاقىرىش ئىدى. ھەيئەت مەككىگە كەلگەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەخپىي خەۋەر قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن. ئالدىدا ئابباس سۆز قىلىپ: «جىيەنىمنىڭ قەبىلىسى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغانلىقى، لېكىن مەدىنىلىكلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى» ئېيتقان. ئابباستىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز ئېلىپ:

«ئەگەر ھىجرەت قىلسا ئۆزىنى، مال ۋە جانلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشى، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا



ئەقەبە بەيئىتى قىلىنغان يەر

ياردەم قىلىشى، ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىپ، يامانلىقنى چەكلىشى لازىملىقى» قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە ۋەدە ئالغان. «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغان. ساھابىلار توپ ـ توپ بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. بۇ ئاخىرقى بەيئەتتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

## 3. ئىسلامىيەتنىڭ مەدىنە دەۋرى

### 1.3. مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى

مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن، ئۇ يەرگە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى، ئىسلامنىڭ مەدىنىدە كۈچلىنىشى مەككە مۇشرىكلىرى ئۈچۈن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خەتەرلىك ئىدى.

بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى توپلىنىپ مۇزاكىرە قىلغان. مۇزاكىرىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر قەبىلىدىن بىردىن ئادەم تاللاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىرلىكتە ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇنداق بولغان ۋاقىتتا ھاشىم جەمەتى ھەممە قەبىلىلەرگە قارشى قان داۋاسى تەلەپ قىلالمايتتى. بۇ تەكلىپ كۆپچىلىكنىڭ قوشۇلىشى بىلەن قوبۇل قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھىجرەت قىلىشقا قارار قىلغان. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پىلان تۈزگەن. بۇ پىلانغا ئاساسەن سەۋرى غارىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن يۇشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان بولغان. بىر يول باشلىغۇچى ئىجارە ئالغان. يول باشلىغۇچىغا تۆگىلەرنى بېرىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سەۋرى غارىنىڭ ئاستىدا كۆرۈشۈشنى تاپىلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىدىكى ئامانەتلەرنى ھەزرىتى ئەلىگە تاپشۇرۇپ،



سەۋر تېغىدىن بىر كۆرۈنۈش


جۈمە مەسجىدى

ئۇلارنى ئامانەت ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ كەينىدىن كېلىشنى بۇيرىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن كېچىدە مەككىدىن يولغا چىقىپ سەۋرى غارىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۈچ كۈن يۇشۇرۇنۇپ تۇرغان. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققان. رەبىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى، مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى 24 ـ سىنتەبىردە مەدىنە يېقىنىدىكى قۇبا يېزىسىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جۈمە كۈنى قۇبادىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققان. رانۇنا دېگەن يەرگە كەلگەندە تۇنجى جۈمە نامىزىغا ئىمام بولغان. كېيىن يەنە يولنى داۋاملاشتۇرغان. نەججار ئوغۇللىرىنىڭ يۇرتىدا ئارام ئالغان. ئۆيى بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغان ئەبۇ ئەييۇپ ئەل ئەنسارى (خالىد ئىبنى زىياد) پەيغەمبىرىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن سېلىنىشى قارار قىلىنغان مەسجىد پۈتكەنگە قەدەر يەتتە ئاي ئۆيىدە مېھمان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى بىلەن ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرى ئاخىرلىشىپ مەدىنە دەۋرى باشلانغان.

مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلىش بىلەن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم ئىبادەت قىلالايدىغان بولغان. بۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلامىيەت مەدىنىدە تېز سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلىغان.

### مەدىنىدە قىلىنغان ئىشلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇنجى ئىشنى مەسجىد بىنا قىلىش بىلەن باشلىغان. بۇ مەسجىد مەسجىدى نەبەۋى (پەيغەمبەر مەسجىدى) دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى نەبەۋىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ھوجرىلاردا قالغان. مەدىنىدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا مەسجىد مۇھىم رول ئوينايتتى. بۇ ماكان ھەر نەرسىدىن ئەۋۋەل بىر ئىبادەت يېرى ئىدى. مۇسۇلمانلار مەسجىدكە يىغىلىپ، جۈمە ۋە بەش ۋاقىت نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇيتتى. نامازدىن كېيىن ساھابە ـ كىرام پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا توپلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلاتتى.

مەسجىدى نەبەۋىدە ھەربىي ئىشلارمۇ مۇزاكىرە قىلىنغان. سىرتتىن كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەرگە قارشى قانداق تەدبىر ئېلىش قارار قىلىنغان. مەسجىدى نەبەۋىدە يەنە ئەلچىلەر قوبۇل قىلىنىپ كۆرۈشۈلگەن.

مەسجىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مەھكىمە ۋە ئوچۇق سوت مەيدانى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياردەملەرنى مەسجىدتە قوبۇل قىلغان. ھەر تەرەپتىن يىغىلغان باجلار مەسجىدتە توپلىنىپ، ئېھتىياجلىق يەرلەرگە تارقىتىلىپ بېرىلگەن.

ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ مەدىنىگە كۆپلىگەن مەسجىدلەر سېلىنغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەبىلە ئىسمى، بەزىلىرى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن ئاتالغان. يۈز بەرگەن بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن نام قويۇلغان مەسجىدلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئىككى قىبلىلىك مەسجىد (مەسجىدىل قىبلەتەين) گە ئوخشاش. مەدىنىدىن باشقا تائىف، يەمامە قاتارلىق يەرلەردىمۇ مەسجىدلەر بىنا قىلىنغان.

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ يېنىدا يوقسۇل، يېتىم ۋە ئىلىمگە ھەۋەسكار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈستى خورما يوپۇرماقلىرى بىلەن يېپىلغان «سۇففە» دەپ ئاتالغان بىر سايىۋەنلىك تەييارلانغان. بۇ يەردە قالغانلار: «سۇففە ئەھلى، ئەسھابى سۇففە» دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە قالغان ساھابىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا ئىلىم ئۆگەتكەن. «سۇففە»دە ساۋادىنى چىقىرىدىغان ۋە قۇرئان ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە سىرتىغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن شەخس ياكى ھەيئەت ئەۋەتىش توغرا كەلگەندە، بۇ شەخسلەرنى «سۇففە ئەسھابى» ئارىسىدىن تاللىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام قۇشۇنىغا قاتناشقان ۋە دىپلوماتىك خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىنغانلارمۇ بار ئىدى.

مەدىنىدە جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئەھمىيەتلىك بولغان يەنە بىر ئىش ئەنسار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ھەر قانداق مىللەت، ئىرق، قەبىلىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئوخشاش كۆرۈپ قېرىنداش ھېسابلىغان. ئۇ ئىنسانلارغا بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى تەبلىغ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئېتىقاد ئەتراپىدا توپلانغانلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماس قىلغان. بۇ باراۋەرلىكتە ھەبەشىستانلىق بىر قۇل بىلەن قۇرەيشلىك بىر ئاقسۆڭەك ئوتتۇرىسىدا قىلچىلىك پەرق بولمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش دەپ جاكارلىغان. مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار، بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەر ـ چەس باغلىنىپ قېرىنداشلىق روھى ئورناتقان. مەدىنىدىكى ئەۋس ۋە خەزرەج

قەبىلىلىرى ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۆزئارا ئۇرۇشقان، ئوتتۇرىدا قاتتىق دۈشمەنلىك بار ئىدى. بۇلار مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن «ئەنسار» ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنى قېرىنداش دەپ جاكارلىشىدىكى مەقسىدى، مەككىدە مال-مۈلكى، ئائىلىسى، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ماكانلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان مۇھاجىرلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىپ ئازراق بولسىمۇ دەردىگە دەرمان بولۇش ئىدى. بۇ ئارقىلىق مۇھاجىر، ئەنسارلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىرلىكتە ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى ئويلايتتى. بۇنداق قىلغاندا، مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىگە ماسلىشىشىنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ھىجرەتتىن كېيىن غەيرى مۇسلىم ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي بىر قۇرۇلما تەشكىل قىلغان. بۇ قۇرۇلما شەھەر خەلقىنىڭ تىنچلىق، پاراۋانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرخىل دىن ۋە ھەر خىل مىللەتتىكى ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنە جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان يەھۇدىي ۋە باشقا تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن يىغىن ئاچقان. يىغىندا قاتناشقۇچىلار مەدىنە جەمئىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان.

بۇلار ھۆكۈمەت، ئەدلىيە سىستېمىلىرى، دىنىي ئېتىقاد، كىشىلىك ھوقۇق، خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى مەلۇم قائىدە-تۈزۈملەرگە ئاساسلاندۇرىدىغان بىر كېلىشىم تۈزگەن. بۇ ئومۇمىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مەدىنە ئاساسى قانۇنى، مەدىنە ھۆججىتى ياكى مەدىنە كېلىشىمى دەپ ئاتالغان.

بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ھىمايە ئاستىغا ئېلىشى چەكلەنگەن. مەدىنە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا بۇنىڭغا قارشى مۇسۇلمان-يەھۇدىي ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشى لازىملىقى، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا كېتىدىغان ئۇرۇش چىقىملىرىنى مۇسۇلمان ۋە يەھۇدىيلار بىرلىكتە بېرىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. ئەمما مەدىنە سىرتىدا قىلىنغان بىر ئۇرۇشتا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتى يوق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە سىرتىدىكى ئۇرۇشلىرىغا يەھۇدىيلارنىڭ قاتنىشىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىگە باغلىق قىلىنغان.

بۇ كېلىشىمدە مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي، قانۇنىي مەۋجۇتلۇقى باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلغان. مەدىنىدىكى مۇشرىك ئەرەب ۋە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەككىلىكلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، ئۇلارغا قارشى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ

غەيرى مۇسلىملارنىڭ ئېتىقاد، پىكىر ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ مال، جان بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. دىكتاتورلۇق، ئىستىبدات، زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋرلەردە، بۇنداق كېلىشىملەرنىڭ تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنىشى، ھەرخىل دىن ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ بىرلىكتە ياشىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەرەققىيات ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىم بويىچە ئىش قىلغان. لېكىن يەھۇدىيلار بەزى ۋاقىتلاردا بۇ كېلىشىملەرگە رىئايە قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ كېلىشىمنى بوزۇپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قىشقىرتىشى، ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست پىلانلىشى، ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىرىلىشىغا سەۋەپ بولغان. ئالدىدا بەنى قەينۇقا، كېيىن نادىر يەھۇدىيلىرى شەھەردىن چىقىرىلغان. خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىمۇ جازالاندۇرۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 1 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنى تىزىملىغان. بۇ نوپۇس تىزىملاشتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 1500 گە يەتكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ ۋاقىتتا ئەزان ئوقۇش يولغا قويۇلۇپ، جۈمە پەرز قىلىنغان. ئىلگىرى ھەممە نامازلار ئىككى رەكئەت ئوقۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ، بىر ئايدىن كېيىن مۇقىم ۋاقىتتا ئوقۇلغان چۈشلۈك (پىشىن)، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرى تۆت رەكئەتكە چىقىرىلغان. ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى شابان ئېيىدا رامىزان روزىسى پەرز قىلىنغان. ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ روزا ھېيتىدىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇتبە ئوقۇغان. شەۋۋال ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇغان. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنىدە قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇغان.

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى روزا ھېيتتىن كېيىن زاكات پەرز قىلىنغان.

## 3.2. سىياسىي ۋە ھەربىي تەرەققىياتلار

مەدىنە دەۋرىدىكى سىياسىي، ھەربىي تەرەققىياتلار يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە، مەدىنە دەۋرىدە دەلىل كەلتۈرۈپ قايىل قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرغان. قۇرئانى ـ كەرىم باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە تىنچلىقتا چىڭ تۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ.

تىنچلىقنى ياخشى كۆرۈش ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىدى تىنچلىق ئورنىتىش ئىدى. ئۇ ئىسلامنى قۇرال كۈچى بىلەن تارقاتمىغان.

ھىجرەتتىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلىنغان. ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق خۇلاسىلاشقا بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ جان، مال ۋە ئىپپەت-نومۇسنى قوغداشقا ئىمكان يارىتىش، مۇداپىئە ھەققى بېرىشنى مەقسەت قىلىش. ئۇھۇد ۋە خەندەك ئۇرۇشلىرى بۇ مەقسەتتە قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام چاقىرىقى، كىشىلىك ھوقۇق، ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

بەزى ئۇرۇشلار تۈزۈلگەن كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان سالغانلارنى جازالاش مەقسىتىدە قىلىنغان. يەھۇدى قەبىلىلىرى بىلەن قىلىنغان ئۇرۇش بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. تەبۇك ۋە مۇتە ئۇرۇشىغا ئوخشاش بەزى ئۇرۇشلار، ئۇ ۋاقىتتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان.

### تۇنجى سەرىييە ۋە غەزۋە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان بارلىق ئۇرۇشلار غەزۋە[1]، ئۇنىڭ بىۋاستە قاتناشماي بىر ساھابىسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتكەن ھەربى قوشۇنلار سەرىييە دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوماندانلىقىدا 27 قېتىم غەزۋە (ئۇرۇش) قىلىنغان. بۇ غەزۋەلەردىن پەقەتلا يەتتە قېتىمىسىدا قوراللىق ئۇرۇش بولغان. سەرىييەلەرنىڭ سانى غەزۋەلەرنىڭ سانىدىن كۆپ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇش ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ تەھدىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى قارار قىلغان. بۇ مەقسەتتە ستراتېگىيىلىك ئۇرۇنلارغا سەرىييە ۋە غەزۋەلەر سەپەرۋەر قىلغان. بەدىر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بۇ مەقسەتتە تۆت سەرىييە سەپەرۋەر قىلغان. بۇلاردىن باتنى ناھلە سەرىييەسىدىن باشقا سەرىيەلەردە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلمىغىنىدەك، ئۇرۇشمۇ يۈز بەرمىگەن. بۇلاردىن ئالدىنقى ئۈچ سەرىييەدىن بىرى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قوماندانلىقىدا قىلىنغان سىفۇلباھرى سەپىرى، ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنىڭ قوماندانلىقىدا قىلىنغان

---

1 غەزۋە: ئۇرۇش ۋە جەڭ دېگەنلىكتۇر.


رابىغ سەپىرى، سائاد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەھبەرلىكىدە قىلىنغان هاررار سەپىرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەبەرلىكىدە قىلىنغان باتنى ناھلە سەرىييەلىرىدۇر.

بۇ دەۋردە قىلىنغان غەزۋەلەر ئەبۋا، باۋۇت، بەدرۇل ئۇلا ۋە زۇل ئۇشەيرىدىن ئىبارەت. بۇ غەزۋەلەر ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى بەدىر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى قىلىنغان. بۇ يۈرۈش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە، مەككە ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراقلاشقان بەزى قەبىلىلەر بىلەن ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق، بىرى-بىرىگە قارشى ئۈچۈنچى بىر تەرەپكە ياردەم قىلماسلىق ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

**بەدىر ئۇرۇشى** (624): بەدىر ئۇرۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇش ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇرىيەگە ئەۋەتكەن كارۋاننى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشرىك قوشۇنى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. بەدىر مەدىنىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى مۇشرىكلار قوشۇنىغا تىنچ ۋە بىخەتەر قايتىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇرۇشماسلىقنى ئېيتقان. لېكىن مۇشرىكلار قوشۇنى بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرغان. ئۇرۇش دەسلەپتە مۇبارىزە (بىرمۇ-بىر ئېلىشىش) بىلەن باشلىغان. ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن باشلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەبۇ جەھىل قاتارلىق مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن 70 كە يېقىنى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 ئى ئەسىر قىلىنغان. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن تۆت كىشى شېھىد بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەر ئىچىدىن پەقەتلا ئىككى مۇشرىكنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. باشقا ئەسىرلەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ فىديە تۆلەش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن. بەزى ئەسىرلەرنى شەرتسىز، بەزىلىرىنى ئون مۇسۇلمانغا ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىش قارار قىلىنغان. مەدىنىگە قايتقاندا غەنىمەتلەر توپلىنىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.



بەدىر شېھىدلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدىكى ئۇرۇش تاكتىكىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشتا ئەسىر ۋە ياردارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى مەدىنىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم

ئارىلى ۋە يېرىم ئارال سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچلىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بەدىر ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى ئۇھۇد ئۇرۇشىغا سەۋەپ بولىشىدۇر.

مەككە مۇشرىكلىرى مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەم-قايغۇغا چۆكۈپ، مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بىرلىكتە قەسەم قىلىپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان.

بەدىر ئۇرۇشىدا يېڭىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلغان. ئەبۇ سۇفيان بەدىر ئۇرۇشىدىن ئىككى يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، 2000 كىشىلىك قۇراللىق بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ئاتلانغان. مەدىنىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي مەدىنە سىرتىدىكى مەھەللىلەرگە ھۇجۇم قىلغان. بىر خورما باغچىسىدا ئىشلەۋاتقان ئىككى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ ئېتىزلىقىغا ئوت قويۇپ بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەسكەر توپلاپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان سۇلەيم ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلانغان.

**ئۇھۇد ئۇرۇشى (625) ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ بولغان ئۆزگىرىشلەر**

بەدىر ئۇرۇشىدا يېڭىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇشرىكلار بۇ قېتىمقى سودىدىن تاپقان پايدىنى سەرپ قىلىپ، مەككە ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئەسكەر يىققان. بۇ ئەسكەرلەردىن 3000 كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نېمە قىلىش ھەققىدە ئەسھابىنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلغان. بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان ياشلار ۋە ھەزرىتى ھەمزىگە ئوخشاش قەھرىمانلارنىڭ مەيدان ئۇرۇشى قىلىش تەلەپلىرىگە ئاساسەن دۈشمەننى مەدىنە سىرتىدا كۈتۈش قارار قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ سۇفيان قوماندانلىقىدىكى مۇشرىكلار مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى ئۇھۇد تېغىنىڭ ئاستىغا كېلىپ قارارگاھ قۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 700 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مىلادىنىڭ 625-يىلى 25-يانۋاردا ئۇھۇدقا كېلىپ قارارگاھ قۇرغان. دۈشمەننىڭ ئارقا سەپتىن ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير قوماندانلىقىدا بىر گۇرۇپ ئوقچىنى ئۇھۇد تېغىنىڭ ئالدىدىكى ئەينەينى ئىگىزلىكىگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئوقچىلارغا ئىككىنچى بىر بۇيرۇق كەلمىگىچە ئورنىدىن ئايرىلماسلىقنى تاپىلىغان.

ئۇرۇش يەكمۇ-يەك ئېلىشىش بىلەن باشلانغان. ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن. لېكىن ئوقچىلارنىڭ يەرلىرىنى تەركېتىشى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بۇ ئىككىنچى باسقۇچتا، ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قالغان مۇسۇلمانلارغا پالاكەت بولغان. ئۈچۈنچى باسقۇچتا، مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلماقچى بولغان. بۇ ئاخىرقى باسقۇچتا

بەزى مۇسۇلمانلار بۇيۇك قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن 70 كىشى شېھىد قىلىنغان. مۇشرىكلاردىن 22 سى ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار ئۇچرىغان ئاخىرقى باسقۇچنى مەغلۇبىيەت دەپ قارىساق بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى يارىلىنىپ، بىر قىسمى شېھىد بولغان. ئەڭ مۇھىمى مۇشرىكلار قوشۇنى مۇسۇلمانلاردىن تۇتقۇن، ئەسىر ۋە غەنىمەت ئالالمىغان. ھەتتا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي مەككىنىڭ يولىغا داۋام قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ مەدىنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قۇرەيش قوشۇنىنى كۆزۈتۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن 500 كىشىلىك بىر قوشۇننى مەدىنىگە 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەمرائۇلئەسەد دېگەن يەرگە ئەۋەتىپ، بەش كۈن كۆزەتكۈچىلىك قىلدۇرغان. مۇشرىكلار قوشۇنى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كۆزۈتۈلگەنلىكىنى بىلىپ، مەدىنىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي مەككىگە قاراپ يول ئالغان.

ئۇھۇد ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، قىسقا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلغان بىرى مائۇنە پاجىئەسى يۈز بەرگەن. ئامىر ئىبنى ساسا قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئەبۇ بەررا (ئەمىر ئىبنى مالىك) مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەبىلىسىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ ئادەملەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ تەلەپكە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سۇففە ئەھلى»دىن قۇرئاننى ياخشى بىلىدىغان 70 ئوقۇتقۇچىنى ئەۋەتكەن. ھەيئەت بىرى مائۇنە دەپ ئاتىلىدىغان قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ قوناقلىغان ۋاقىتتا ئەبۇ بەررانىڭ جىيەنى ئامىر ئىبنى تۇفەيلىنىڭ سۇلەيم قەبىلىسى ئايمىقىدىن توپلانغان ئەسكەرلەر بۇ ھەيئەتكە ھۇجۇم قىلىپ ئىككى ئادەمدىن باشقا ھەممە ئادەمنى شېھىد قىلغان.

بۇ چاغدا يەنە رەجى ۋەقەسىمۇ يۈز بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قەبىلىدىن بىر ھەيئەت كېلىپ، قەبىلىسىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبىرىمىز ئەۋەتكەن بىر ھەيئەت رەجى دېگەن يەرگە كەلگەندە بىر گۇرۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇلار ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەن. مەككە مۇشرىكلىرى بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەن يېقىنلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى مۇسۇلماننى بىر مۇددەت زىندانغا تاشلىغاندىن كېيىن دارغا ئېسىپ شېھىد قىلغان.

**خەندەك ئۇرۇشى**(627): بۇ ئۇرۇش مەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن مەدىنە ئەتراپىدا قېزىلغان خەندەكلەردە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خەندەك ئۇرۇشى دېيىلگەن. بۇنداق

ئاتىلىش بىلەن بىرگە يەنە ھەرخىل كۆچلەر بىر يەرگە توپلۇنۇپ، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش «ئەھزاپ غەزۋەسى» دەپمۇ ئاتالغان. قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ئۇرۇشنى بايان قىلىدىغان ئەھزاب ئىسمىدا بىر سۈرە بار.

خەيبەرگە ئولتۇراقلاشقان يەھۇدى رەئىسلىرى مەككىگە كېلىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ سەقىف، كىنانە، غەتەفان، سۇلەيم، ئەسەد، فەزارە، مۇررە، ئەسچا قاتارلىق مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ 10.000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، سالمان فارىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن شەھەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچۇق يەرلىرىگە خەندەك قېزىپ مەدىنىنى مۇداپىئە قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا ئالتە مۇسۇلمان شېھىد بولغان. مۇشرىكلاردىن ئۈچ كىشى ئۆلگەن. قورشاۋ 23 كۈن داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا مۇشرىكلار تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان. بۇ ئۇرۇش مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ئاخىرقى پىلانىنىمۇ بىت-چىت قىلغان.

خەندەك ئۇرۇشى مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارشى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىش جۈرئىتىگە ئىگە بولالمىغان. خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىمقى قورشاۋدا مۇشرىكلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بەزى قەبىلىلەرگە سەرىييەلەر ئەۋەتكەن. رەجى ۋەقەسىدە ئىسلام ھەيئىتىگە سۇيىقەست قىلىپ بىر قىسمىنى شېھىد، بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىپ مەككە مۇشرىكلىرىغا ساتقان قەبىلىلەرگەمۇ سەرىييە تەرتىپلىگەن. مەدىنىلىكلەرگە ئائىت ھايۋانلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقچى بولغان قەبىلىلەرگىمۇ يۈرۈش قىلغان.

**ھۇدەيبىيە كېلىشىمى** (628): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ باشلىرىدا 1500 كىشىلىك ساھابە بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قاراپ يولغا چىققان. مۇسۇلمانلار سەپەر ئۈچۈن قىلىچ بىلەن قۇربانلىق تۆگىلەرنىلا ئېلىپ مېڭىپ، مەككە يېقىنىدىكى ھۇدەيبىيەگە كېلىپ قوناقلىغان. پەيغەمبىرىمىز مەككە مۇشرىكلىرىغا مەككىگە پەقەتلا ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەنلىكى، كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدىغانلىقى، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتتقان. ئاخىرىدا سۇھەيل ئىبنى ئەمىر رەھبەرلىكىدە بىر ھەيئەتنى سۈلھى قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتكەن. ئۆزئارا مۇزاكىرىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ھەيئىتى ئوتتۇرىسىدا ھۇدەيبىيەدە بىر كېلىشىم تۈزۈلگەن. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ كەبىنى بۇ يىل زىيارەت قىلماي، كېلەر يىلى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. ئەرەب قەبىلىلىرى ئىككى

تەرەپتىن بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە يول قويۇلغان. قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئىلتىجا قىلسا بۇ ئادەم مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما مەككىگە ئىلتىجا قىلغان بىر مۇسۇلمان قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. بۇ كېلىشىم ئون يىللىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مۇسۇلمانلار قۇرەيشكە، قۇرەيش مۇسۇلمانلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدىغانلىقى ئېيتىلغان.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىسلام تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قارىماققا بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن زىيانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. تىنچ ۋە خاتىرجەم شارائىتتا ئىسلامىيەت تېز تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا ھىجاز رايونىنىڭ ئىككى مۇھىم ئولتۇراق مەركىزى بولغان خەيبەر ۋە مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تىنچ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ قوشنا ئەللەرنىڭ دۆلەت رەئىسلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، مەكتۇپلار ئەۋەتكەن.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن قۇرەيشتىن باشقا مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرىگىمۇ سەرىييەلەر ئەۋەتكەن. ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىنىڭ 628) مۇشرىكلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن كەبە زىيارىتىنى بىر يىل كېيىن ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادىنىڭ 629 ـ يىلى) ئادا قىلغان. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاتاغلىق شەخسلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئامىر ئىبنى ئاس ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھا مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولغان.

**مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى** (630): مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەكىر قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى دۈشمەنلىك بار ئىدى. بەكىر قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپ ئادەم خۇزائە قەبىلىسىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قەبىلىدىن 23 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. بۇ تويۇقسىز ھۇجۇمغا قۇرەيش مۇشرىكلىرى ياردەملەشكەن. بۇ سۈيقەست ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا سەۋەپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، بەكىر قەبىلىسى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقنى بىكار قىلىشنى ياكى ئۆلتۈرۈلگەن خۇزائە قەبىلىسىنىڭ خۇن ھەققىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلغان. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەبۇ سۇفياننى كېلىشىمنى يېڭىلاش ئۈچۈن مەدىنىگە ئەۋەتكەن. لېكىن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىر ئىشقا يارىمىغان.

ئەبۇ سۇفيان مەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھە قىلىشقا قارار قىلغان. مەخپىي تەييارلىق قىلىپ، مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى رامىزاننىڭ ئونىنچى كۈنى 1 ـ يانۋاردا مۇھاجىر، ئەنسار ۋە ئەتراپىدىن كەلگەن قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدىن يولغا چىققان. 10.000 كىشىلىك قوشۇن مەككە يېقىنىغا كېلىپ

قوناقلىغان. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كېچە ۋاقتىدا ئەسكەر سانى بىلەن تەڭ مەشئەل يېقىشنى بۇيرىغان. مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن ئەھۋال ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەككىنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ چارلاش قىسىملىرى تەرىپىدىن تۇتىۋېلىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنگەن. ئەبۇ سۇفيان چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى تۆت تەرەپتىن مەككىگە كىرگەن. پەيغەمبىرىمىز مەجبۇر قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا قان تۆكمەسلىكنى بۇيرىغان. خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى جەنۇپ تەرەپتىن شەھەرگە كىرگەن قوشۇندىن باشقا قىسىملار مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالغان، قورال كۆتۈرمىگەن، مەسجىدى ھەرەم ۋە ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرگەنلەرگە ئامانلىق بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، مەككىدە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلغان.

كەبە ۋە ئەتراپىدىكى بۇتلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن چېقىپ تاشلانغان. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى بۇتلارنىڭ چېقىپ تاشلىنىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ھەر قانداق ئادەمنىڭ مال-مۈلكى ۋە يەر-زېمىنىغا چېقىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە بىرمۇ ئەسكەر قالدۇرماي، شەھەرنى باشقۇرۇپ تۇرۇشنى ئىسلامنى يېڭى قوبۇل قىلغان بىر مەككىلىككە تاپشۇرۇپ ھۇنەينگە قاراپ يولغا چىققان.

**ھۇنەين، ئەۋتاس ئۇرۇشى ۋە تائىفنىڭ مۇھاسىرە قىلىنىشى (630)**: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى فەتھى قىلىشى بىلەن تائىف ئەتراپىدا ياشايدىغان ھەۋازىن قەبىلىسى سەقىپ قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلانغان. ھەۋازىن قوشۇنىنىڭ قوماندانى مالىك ئىبنى ئەۋا ئەسكەرلەرگە ئىلھام بېرىش، قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەبىلىسىنىڭ ئايال-بالىلىرى ۋە ھايۋانلىرىنى جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12.000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ھۇنەينگە قاراپ يولغا چىققان. ھەۋازىن قوشۇنى بۇ ۋادىدا مۇھىم يەرلەرنى بۇرۇن ئىگەللىۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى دۈشمەننىڭ قاتتىق ھۇجۇمى ئاستىدا دەسلەپتە چېچىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر قالغان. بۇ ئەھۋال قوشۇننىڭ روھى كەيپىياتىغا يامان تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار ھەۋازىن ئوقچىلىرى قارشىسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن. لېكىن قايتىدىن توپلىنىپ دۈشمەننى تارقاتقان. ھەۋازىن ئەسكەرلىرى ئايال ۋە بالىلىرىنى جەڭ مەيدانىدا تاشلاپ قويۇپ قاچقان. ھۇنەين ئۇرۇشىدا مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. مۇسۇلمانلاردىن تۆت ئادەم شېھىد بولغان.

ئەسكەرلەرنىڭ چېچىلىپ كېتىشى بىلەن ھاۋازىن قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى تائىفقا قاراپ ماڭسا، بىر قىسمى مۇسۇلمانلار بىلەن قايتىدىن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەۋتاس رايونىغا توپلانغان. ھۇنەين ئۇرۇشىدا كۆپ مىقداردا ئەسىر ۋە غەنىمەت قولغا چۈشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم قوشۇننى ئەۋتاسقا ئەۋەتىپ، ئۆزى تائىفقا قاراپ يولغا چىققان. مۇسۇلمانلار ئەۋتاستا ھاۋازىن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپى سېپىللار بىلەن قاپلانغان تائىفنى قورشاۋغا ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاسىرىدىن بىر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ قورشاۋنى بىكار قىلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققان.

**مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە ئاخىرقى باسقۇچ** (631): مەككىنىڭ فەتھى، قۇرەيش، ھاۋازىن ۋە سەقىپ قەبىلىسىگە ئوخشاش ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن بۇتقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ سانى ئازايغان. بۇ ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىر قىسىم مۇشرىكلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرلىكتە ئۆمرە ۋە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلالايتتى. چۈنكى كەبىنى زىيارەتكە كەلگەنلەرگە توسقۇنلۇق بولمايدىغانلىقى ۋە ھارام ئايلاردا ھەرقانداق ئادەمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇشرىكلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك سەپىرىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ھەج ئەمىرى تەيىنلەپ مەككىگە ئەۋەتكەن. چۈنكى بۇ يىل ھەج پەرز قىلىنغان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئەلى ھەجنى ئادا قىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن.

## ئەھلى كىتاب بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

ھىجرەت يىللىرىدا مەدىنە خەلقىنىڭ يېرىمى يەھۇدىلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلغان. مەدىنە كېلىشىمىدە ئۇلارنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قوبۇل قىلغان. ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ بەزى يەھۇدىلار مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىمنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. لېكىن يەھۇدىلار كېلىشىمگە خىلاپ ئىشلارنى كۆپ قىلغان.

مەدىنە كېلىشىمىنى بىرىنچى قېتىم بەنى قەينۇقا يەھۇدى قەبىلىسى بۇزغان. ئۇلار بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى قۇرەيشنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى بىلمەسلىكىگە ئارتقان. ئۆزلىرىنىڭ ماھىر ئۇرۇشچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارنى تەھدىت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 624-يىلى بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە قورال-ياراقلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشىگە

رۇخسەت قىلغان. بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرى سۇرىيەگە كېلىپ ئەزرىئات شەھرىگە ئورۇنلاشقان.

بەنى نادىر يەھۇدىلىرى مەدىنە كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن مىلادىنىڭ 625 ـ يىلى ماللىرى بىلەن مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغان. ئۇلار خەيبەر ۋە سۇرىيەگە كېلىپ ماكانلاشقان. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى خەندەك ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان. بۇ بىر ئۇرۇش جىنايىتى ئىدى. خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەھۇدى قەبىلىسىنى قورشاۋغا ئالغان. ئاخىرىدا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى سابىق ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەۋس قەبىلىسىدىن ساد ئىبنى مۇئازنى ئۆزلىرى ھەققىدە ھۆكۈم بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇنىڭ بەرگەن ھۆكمىگە ئاساسەن ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللىرى ئەسىر قىلىنىپ، ماللىرى غەنىمەت ئېلىنغان.

مەدىنە شەھەر دۆلىتى ئۈچۈن تەھدىت بولغان خەيبەر قەلئەسى مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى فەتىھ قىلىنغان. يەھۇدىلارنىڭ ماللىرى غەنىمەت ئېلىنغان. ئەمما يەر ـ زېمىنى ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىسلام دۆلىتىگە باج شەكلىدە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن يەر ـ زېمىن ئۇلارغا قالغان. ئىسلام بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەبىستانغا قوشنا بولغان خىرىستىئان دۆلەتلەردىن ھەبەشىستان بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. لېكىن ۋىزانتىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى غەسسانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلىدىن باشلاپ يىرىكلەشكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەسرە ۋالىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋىزانتىيە ۋالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ بولغان بۇ ھەرىكەتكە جازا بېرىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 629 ـ يىلى لۇت كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان مۇتە دېگەن يەرگە ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە قوماندانلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتكەن. ۋىزانتىيە قوشۇنى ئالدىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئۈچ قوماندىنى كەينى ـ كەينىدىن شېھىد بولغان. ئاخىردا خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ماھىر قوماندانلىقى ئاستىدا كۆپ زىيان تارتماستىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن.

مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەسسانىلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تەبۇك سەپىرىگە ئاتلانغان. لېكىن تەبۇكقا يېتىپ بارغاندا مەدىنىگە كەلگەن خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئاشكارا بولغان. بۇ سەپەردە تەبۇكتا ياشايدىغان بەزى يەھۇدى ۋە خىرىستىئان قەبىلىلىرى جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن. خىرىستىئان دۆلەتلەردىن باشقا يەنە يەمەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نەجران دېگەن يەردىمۇ خىرىستىئان بىر قەبىلە بار ئىدى. بۇ خىرىستىئانلاردىن بىر ھەيئەت ھىجرىيىنىڭ

9 ـ يىلى مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز دىنىدا قېلىش ۋە يىللىق جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن بىر كېلىشىم تۈزگەن.

## 3.3. تەبلىغ پائالىيەتلىرى

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 23 يىل ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان. پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلىدا ئىسلامنى مەخپىي رەۋىشتە تەبلىغ قىلغان. بۇ باسقۇچتا ئىسلامنى ئالدى بىلەن ئائىلە ئەزالىرى، كېيىن دوستلىرىغا يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ تەبلىغىدە كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئەڭ مۇھىم نوقتىلاردىن بىرى تەبلىغقا باشلىغاندىن باشلاپ، ئىرق، قەبىلە، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، باي ـ كەمبەغەل، قۇل ـ خوجايىن دەپ ئايرىماي تەبلىغ قىلىشى ئىدى. ئىسلام تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ ھەرخىل تەبىقە كىشىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە دەۋرىدە «**ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر**» ۋە «**ئى مۇھەممەد! ئەمىر قىلىنغاننى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قوي، بۇتقا چوقۇنغۇچىلارغا قارىما**» دېگەن ئايەتلەرنىڭ نازىل بولىشى بىلەن ئىسلامنى ئاشكارا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغان. ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاپ پۈتكۈل قۇرەيش قەبىلىسى ۋە باشقا قەبىلىلەرگە تەبلىغ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا مەككىگە باشقا يەرلەردىن ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن كەلگەن قەبىلىلەردىنمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلار بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تىخىمۇ كۆپ يەرلەرگە تارقىتىش ئۈچۈن مەككە سىرتىدا ئېچىلغان يەرمەنكىلەرگە بارغان. ئۇ يەردە چېدىرلاردىكى ھاجىلارنى زىيارەت قىلىپ ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان. مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا تائىفتا ياشايدىغان سەقىپ قەبىلىسىگە بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخس ۋە كوللېكتىپقا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشى ھىجرەتكىچە داۋاملاشقان. پەيغەمبىرىمىز قانچىلىغان جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشىدىن قەتئىي نەزەر سەۋرچانلىق بىلەن ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە دەۋرىدە ھەر قايسى يەرلەرگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان ھەيئەتلەر ئەۋەتكەن.

ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ مەسىلىسىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەپ، قوشنا ئەللەرنىڭ دۆلەت ۋە قەبىلە رەئىسلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. بۇ خىل غەيرەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئىسلامنى يەتكۈزۈش ۋە تارقىتىش جەھەتتىكى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلەر ئىچىدىن بارماقچى بولغان دۆلەت ۋە رايۇنىنىڭ تىلى، ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى تاللىغان. ئەلچىلەردە قايىل قىلىش، گۈزەل

ئەخلاق، سەممىيەت، سۆزى گۈزەل، چۈشىنىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر تەلەپ قىلىنغان.

مەككىنىڭ فەتھىدىن بولۇپمۇ تەبۇك سەپىرىدىن كېيىن ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر مەدىنىگە ھەيئەت ئەۋەتىشكە باشلىغان. ھىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى كۆپ ھەيئەتلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يىل «ھەيئەتلەر يىلى» (سەنەتۇل ـ ۋۇپۇد) دەپ ئاتالغان. ھەيئەتلەرنىڭ كېلىشى ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان.

مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەيئەتلەر مەقسەت ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەلەپلەر مەنسۇپ بولغان قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارغا ۋاكالىتەن بەيئەت قىلىش، ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ قەبىلىسىگە قايتىش ياكى قەبىلىسىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان تەبلىغچى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆز دىنىدا قېلىپ ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۇرۇندىن باشلاپ ئادەتلىنىپ كەلگەن ئىسلامغا خىلاپ بولغان باتىل ئەقىدە، خۇراپات ۋە ئادەتلىرىنى تۈگىتىۋېتىشكە تىرىشقان. مەدىنىدىن ئايرىلغاندا ھەيئەتلەرگە بەرگەن تەلىماتىدا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، خاتىرجەملىكنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ھەيئەتلەرگە ئىسلامنىڭ ئاساسى مەزمۇنى، ھالال ۋە ھاراملارنى چۈشەندۈرگەن. ئىسلامنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى بەزى قەبىلىلەرگە تىرە پارچىلىرىغا يېزىپ بەرگەن. ئىنسانلارنى ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرغان. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىلە ۋەكىللىرىگە، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى، قولۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ھەرقانداق ئىنسانغا زۇلۇم قىلماسلىقنى، بۇتپەرەسلىكنى يوقۇتۇپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن ئايرىلغان ھەيئەتلەرگە ھەرخىل ھەدىيە ۋە پەرمانلار بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ھەيئەتلەر ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

### 3.4. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدا ئىسلامنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ قەبىلىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشى، غەزۋە ۋە سەرىييەلەر ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەت ساھەسىنى كېڭەيتكەن. بەدىر ئۇرۇشى بىلەن خەندەك ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئىسلامىيەتنىڭ

ھاكىمىيەت ساھەسىنى مەككە يېقىنلىرىغىچە كېڭەيتكەن. مۇسۇلمانلار ھىجازدا ئەڭ بۈيۈك ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇ جەرياندا يەھۇدىيلار مەدىنە سىرتىغا چىقىرىلغان. خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى بىلەن ھىجازنىڭ شەرقى، خەيبەرنىڭ فەتىھ قىلىنىشى بىلەن مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەن.

ھىجرەتنىڭ 8 ـ يىلى مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى بىلەن يېرىم ئارال خەلقى ئىسلامنى تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلغان. تەبۇك سەپىرى بىلەن ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى خرىستىئان ئەرەب ۋە يەھۇدىيلار ياشاۋاتقان يەرلەر مەدىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممە يېرىگە ھەربى قىسىم ئەۋەتمىگەن. ھىجرەتنىڭ 9 ـ 10 ـ يىلىدا مەدىنىگە يېرىم ئارالنىڭ ھەرقايسى رايۇنلىرىدىن ھەيئەتلەر كەلگەن. ھاكىمىيەت قۇرۇلمىغان رايۇنلار پەيغەمبىرىمىزنى ياكى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى، زاكات تاپشۇرۇشى، مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشى مەدىنە دۆلىتىگە باغلىلىقىنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار فەتىھ قىلغان يەرلەرگە ۋالى، ئوقۇتقۇچى ۋە مەمۇر تەيىنلىگەن.

# 3 ـ باپ. راشىد خەلىپىلەر دەۋرى

## 1. تۆت خەلىپىنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

### 1.1. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تەيم ئايمىقىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ئەبۇبەكرى تەخەللۇسى ۋە سىددىق ئۇنۋانى بىلەن مەشھۇر بولغان. پەيغەمبىرىمىزدىن ئىككى ياكى ئۈچ ياش كىچىك بولۇپ، ئىسلامدىن ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن دوست ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىجارەتچىلىرىگە ئوخشاش تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە مەككە شەھرىنى باشقۇرۇش، قان ـ قىساس مەسىلىسى ۋە زىيانلارنى تۆلىتىپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ھاراق ئىچمىگەن ۋە بۇتلارغا چوقۇنمىغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى تەڭ دېمەتلىك كىشىلەر ئىچىدە ئىسلامنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەر ئالغان. دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان مۇسۇلمانلارنى خوجايىنلىرىدىن سېتىۋېلىپ ئازادلىققا چىقىرىش بىلەن مەشھۇر بولغان. بىلال ھەبەشىدىن باشلاپ مۇشرىكلار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كۆپلىگەن مۇسۇلمان قۇللارنى سېتىۋېلىپ ئازادلىققا چىقارغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھىجرەت سەپىرىدە پەيغەمبىرىمىزگە سەپەرداش بولغان. ئىسلامنىڭ مەدىنە دەۋرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق ھەربى يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مىلادىنىڭ 631 ـ يىلى ھەج ئەمىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغان ۋاقىتىدا جامائەتكە ئىمام بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىككە سايلانغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىككى يىلدىن كۆپرەك بولغان خەلىپىلىك دەۋرىدە پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن ئۇسامە ئىبنى زەيد قوماندانلىقىدا سۈرىيەگە ئەۋەتىشكە تەييارلانغان، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى بىلەن يولغا چىقالمىغان قوشۇننى يولغا سالغان. دىندىن يېنىۋېلىش ۋەقەلىرىنى تىنجىتىپ، مۇسۇلمانلار ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. ئىران ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئەرەبىستانغا يېقىن

بولغان رايۇنلىرىنى فەتھ قىلىشقا يۈزلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەرخىل نەرسىلەرگە يېزىلغان قۇرئانى-كەرىم ئايەتلىرىنى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەسئۇل قىلىپ مۇسھاپ شەكلىگە كەلتۈرگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھىجرىيىنىڭ 13-يىلى مىلادىيىنىڭ 634-يىلى ۋاپات بولغان.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى جەسۇر، كەمتەر، يۇمشاق تەبىئەتلىك، مەرھەمەتلىك بىر ئىنسان ئىدى. توغرا دەپ قوبۇل قىلغان پىكىرلەرنى ئىككىلەنمەستىن ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇ ئالاھىدىلىگى بىلەن پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ئاسان ھەل قىلغان. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋالىيلىرىنى كونترول قىلىپ، خەلقنىڭ شىكايەتلىرىنى تىڭشىغان. بىر ناھەقسىزلىق كۆرسە ئۇنى يۇقۇتۇشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەقسىز بولغان ئادەم نوپۇزلۇق ۋە باي ئادەم بولسىمۇ ئاجىز، كۈچسىز ھېسابلىنىپ، ھەقلىق ئادەم كۈچلۈك ھېسابلىناتتى. خەلىپىلىگى دەۋرىدە پەقەت ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا يېتىدىغان خىراجەت ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن.

## 1.2. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئۆمەر قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئادى ئايمىقىغا مەنسۇپتۇر. ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلامدىن ئىلگىرى قۇرەيش قەبىلىسىنى ئەجنەبىلەر ئالدىدا تەمسىل قىلغان. يەنى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ساۋاتلىق بولۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. دەسلەپتە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغان. كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەبۇۋۋەتىنىڭ 6-يىلىدا دارۇل ئەرقامدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەبەشىستان ھىجرىتىگە قاتناشمىغان. ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئىسلامنىڭ مەدىنە دەۋرىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بارلىق يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. بۇ يۈرۈشلەردە ئۇرۇشقا قارىغاندا، كۆپرەك پەيغەمبىرىمىزگە مەسلەھەتچىلىك قىلغان. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان 14 ئادەمنىڭ بىرى بولغان. تەبۇك يۈرۈشىگە پۈتۈن مال-مۈلكى ۋە پۇلىسىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ قاتناشقان. مەككىنىڭ فەتھى، ھۇنەين ئۇرۇشى ۋە ۋىدا ھەججىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بولغان. ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە بولۇپ سايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، دۆلەت ئىشلىرىدا ياردەملەشكەن، مەدىنىدە قازىلىق قىلغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كېسىلى ئېغىرلىشىپ جامائەتكە ئىماملىق قىلالمىغان چاغلىرىدا، ئورنىغا ھەزرىتى ئۆمەرنى ئىماملىققا تەيىنلىگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۆزىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنى خەلىپىلىككە سايلاشنى ۋەسىيەت قىلغان.

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدىكى ئىراق، ئىران، سۈرىيە زېمىنىدا باشلانغان فەتھ ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىران، ئەلجەزىرە، خوراسان، سۈرىيە، مىسىر قاتارلىق يەرلەر فەتھ قىلىنغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم رايونلىرىغا قوشۇلغان بەسىرە، كۇفە ۋە فۇستات (قەدىمقى قاھىرە) شەھەرلىرىنى بىنا قىلغان. دۆلەتنى يېڭى مەمۇرى قىسىملارغا ئايرىپ، مەمۇرلۇق ۋە دۆلەت كىرىمىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان «دىۋان تەشكىلاتى»نى قۇرغان. مىلادى 638 ـ يىلى ھىجرى كالېندارىنى قوبۇل قىلغان.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولىدىغان ئادەمنى سايلاشتا ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، تەلھا ئىبنى ئۇبەيدۇللا، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام ۋە ئابدۇرراخمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق ساھابىلاردىن تەشكىللەنگەن ئالتە كىشىلىك ھەيئەتكە ھاۋالە قىلغان. خەلىپە نامزاتلىرىغا بەزى نەسىھەتلەرنى قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

ھەزرىتى ئۆمەر «مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى» (ئەمىرۇل مۇئمىنىين) ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان تۇنجى خەلىپىدۇر. ھەزرىتى ئۆمەر ئادالەتنى يۈرگۈزۈشتە ئىنسانلارنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكىگە، ھوقۇق، مەنسۋىگە قارىمىغان. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاشتا دوست ـ تۇغقان دەپ ئايرىمىغان. ھەر ئىنسانىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغان. ئىنسانلارنىڭ يېنىغا قورقماي كېلىپ دەرت ـ شىكايەتلىرىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان. مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، خەلقنىڭ تەلەپ ۋە شىكايەتلىرىنى تىڭشىغان. كېچىدە سىرتلاردا ئايلىنىپ، يوقسۇللارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان. دۆلەت مېلىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىپ، بۇلارنى خەلقنىڭ پايدىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىشقا تىرىشقان.

### 1.3. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ھەزرىتى ئوسمان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ئايمىقىغا مەنسۇپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەش ياش كىچىك بولۇپ، باللىق دەۋرىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن. كىچىك يېشىدىن باشلاپ دادىسى بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلغان. دادىسىنىڭ بىر ساياھەت جەريانىدا ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن تىجارەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ئۇنى ھۆكۈمران بولۇشتىن كۆپرەك سودىگەر بولۇشنىڭ ئىمكانىنى يارىتىپ بەرگەن. 35 ياشقا كىرگەندە يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلامنى مەخپىي دەۋەت قىلىش دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە بىلەن ئۆيلەنگەن. ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھىجرەتتە

ئايالى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان. ھەبەشىستانغا ھىجرەتتىن كېيىن مەككىگە قايتىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ھەزرىتى ئوسمان رۇقىيەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر قىزى ئۇممۇ گۇلسۇم بىلەن ئۆيلەنگەن. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قۇرەيشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. تەبۇك سەپىرىگە ئاتلانغان قوشۇنىنىڭ تەييارلىنىشىدا كۆپ مىقداردا ماددىي ياردەم قىلغان. ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىككە سايلانغاندىن كېيىن بەنى سەئىدە يۇرتىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ كاتىپلىرى ئارىسىدا يەر ئالغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ پىكرى بىلەن ئۈچىنچى خەلىپە سايلىنىپ، 644 ـ يىلىدا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ، فەتىھلەرنى داۋاملاشتۇرغان. خەلىپىلىكىنىڭ كېيىنكى ئالتە يىلىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئەھۋال 656 ـ يىلىدا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن شېھىد قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ھەزرىتى ئوسمان كۆڭلى ئىنچىكە، يۇمشاق تەبىئەتلىك بىر ئىنسان بولۇپ، تالاش ـ تارتىش، ناچار ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيتتى. شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك بىر ئىنسان ئىدى. ئەقرىبالىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. يېقىنلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئائىلىسىگە كۆيۈنەتتى.

ھەزرىتى ئوسمان ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلەتتى. ۋەھيي كاتىپلىقىنى قىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنا ئەللەرگە ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپ ۋە قەبىلىلەر بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنى قەلەمگە ئالغان.

### 1.4. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، بەش يېشىدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ھىجرەتكىچە قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى تەستىق قىلغۇچىلاردىن بىرىدۇر.

ھەزرىتى ئەلى ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇ ئۆيلىنىشتىن ھەسەن، ھۈسەين، زەينەپ ۋە ئۇممۇ گۇلسۇم دۇنياغا كەلگەن. تارىختا ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر «شەرىف»، ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر «سەييىد» دەپ ئاتالغان. ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى فاتىمە ھايات ۋاقتىدا باشقا بىرسى بىلەن ئۆيلەنمىگەن.

ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغاندىن باشقا بارلىق ھەربى يۈرۈشلەرگە قاتناشقان.

بۇ سەپەرلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بايراقدارلىقىنى قىلىپ، بۈيۈك قەھرىمانلىقلار كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپلىقى ۋە ۋەھيي كاتىپلىقىنىمۇ قىلغان.

ئۈچ خەلىپە دەۋرىدە مەدىنىدە قېلىپ، ئۇرۇشلارغا قاتناشماي مەمۇريي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەلەستىن ۋە سۈرىيە يۈرۈشىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەكىل بولغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە مەسلەھەتچىلىك قىلغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىگىنىڭ دەسلەپكى ئالتە يىلىدا ئۇنىڭغا قول ـ قانات بولغان.

## 2. دىندىن يېنىۋېلىش ۋەقەلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تونۇپ ئىمان ئېيتقان ياكى ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بەزى يالغانچى، كاززاپ ئىنسانلار ئۇنىڭ غەلبىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئىسيان چىقارغان. بۇ ۋاقىتلاردا بەزى قەبىلىلەر زاكات بېرىشنى رەت قىلغان. بۇلاردىن بىرقىسمى يالغانچى ئىنسانلارغا ئىشەنگەن. لېكىن بۇ ئەھۋال ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ دىندىن يېنىۋالغانلىقىنى ياكى زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. يېرىم ئارال ۋە ھىجازدىكى قەبىلىلەر مەككە، مەدىنە، تائىف شەھەرلىرى ئىسلامغا مەنسۇپلۇقىنى داۋاملاشتۇرغان.

دىندىن يېنىۋېلىش ۋەقەلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزىنى قۇرەيش قەبىلىسىگە رەقىب دەپ قارايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشلىك بولۇشى ۋە خەلىپىلەرنىڭ قۇرەيشتىن سايلىنىشىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بەدەۋىلەر قانۇن ـ تۈزۈم بىلمەيتتى. ئۆزلىرىنى باشقۇرغانلارغا قارشى نەپرەت قىلاتتى. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا قاتتىق مۇتەئەسسىپ ئىنسانلار ئىدى. ئىسلامنىڭ ئەمىر ـ چەكلىمىلىرىدىن بىر قىسمى مەسىلەن، زاكات، ئۆچ ئېلىش ۋە قان دەۋاسىنىڭ بىكار قىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ ئادەت، ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. مەدىنە ئىسلام بىلەن بىرلىكتە دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مۇھىم بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ مۇھىم بىر مەركەزگە ئايلىنىپ دۆلەتنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغان ئىدى. بۇ ئەھۋال چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىغا سەۋەپ بولغان. بەدەۋىلەر

شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر ئىگە بولغان ئىمتىيازلاردىن بولۇپمۇ رەھبەرلىك كۈچىدىن ھەسەت قىلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئاساسلىرى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان قەبىلىلەر تەرىپىدىن تولۇق قوبۇل قىلىنمىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە بىللە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان ۋە قۇرئاننى چۈشىنىپ ھەزىم قىلالمىغان. يەنى دىن ھەققىدە يېتەرلىك ۋە تولۇق مۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان سەۋىيەدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇلاردىن بىر قىسمى قەبىلە رەئىسلىرىگە قاراپ مۇسۇلمان بولسا، بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىپ، ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەن دىندىن يېنىۋېلىشقا جۈرئەت قىلغان. بۇ كىشىلەر زاكات بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغانلارغا ئىشەنگەن. كېيىن ئىسيان قىلىپ مەدىنە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن دىندىن يانغانلار ۋە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغانلار بىلەن كۈرەش قىلىش ھەققىدە ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى بار ئىدى. ھەممە ئادەم بۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغانلار بار ئىدى. مەسىلىگە ئالساق، ھەزرىتى ئۆمەر «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بىر ئوغلاقنى بېرىشنى خالىمىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاخىرىدا خەلىپىنىڭ دېگىنى بويىچە بولغان.

ئوسامە قوشۇنىنىڭ سەپەر قىلىشى جەريانىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەزى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئەمما زاكات بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى كەسكىن رەت قىلغان. مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە خەۋەر بېرىپ دىندىن يېنىۋالغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تىز سۈرئەتتە مەدىنىگە كېلىشنى ئەمىر قىلغان. بۇ قەبىلىلەر خەلىپىنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان. دىندىن يېنىۋالغانلارغا قارشى ئۇرۇشىدىغان قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا خالىد ئىبنى ۋەلىدنى تەيىنلىگەن. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى بىلەن يالغانچى پەيغەمبەر تۇلەيھا ئىبنى خۇۋەيلىدنى ئۆلتۈرگەن.

تۇلەيھا ئىبنى خۇۋەيلىد ھىجرەتنىڭ 9-يىلى قەبىلىسى بىلەن مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىسيان قىلىشقا پېتىنىپ، كاھىنلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغان. بۇ يالغانچى پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن ئىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن تۇلەيھاغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش بولغان. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار قۇشۇنى غەلبە قىلغان.

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان يەنە بىر ئادەم تەمىم قەبىلىسىنىڭ كاھىنى سەجاھ ئىسىملىك بىر ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىشقا باشلاپ، ئۆزىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مۇسەيلىمەنىڭ يېنىغا بارغان. پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدىن ۋاز كەچكەن. خالىد يەمامەدە مۇسەيلىمىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سەجاھنى تۇتقان. سەجاھ كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، قەبىلىسىنىڭ يېنىغا قايتقان.

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان يەنە بىر ئادەم مۇسەيلىمەتۇل كەززاپ ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغان، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە ئىسلامدىن چىقىپ پەيغەمبەرلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقا باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپ يوللاپ ئىسلامغا چاقىرغان. مۇسەيلىمە ئۇنى رەت قىلغان. ھەنىفە قەبىلىسى مۇسەيلىمەنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان.

خالىد ئىبنى ۋەلىد تەمىم قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن مۇسەيلىمەتۇل كەززاپقا قارشى ئاتلانغان. مۇسەيلىمە بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغان. ئۇرۇشتا مۇسەيلىمە يېڭىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن يەمەندە يەنە بىر ئىسيان چىققان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ ئىسياننى باستۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ھادرامۇت، ئومان ۋە بەھرەيندىكى ئىسيانلارمۇ باستۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يېڭىدىن بىرلىك قۇرۇلغان.

## 3. فەتىھلەر

لۇغەتتە فەتىھ سۆزىنىڭ «ئېچىش، يول كۆرسىتىش، غەلىبە ئىگە قىلىش» دېگەن مەنىسى بار. ئاتالغۇ جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ رايون ۋە شەھەرلەرنى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشى دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا خەيبەر، مەككە قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «خەيبەرنىڭ فەتھى، مەككىنىڭ فەتھى» دەپ قوللىنىلغان.

راشىد خەلىپىلەر دەۋرىدە فەتىھلەر ئىران، ئىراق، سۇرىيە، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقا قىتئەلىرىگىچە كېڭەيگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دىندىن يېنىۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرغاندىن كېيىن سۇرىيە ۋە ئىراق رايونلىرىنى فەتىھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

**ئىراقتا فەتھى قىلىنغان زېمىنلار**

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا دىندىن يېنىۋالغانلارغا قارشى كۈرەش قىلىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا پارس قولتۇقىنىڭ غەربى، فرات ۋە دىجلە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساسانى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى رايونلارغا يۈرۈشلەر تەرتىپلەنگەن. مۇسەننا بىر يىلغىچە ساسانى تۇپراقلىرىغا يۈرۈش قىلغان. كېيىن مەدىنىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلارغا قارشى غەلبە قازانغان خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئىراق ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن. خالىد دەرھال يەمامەدىن ئىراققا قاراپ يولغا چىققان. خالىد ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇبوللە پورت شەھىرىدە فەتىھ ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان ئىدى. بۇ رايوندىكى كۆپ ساندا ئولتۇراق مەركەزلىرىنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن كۇفەنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى قوشۇننىڭ كۆپ قىسمى خرىستىئان بولغان ھىرەگە يېتىپ بارغان. بۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن جىزيە تۆلەشنى شەرت قوشۇپ كېلىشىم ئىمزالىغان.

ھىرە ئىسلام ھاكىمىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد فرات دەرياسىنىڭ شەرقىگە ئۆتۈپ، بۇ يۆنىلىشتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرلەپ ئەنبار شەھىرىنى فەتىھ قىلغان. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پارس قولتۇقىدىن فرات دەرياسىنىڭ شىمالىغا قاراپ سوزۇلغان مۇنبەت تۇپراقلار ئىسلام ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان.

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىمۇ ئىراق زېمىنىنى فەتىھ قىلىش داۋاملاشقان. خەلىپىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە قوماندانلىقىدا ئەۋەتكەن يېڭى قوشۇنى ساسانى قوشۇنىنى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ قىلغان. ئەبۇ ئۇبەيدە قوماندانلىقىدىكى قوشۇن كۆۋرۈك ئۇرۇشىدا ساسانى قوشۇنىغا يېڭىلگەن. بۇ ۋەقە ئىراق ئالدىنقى سېپىدە ئىسلام قوشۇنىنىڭ تۇنجى قېتىم يېڭىلىشى ئىدى. كۆۋرۈك ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت ئىراق ئالدىنقى سېپىدىكى فەتىھلەرنى توختىتىپ قويمىغان. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى ساسانىلار بىلەن قىلىنغان قادىسىيە ئۇرۇشىدا غەلبە قازانغان. بۇ ئۇرۇشتا ساسانى قوماندانى رۇستەم ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن ساسانى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مەركىزى مەدائىن فەتىھ قىلىنغان. قادىسىيە ئۇرۇشىدىن بىر يىل كېيىن (632) يۈز بەرگەن جەلۇلا ئۇرۇشىدا ئىرانلىقلار رەي (بۈگۈنكى تېھران)گە چېكىنگەن. 642-يىلى ئىرانلىقلار بىلەن قىلىنغان نىھاۋەند ئۇرۇشىدا ساسانى ئىمپېراتورلۇقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. چۈنكى، بۇ غالىبىيەت ئىراننىڭ پۈتكۈل زېمىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. نىھاۋەند ئۇرۇشى بولۇپ ئۈچ ياكى تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىراننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ فەتھى تاماملانغان.

ھەزرىتى ئوسمان مىلادىنىڭ 642 ـ يىلى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە فەتھ قىلىنغان ئەزەربەيجاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. 653 ـ يىلى خۇراساننى فەتھ قىلىش ئۈچۈن باشلانغان ھەرىكەت بۇ يەردىكى مەركەزلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن تاماملانغان. 654 ـ يىلى ساسانى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلگەن.

## سۇرىيە رايونىدىكى فەتىھلەر

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئىراننى فەتھ قىلىشقا بۇيرىغاندىن كېيىن سۇرىيەگە ئەسكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. تۆت قىسىمغا ئايرىلغان 3000 كىشىدىن تەركىپ تاپقان قوشۇننى سۇرىيەگە ئەۋەتكەن. كېيىن مەدىنىدىن ئەۋەتكەن قىسىملار بۇ قوشۇنغا قېتىلغان. باش قوماندانلىققا ئالدىدا ئەمرى ئىبنى ئاس كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى تەيىنلىگەن.

ئەمرى ئىبنى ئاس پەلەستىنگە يېتىپ كەلگەندە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بىر مەكتۇپ يېزىپ، ياردەم تەلەپ قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىراق ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان خالىد ئىبنى ۋەلىدنى سۇرىيەگە بېرىشنى بۇيرىغان. خالىد ھەربى قىسمنى باشلاپ سۇرىيەگە بارغان. سۇرىيەگە كېلىپ بۇ يەردىكى قىسىملار بىلەن بىرلىشىپ قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلىدا بەسرە شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. شەھەر خەلقى جىزىيە تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولغان. بۇ ۋاقىتلاردا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھىراقلىيۇس بۈيۈك بىر قوشۇن تەييارلىغان. مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىزانتىيە قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئەجنادەين دېگەن يەردە ئۇرۇش بولغان. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان. بۇ ئۇرۇش تۇنجى ئىسلام فەتىھلىرى ئىچىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلام قوشۇنىنىڭ بۇ غەلىبىسى بىلەن مۇسۇلمانلارغا پەلەستىننىڭ يولى ئېچىلغان. ئىمپېراتور ھىراقلىيۇس ئەجنادەيندە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەنسىرەشكە باشلىغان. چۈنكى بۇنداق ئەتراپلىق تەييارلانغان، كۈچلۈك ۋىزانتىيە قوشۇننى يېڭىلىدۇ دەپ مۆلچەرلىمىگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەجنادەين ئۇرۇشىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئوقۇپ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن مىلادىنىڭ 634 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

سۇرىيە رايونىدىكى فەتىھلەر ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان. ۋىزانتىيە قوشۇنى ئەجنادەين ئۇرۇشىدا يېڭىلگەندىن كېيىن شىمالغا قاراپ چېكىنىپ، ئىئوردانىيەنىڭ فىھىل دېگەن يېرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ ئۇرۇشتا (634 ـ 635) يەنە مۇسۇلمانلار غالىپ كەلگەن.

635 ـ يىلى شام فەتھ قىلىنغان. شامنىڭ فەتھ قىلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلار رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بۇ شەھەردىكى 1000 يىللىق ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن.


مۇسۇلمانلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبىگە ئېرىشىشى ھىراقلىئۇسنى تېخىمۇ كۈچلۈك بىر قوشۇن تەييارلاشقا مەجبۇرلىغان. ئىمپېراتور بۈيۈك بىر قوشۇن تەييارلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانلار قوشۇننى يەرمۇكقا توپلىغان. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقان. ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ غالىبىيەتتىن كېيىن سۇرىيە ۋىلايەتلىرىنىڭ فەتھى ئاسانلاشقان. ئاققا، كىنەسرىن، ھاما، ئانتاكيا ۋە ماراش فەتىھ قىلىنغان.

پەلەستىن ۋە ئەتراپىنى فەتىھ قىلىشقا تەيىنلەنگەن ئەمىر ئىبنى ئاس قۇددۇسنى مۇھاسىرىگە ئالغان. تۆت ئاي داۋاملاشقان مۇھاسىرىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قۇددۇسنى فەتھ قىلغان. قۇددۇس فاترىگى (خرىستىئان دىن ئادىمى) تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بىۋاستە خەلىپە تەرىپىدىن ئىمزالىنىشىنى شەرت قوشقان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەمىر ئىبنى ئاس ھەزرىتى ئۆمەرگە مەكتۇپ يازغان. خەلىپە ئۆمەر سۇرىيەگە كېلىپ قۇددۇس خەلقى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن قۇددۇس خەلقى ئۆز دىنىدا قېلىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، چېركاۋلىرىنى چېقىشقا، بۇزغۇنچۇلۇق قىلىشقا يول قويۇلمىغان. يەنە قۇددۇسنى تەركېتىشنى خالىغانلارنىڭ چېركاۋ ۋە سۈرەتلىرى قوغداپ قېلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

**مىسىر، نۇبە ۋە ئىفرىكىيەنىڭ فەتھ قىلىنىشى**

پەلەستىننىڭ فەتھى تاماملانغاندىن كېيىن ئەمىر ئىبنى ئاس خەلىپىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قوشۇنى بىلەن مىسىرغا قاراپ يولغا چىققان. بابىل قەلئەسىنى قورشاۋغا ئېلىپ ھەزرىتى ئۆمەردىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەن. قورشاۋنىڭ ئۇزۇرۇشى بىلەن قىبتىلەرنىڭ باشلىقى مۇقەۋقىس ئەمىر ئىبنى ئاس بىلەن مىسىر خەلقى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەمىر بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇقەۋقىس ئەھۋالنى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا بىلدۈرگەن. ئىمپېراتورنىڭ رەت قىلىشى بىلەن مۇقەۋقىس مىسىر قىبتىلىرىگە ۋاكالىتەن كېلىشىمنى ئىمزالىغان. ئەمىر ئىبنى ئاس بابىلنىڭ جەنۇبىدا «فۇستات» دەپ ئاتالغان يەردە قارارگاھ قۇرغاندىن كېيىن ئىسكەندەرىيەگە قاراپ يولغا چىققان. يول ئۈستىدىكى ئولتۇراق يەرلەرنى فەتھ قىلغان. تۆت ئاي داۋاملاشقان قورشاۋدىن كېيىن ئىسكەندەرىيەنى فەتھ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن 642 ـ يىلىدا مىسىرنىڭ فەتھى تاماملانغان.

ئەمىر ئىبنى ئاس بابىلغا قايتىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بۇ يەرنىڭ پايتەختىنى ئىسكەندىرىيەدىن فۇستات (قەدىمقى قاھىرە)گە يوتكىگەن. بەرقانى 644 ـ يىلى تىنچلىق بىلەن فەتھ قىلغان. 644 ـ يىلى تىرابلۇس (ھازىرقى تىرىپولى)نى فەتھ قىلغان. ئابدۇللا ئىبنى سائاد رەھبەرلىكىدىكى ئەرەب قوشۇنى ئىفرىكىيە (بۈگۈنكى تۇنىس)نى فەتىھ قىلىپ، سۇبەيتىلانى بويسۇندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيەنىڭ




تۆت خەلىپە دەۋرىدە فەتھە قىلىنغان زېمىنلار

ئىفر نكيه د نكى ھاكىمىيىتىگىمۇ خاتىمە بېرىلگەن.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قوشۇنى نۇبەيھنى فەتھە قىلغان. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى سۇداندىكى دونگولاغىچە ئىلگىرلەپ ماكاررا دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن.

مۇ سۇ لما نلا ر سۇرىيە ۋە مىسىرنى فەتھە قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاق دېڭىز ساھىللىرىغىچە يېتىپ كەلگەن. كېمە تەييارلاپ دېڭىزلارنىمۇ فەتھە قىلىشقا باشلىغان. مىلادىنىڭ 649 ـ يىلى قىبرىس (سىپىروس) ۋە سىجىليا ئارىلىغا سەپەرلەر باشلىتىلغان. 652 ـ 653 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق سەپەر ئارالغا مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن نەتىجىلەنگەن. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى 2 ـ كونىستانتىنىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئۇرۇش كېمىلىرى فىنىكە يېقىنلىرىدىكى زاتۇس ساۋارى دېگەن يەردىكى ئۇرۇشتا ئابدۇللاھ ئىبنى سائاد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقۇتۇلغان. 2 ـ كونىستانتىن بۇ ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ قۇتۇلغان. (652)

### ئىسلام فەتىھلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

ئىسلام فەتىھلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن بىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى رايونلارغا تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. فەتىھلەر سايىسىدا ئۆزىگە خاس ۋە بۈيۈك بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىپ، تەرەققى قىلغان. مۇسۇلمانلار فەتھە قىلغان يەرلەردىكى خەلقلەرگە بېسىم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل دىن، ئىرق ۋە مەزھەپ مەنسۇپلىرى ئۆز دىنلىرىنى ئەركىن ياشىغان. ئىسلامى فەتىھلەر

ۋاقىتلىق، دائىمى ۋە مەڭگۈلۈك بولغان. ئەندەلۇستىن باشقا فەتىھ قىلىنغان زېمىنلار كۆنىمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

فەتىھ قىلىنغان يەرلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل، مەرھەمەتلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. مۇسۇلمانلار فەتىھ قىلىنغان تۇپراقلاردىكى خەلقلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلىمىغان. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ خەلقلەردىن بەزىلىرى مۇسۇلمان بولغان. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلار ئۆز دىنىدا قالغان. ئەرەبلەر ئادى-ساددا تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر مىللەت ئىدى. ئېغىر يۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مانېۋىر قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇرۇش جەريانىدا تىزلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتەلەيتتى. ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىش ۋە قىلىچ ئىشلىتىشتە ماھىر ئىدى. تولۇق قۇراللانغان قۇشۇنلار ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە قۇرال ئىشلىتىشنى ياخشى بىلەتتى. تۆت خەلىپە دەۋرىدە سىياسىي، مەمۇرىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن تەجرىبىلىك رەھبەر، قوماندانلىرى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ۋە زىممى ھېسابلىنىدىغان غەيرى مۇسلىملارغىمۇ قانۇن ئالدىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلغان. مۇسۇلمانلار ۋەدە،كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلمىغان. ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى، ئىبادەت يەرلىرىگە چېقىلمىغان. ئۇلاردىن ئالغان جىزيە بىلەن ئۇلارنى قوغدىغان. ئەگەر ئۇلارنى قوغداشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ھامان ئۇلاردىن ئالغان جىزيەلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ خىل گۈزەل ئەخلاق ھەر خىل رايونلارنىڭ فەتھىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ قارشى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ۋىزانتىيە ۋە ساسانى ھۆكۈمدارلىرى ھەر خىل مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان ھەر خىل دىن، مەزھەپتىكى ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلمىغان. بۇ ئەھۋال ھەر خىل قارشىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. خەلق ۋىزانتىيە ۋە ساسانى ھۆكۈمدارلىرىغا دىنىي جەھەتتە يېقىنچىلىق قىلالمىغان. خەلق ئادالەتتىن يىراق، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، پۇل لازىم بولغاندا خەلققە باج قويۇپ مەجبۇرى تارتىپ ئالىدىغان ھۆكۈمدارلاردىن رازى بولمىغان.

فەتىھ قىلىنغان يەرلەردىكى ھەر خىل دىن ۋە مەزھەپتىكى ئىنسانلار مۇسۇلمانلارنى ۋىزانتىيە، ساسانى ھۆكۈمدارلىرىغا قارىغاندا ياخشى كۆرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل مۇئامىلىسىنى كۆرگەن خەلقلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرىشنى ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇش يولى دەپ بىلگەن. چۈنكى مۇسۇلمان رەھبەرلەر ھاكىمىيەت ئاستىدىكى ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە ئەقىدىسىگە ئارىلاشمىغان.

## 4. دەسلەپكى ئىچكى ماجىرالار ۋە نەتىجىسى

### 4.1. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرى

ھەزرىتى ئوسماننىڭ 12 يىل داۋاملاشقان خەلىپىلىگىنىڭ ئالدىنقى ئالتە يىلىدا مۇسۇلمانلار بىرلىك، ئىتتىپاقلىقتا ياشاپ، جەمئىيەت تىنچ، خاتىرجەم بولغان. كېيىنكى ئالتە يىلىدا ئىچكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ھەرخىل ماجىرالار ئوتتۇرىغا چىققان. ئالدىنقى ئالتە يىل ئىچىدىكى پاراۋانلىقنى ئىككى خەلىپە دەۋرىدە قۇرۇلغان سىستېمىنىڭ داۋاملىشىشى، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ فەتھ ھەرىكەتلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دىققىتىنى ئىچكى سىياسەتكە قارىغاندا تاشقى سىياسەتكە كۆپراق قاراتقانلىقىغا باغلاش مۇمكىندۇر. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىگىنىڭ كېيىنكى ئالتە يىلىنىڭ باشلانغۇچىدا، يەنى مىلادىنىڭ 650-يىلىدىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا كىچىك مەسىلىلەر كېلىپ چىققان. كۇفە، بەسرە، شام، مىسىر قاتارلىق مۇھىم يەرلەر ھەتتا پايتەخت مەدىنىدە ھاكىمىيەتكە قارشى چىققۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ۋالىلارنى تەيىنلەش سىياسىتى: خەلق بۇ سىياسەتتىن رازى بولمىغان. ھەزرىتى ئوسمان كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېقىن تۇغقانلىرى ۋە بەنى ئۇمەييە جەمەتىگە يېقىن بولغان كىشىلەرنى ۋالىلىققا تەيىنلىگەن. بۇ خىل سىياسەت ساھابىلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنمىغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ تۇغقانلىرىغا ھەدىيە بېرىشى، ئۇلارغا يەر-زېمىن ئايرىشى تەنقىد قىلىنغان ۋە خەلىپىگە قارشى پىكىرلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان بەزى ساھابىلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىشقا ئۇرۇنىشى ئۇنى تەنقىدلەشكە يەنە بىر سەۋەپ يارىتىپ بەرگەن. بۇ ساھابىلارنىڭ بېشىدا ئەبۇ زەر سۈرىيەدە مۇئاۋىيەنىڭ مالىيەدىن بەزى چىقىملارنى قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ماللارنى موھتاجلار ئۈچۈن ئىشلەتمەي توپلاپ ساقلىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ئۇنىڭ بۇ پىكرى يوقسۇل خەلق بىلەن ھاكىمىيەتكە قارشى كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان. بۇ ۋەقە يەنە ھاكىمىيەت بىلەن بايلارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەپ بولغان. نەتىجىدە ئەبۇ زەر بىلەن سۈرىيە ۋالىسى مۇئاۋىيەنىڭ ئارىسى ئېچىلغان. مۇئاۋىيە ئەھۋالنى ھەزرىتى ئوسمانغا مەلۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ زەر خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنە يېقىنىدىكى رەبەزە دېگەن يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ھەزرىتى ئوسمان بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تائىفقا سۈرگەن قىلىنغان تاغىسىنىڭ ئوغلى ھاكەمنى مەدىنىگە قايتۇرۇپ كەلگەن. بۇ

ئەھۋال بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنىپ ھەزرىتى ئوسمانغا قارشى چىقىرىلغان ئىسيانىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان.

ھەزرىتى ئوسمان ھەر قايىسى يەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان قىرائەتتىكى پەرقلەرنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە توپلانغان مۇسھاپنى زەيد ئىبنى سابىت رەھبەرلىكىدە بىر ھەيئەت تەشكىللەپ يەتتە نۇسخا كۆپەيتكەن. بىر نۇسخىسىنى مەدىنىدە قالدۇرۇپ، باشقا نۇسخىلىرىنى ھەرقايىسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى سەھىپىلەرنى كۆيدۈرىۋەتكەن. مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ ئىشىدىن خورسەن بولۇپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتقان. لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇنىڭغا قارشى چىققان. كۇفەلىكلەر ئىسيان چىققان ۋاقىتتا خەلىپىگە قارشى چىققانلارنى قانات ئاستىغا ئالغان.

ھەزرىتى ئوسمان ھەرقايىسى ۋىلايەتلەردىن مەدىنىگە كەلگەن كىشىلەرنى يىغىپ ئۆزىگە ئارتىلغان گۇناھلارنى قىلمىغانلىقىنى بايان قىلغان. قۇرئاننى ئانا نۇسخىدىن كۆپەيتىپ، قالغانلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش مەسىلىدە قۇرئاننىڭ يىگانە بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. تاغىسى مەرۋاننىڭ مەككىلىك بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى تائىفقا سۈرگۈن قىلغانلىقى، كېيىن ئۇنىڭ مەككىگە قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى دېگەن. ۋالىلىققا تەيىنلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا سالاھىيەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىگى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوسامەنى تەيىنلىگەندە كۆپ كىشىلەرنىڭ قارشى چىققانلىقىنى بايان قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرھكە غەنىمەتتىن بەيتۇل مال ئۈچۈن ئايرىلغان مالدىن بەشتە بىر قىسمىنى ھەدىيە قىلغانلىقى، بۇنىڭ 100 مىڭ دىنار بولىدىغانلىقى، بۇرۇنقى خەلىپىلەرنىڭمۇ ئابدۇللاھقا بۇ مىقداردا ھەدىيە بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. تۇغقانلىرىغا بەرگەن مالنىڭ دۆلەت مېلى ئەمەس، ئۆزىنىڭ شەخسى مېلى ئىكەنلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى ئۆزى ياكى باشقىسى ئۈچۈن ئىشلەتمىگەنلىكىنى بايان قىلغان.

656-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا مىسىر، كۇفە، بەسرەلىكلەردىن تەركىب تاپقان ئۆكتىچى كۈچلەر ھەجنى باھانە قىلىپ توپلىشىپ يولغا چىققان. بۇ گۇرۇپپىلار خەلىپىنىڭ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەزرىتى ئەلى مىسىردىن كەلگەن ئاسىيلار بىلەن سۆزلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن مىسىر ۋالىسى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. ئىسيانچى گۇرۇپپىلار مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىققان. ئەمما قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى سورىغان ۋاقىتتا، مىسىرلىقلار يولدا بىر خەۋەرچىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان بىر خەت تاپقانلىقىنى ئېيتقان. ئاختۇرۇپ تېپىلغان خەتتە مىسىر ۋالىسىدىن مىسىردىن مەدىنىگە كەلگەن كىشىلەرنى قايتىپ بارغاندا ئۆلتۈرۈلىشى ھەزرىتى ئوسمان تەرىپىدىن بۇيرۇلغان. خەتتە

خەلىپىنىڭ مۆھرى بار ئىدى. ئاخىرىدا بۇ خەت خەلىپىنىڭ ئىبغىزىدىن كاتىپى مەرۋان تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئايدىڭلانغان. بۇ ئەھۋالدا ئىسيانچىلار ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىشنى ياكى ئۆزلىرىگە سۇيىقەست پىلانلىغان مەرۋاننى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلىپە بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسيانچىلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشاۋغا ئالغان. بىر گۇرۇپ ئىسيانچى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ھەزرىتى ئوسماننى شېھىد قىلغان.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى، ئالدىنقى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرگە نىسبەتەن يۇمشاق خۇيلۇق بولىشى، تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشى، كاتىپى مەرۋاننىڭ سەممىيەتسىزلىگى، پايتەخت مەدىنە ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە ھاكىمىيەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىغا سەۋەپ بولغان. ۋىلايەتلەرنىڭ ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقى، ۋالىلارنىڭ ياش، تەجرىبىسىزلىگى كەڭ-خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن سانى ئاز بولغان ئىسيانچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسيانچىلار بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ قالايمىقانچىلىققا قاتنىششقا قىشقىرتقان.

## 4،2. ھەزرىتى ئەلى دەۋرى

### 4.2.1. جەمەل ۋەقەسى

بۇ ۋەقە ھەزرىتى ئائىشىنىڭ تۆگىسى ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن تارىختا جەمەل ۋەقەسى دەپ ئاتالغان.

ھەزرىتى ئوسمان شېھىد قىلىنغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن. ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە سايلانغاندىن كېيىن ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى تېپىپ جازالاش ئىدى. لېكىن ئوتتۇرىدا ئېنىق بىر قاتىل يوق بولۇپ، شەھەرنى بېشىغا كىيگەن بىر ئىسيانچى گۇرۇپ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئاسىيلارنى دەرھال جازالاشقا بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلىپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ۋالىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئالماشتۇرغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تەلھا ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام بەسرە، كۇفە ۋالىلىقلىرىنى تەلەپ قىلغان. ھەزرىي ئەلى بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلغان. مەككىگە كەتكەن ھەزرىتى ئائىشە مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىد قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئائىشە تەلھا ۋە زۇبەير بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قايتىپ كەلگەن. ھەزرىتى ئوسماننىڭ گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەلققە خىتاپ قىلغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ مەككە ۋالىسى ھەزرىتى ئائىشىگە قېتىلغان.

بۇنىڭ بىلەن مەدىنىدىن كەلگەن ئۇممەيىيە جەمەتى ھەزرىتى ئوسماننىڭ بەسرە، يەمەن ۋالىيلىرى، تەلھا ۋە زۇبەير ھەزرىتى ئائىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە توپلانغان. ھەزرىتى ئائىشە بۇلارنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىشقا تەۋسىيە قىلغان. لېكىن قوبۇل قىلمىغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى تەلەپ قىلغان بۇ جامائەت بەسرەگە قاراپ يولغا چىققان. ھەزرىتى ئائىشە ئىسيانچىلار بۇزغان تىنچ-ئامانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلگەن ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى جازالاپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ئورنىتىش مەقسىدى بارلىقىنى ھەزرىتى ئەلىگە ئېيتقان.

ھەزرىتى ئەلى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن مەدىنىدىن ئايرىلىپ، كۇفە سىرتىدا كۈچىنى توپلىغاندىن كېيىن بەسرەگە قاراپ يولغا چىققان. ھەزرىتى ئەلى كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن قارشى تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتكەن. ھەزرىتى ئائىشە، تەلھا ۋە زۇبەير قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى ئەتراپىدا توپلانغان تەقدىردە، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى جازالاشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى قايىل قىلغان. ھەزرىتى ئەلى تەلھا ۋە زۇبەير بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ كۆرۈشۈشتىن ياخشى نەتىجە چىققان.

بەسرەنىڭ ھۇرەيبە دېگەن يېرىدە ئىككى قوشۇن بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئەسلىدە ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئائىشىنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. بىراق ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى ئۇرۇش ئىچىدە كۆرگەن. ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئەلى ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ تىرىشچانلىقنىڭ پايدىسى بولمىغان. ئۇرۇش ھەزرىتى ئائىشىنىڭ مىنگەن تۆگىسىنىڭ ئەتراپىدا داۋاملاشقان. ھەزرىتى ئائىشىنىڭ مىنگەن تۆگىسى ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇرۇش توختىغان.

ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئۇرۇشقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان. بەسرەدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى چەكلىگەن. ھەزرىتى ئائىشە ئىنىسى مۇھەممەد بىلەن بەسرەدىن ئايرىلىپ ئالدى بىلەن مەككىگە بارغان. ھەج قىلغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ يەردە ياشىغان. تەلھا ئۇرۇشتا، زۇبەير ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراقلىشىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

جەمەل ۋەقەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە تەسىرى كۈنىمىزگىچە تۈگىمىگەن بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتۇر. ئىسلام تارىخىدا سىياسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن دىنىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلەرنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە ئىسلام ئەقىدىسىدە ئىمان-كۇفۇر چېگرىسى، ئىرادە، ئەركىنلىك، قازا ۋە قەدەر قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ تارتىشما تېمىسى بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

### 4.2.2. سىففىن ئۇرۇشى (مىلادىنىڭ 657 ـ يىلى)

ھەزرىتى ئەلى جەمەل ۋەقەسىدىن كېيىن ئىراقتا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىپ كۇفەنى پايتەخت قىلغان. ئۇ مەدىنىدىكى ۋاقتىدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ سۈرىيە ۋالىسى مۇئاۋىيەنى ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. لېكىن ياخشى بىر نەتىجە ئالالمىغان. جەمەل ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ چاقىرىقنى يەنە تەكرارلىغان. ئالدىنقى ئۈچ خەلىپىگە بەيئەت قىلغانلار بىلەن بىللە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان. مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە ئىتائەت قىلىشقا قوشۇلمىغان. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى شامغا قاراپ يولغا چىققان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇئاۋىيەمۇ ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى فىرات دەرياسىنىڭ جەنۇبى ساھىلىغا يېقىن سىففىن تۈزلەڭلىكىدە توپلانغان.

ھەزرىتى ئەلى بۇ يەردىمۇ مۇئاۋىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزماسلىقنى ۋە ئۆزىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. مۇئاۋىيە بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغان.

ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا كۆرۈشۈشىدىن بىر نەتىجە چىقمىغان. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرگەن. ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان بۇ ئۇرۇش ئۈچ ئاي داۋاملاشقان. بۇ ئۇرۇشتا ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنى مۇئاۋىيەنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش باسقۇچىغا كەلگەن. ھەتتا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرى مۇئاۋىيەنىڭ چېدىرىغىچە يېقىنلاشقان. مۇئاۋىيە ناھايىتى مۈشكۈل ئەھۋالدا قېلىپ، ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بۈيۈك شام مۇسھاپى (قۇرئان)نى بەش نەيزىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ بەش ئادەمگە تۇتقۇزغان. باشقا ئەسكەرلەرمۇ يېنىدىكى قۇرئانلارنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ: «ئاللاھنىڭ كىتابى سىلەر بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر» دەپ ۋاقىرىغان. شەكىلۋازلىق بىلەن ھەزرىتى ئەلى ۋە قوشۇنىنى ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ھۆكمىگە چاقىرغان.

ھەزرىتى ئەلى ۋە قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئىشنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلگەن. لېكىن سەپنىڭ ئالدىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان، قارىلاردىن تەركىب تاپقان 20 مىڭغا يېقىن ئەسكەر، قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ھاۋادا پولاڭلىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇرۇشنى توختاتقان. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن ۋە كېيىن «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالغان بۇ گورۇھ، ھەزرىتى ئەلىنى چاقىرىق قىلىنىۋاتقان ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىتائەت قىلىشنى، ئەكسىچە ئۇنى دۈشمەنلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. سىففىن ئۇرۇشى شام ۋە ئىراقتىن 1000غا يېقىن ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان. ھەزرىتى ئەلى قوشۇندىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ بېسىمى بىلەن مۇئاۋىيە

تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنغان ھاكەم (ھۆكۈم قىلىش) تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قالغان. سۇرىيەلىكلەر ئەمر ئىبنى ئاسنى، ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىكىلەر ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىنى ھاكەم (قازى) تەيىنلىگەن. قازىلار تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، 10 كىشى تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىمگە ئاساسەن بېكىتىلگەن قازىلار شۇ يىلىنىڭ رامىزان ئېيىدا «دۇمەتۇل جەندەل» دېگەن يەردە توپلىنىدىغان بولغان. ئەگەر بۇ يەردە توپلىنالمىسا كېلەر يىلى «ئەزرۇھ» دېگەن يەردە توپلىنىپ ھۆكۈملىرىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەشئاس ئىبنى قەيس كېلىشىم مەزمۇنىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىدا ئوقۇۋاتقاندا باشلىغاندا بۇ قېتىم «ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر» دەپ قارشى چىققۇچىلار بولغان. بۇ كىشىلەر بۇ قېتىم مەسىلىنىڭ چارىسىنى قازىغا ھاۋالە قىلغان ھەزرىتى ئەلىنى تەنقىدلەشكە باشلىغان. كېلىشىمدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا ئۆلگەن كىشىلەرنى دەپنە قىلغان. مۇئاۋىيە شامغا، ھەزرىتى ئەلى كۇفەگە قايتقان. خاۋارىجلار ھەزرىتى ئەلى قوشۇنىدىن ئايرىلىپ كۇفەنىڭ ھارۇرە يېزىسىغا كېلىپ يەرلەشكەن.

قازىلار 658-يىلى «ئەزرۇھ»تا توپلانغان. ھەزرىتى ئەلى ۋە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بىرلىكتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە مۇغىرە ئىبنى شۇبە قاتارلىق كىشىلەر كۆزەتچى سۈپىتىدە قاتناشقان. قازىلار ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنى خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇپ، خەلىپىنىڭ شۇرا (كېڭەش) تەرىپىدىن سايلىنىشىنى قارارلاشتۇرغان. ئەمر بۇنى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنگەن. بۇ قارارنى ئالدى بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ئوقۇغان. نۆۋەت ئەمرغا كەلگەندە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماي، ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇپ، مۇئاۋىيەنى خەلىپە تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىغان. ئەبۇ مۇسا ۋە ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغان. ئەبۇ مۇسا بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ئازابلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسى ھاياتتىن پۈتۈنلەي قولىنى ئۈزگەن. ھاكەم ۋەقەسى خىلاپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلالماسلىقنىڭ ئەكسىچە زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتكەن. ئەمر ئىبنى ئاس ۋە سۇرىيەلىكلەر مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا خەلىپە دەپ سالام بەرگەن. ھەزرىتى ئەلى ۋە تەرەپدارلىرى بۇنى رەت قىلغان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى خاۋارىجلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قالغان. چۈنكى خاۋارىجلار ئۆزىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتتا قېلىشىغا يول قويمىغان. داۋاملىق ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسى ئىچىدە بولغان. ھەزرىتى ئەلىمۇ بۇ تۇيغۇ بىلەن ھەرىكەت قىلغان ئابدۇراخمان ئىبنى مۇلجەم ئىسىملىك بىر خاۋارىج تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغان. خاۋارىجلار ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئوسماننى كاپىر دەپ قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇسەۋەپتىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى

ئېلان قىلغان. ھەزرىتى ئەلىنىڭ تىنىچلىقنى بەرپا قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى نەتىجە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن نۇھايلادىكى نەھرەۋان ئۇرۇشىدا خاۋارىجلار بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ ئۇرۇشتا خاۋارىجلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن. خاۋارىجلار بىلەن قىلىنغان ئۇرۇش سىياسى تارىخ جەھەتتىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۈيۈك غەلىبىسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە بۇ ئۇرۇشتىن قۇتۇلغانلار ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنسۇپلىرىدا ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىنى قالدۇرغان. ھەزرىتى ئەلى بۇ ھېس-تۇيغۇ بىلەن ھەرىكەت قىلغان ئابدۇراخمان ئىبنى مۇلجەم ئىسىملىك بىر خاۋارىج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

# 4 ـ باپ. ئەمەۋىيلەر

## 1. شەرق ئەمەۋىيلىرى (661ـ750)

### 1.1. قۇرۇلۇشى

ئەمەۋىي دۆلىتى دېگەن ئاتالغۇ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ بەنى ئۇمەييە جەمەتىگە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن ئەمەۋىي دۆلىتى دەپ ئاتالغان. ئىسلامدىن ئىلگىرى قۇرەيش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى بەنى ئۇمەييە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەجدادىدىن كەلگەنلەر ئۈستىگە ئالغان.

ئەبۇ سۇفيان ۋە ئوغلى مۇئاۋىيە كۆپ سانلىق ئۇمەييە جەمەتى بىلەن بىرلىكتە مەككىنىڭ فەتھىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمەييە ئوغۇللىرىغا دۆلەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ۋالىلىق ۋە كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەبۇ سۇفياننىڭ چوڭ ئوغلى يەزىدنى سۇرىيەنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن. يەزىدنىڭ ئىنىسى مۇئاۋىيەنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلغان. مىلادى 639ـ يىلى يەزىدنىڭ ۋاپات بولىشى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇئاۋىيەنى شام ۋالىلىقىغا تەيىنلىگەن. مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مىلادى 645ـ يىلى شامنىڭ باش ۋالىسى بولغان. بۇ ۋالىلىقنى ھەزرىتى ئوسمان شېھىد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا ياز، قىش سەپەرلىرى باشلاتقان. كۈچلۈك بىر ئارمىيە قۇرغان. شام رايونىدا ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئاساس ئورناتقان.

مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئوسماندىن كېيىن خەلىپە سايلانغان ھەزرىتى ئەلىنى ئۇمەييە ئوغۇللىرىغا ئوخشاش خەلىپە دەپ تونىماي، بەيئەت قىلمىغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ تۆھمەتنى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ قاتىلىنى تەلەپ قىلغان. بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شام خەلقىدىن ياردەم سورىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ بىر قىسمى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغان ئۆكتىچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ جەمەل ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئۇرۇشقان. جەمەل ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمىغان مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا سىففىن ئۇرۇشى يۈز بەرگەن.

مۇئاۋىيە مىسىردىن باشلاپ ھەزرىتى ئەلىگە قارايدىغان بەزى مۇھىم يەرلەرنى ھەزرىتى ئەلىدىن تارتىۋالغان. ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن خەلىپە سايلانغان ھەزرىتى ھەسەن ئالتە ئاي خەلىپىلىك قىلغاندىن كېيىن خەلىپىلىكتىن ۋاز كېچىپ مۇئاۋىيە بىلەن شەرتلىك كېلىشىم تۈزگەن. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن مۇئاۋىيە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تامامىنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. ئىسلام تارىخىدا ھەزرىتى ھەسەننىڭ خەلىپىلىكىنى مۇئاۋىيەگە تەسلىم قىلغان 661 ـ يىل «بىرلىك يىلى» (ئامۇل جەمەئە) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بېرى ئىككى خىل ھاكىمىيەت ئاستىدا باشقۇرۇلغان ئىسلام دۇنياسى مۇئاۋىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلەشكەن. ئەمەۋىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شام پايتەخت قىلىنغان.

مۇئاۋىيە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىشتە سۇرىيەلىك ۋە يەمەن ئەسلىلىك كەلب قەبىلىسىگە تايانغان.

مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا دۆلەت رەئىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان. مۇئاۋىيە ئالدىنقى تۆت خەلىپىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئۇسۇل بىلەن خەلىپە بولغان. تۆت خەلىپە مەسلىھەت يولى بىلەن سايلام ئارقىلىق خەلىپە بولغان بولسا، مۇئاۋىيە سىياسىي ۋە ھەربىي كۈرەش ئارقىلىق خەلىپىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن. خىلاپەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغان. ئۆزى ھاياتتا تۇرۇپ، ئوغلى يەزىدنى ۋەلى ئەھدى تەيىنلەپ، خەلىپىلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇ ئوغلىنى ۋەلى ئەھدى تەيىنلەپ، خىلاپەتنى پادىشاھلىققا ئايلاندۇرغان. بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن دۆلەت خانىدانلىق تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقا باشلىغان.

مۇئاۋىيە ئوغلى يەزىدكە ۋەلى ئەھدى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەيئەت قىلىش ئۈچۈن 767 ـ يىلى ھەرىكەتكە ئۆتتى، ھىجازدا تۇرۇۋاتقان ھەزرىتى ھۈسەين، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير قاتارلىق بىر نەچچە كىشىدىن باشقا، خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بەيئىتىنى ئالغان. لېكىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىۋاستە ياكى ۋالىلىرى ئارقىلىق قىلغان تەشەببۇسلىرىدا يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان كىشىلەردىن ئۇيغۇن بىر جاۋاب ئالالمىغان. ئاخىرىدا ئۆكتىچىلەر (مۇخالىپەتچىلەر)گە قارشى ئېلىنىدىغان تەدبىرلەرنى ئوغلى يەزىدكە ۋەسىيەت قىلىپ 680 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## 1.2. خىلاپەتنىڭ پادىشاھلىققا ئايلىنىشىغا قارشى ھەرىكەتلەر

### 1.2.1. كەربالا ۋەقەسى

ئەمەۋىي دۆلىتى قۇرۇلغاندا ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى، ئىبنى زۇبەير ۋە خاۋارىجلار ئەمەۋىي خىلاپىتىنىڭ قانۇنى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىتائەت يولىنى تاللاپ، پاسسىپ قارشى تۇرغان.

يەزىد ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا مەدىنە ۋالىسى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەدىن ھەزرىتى ھۈسەين، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە باشقا ئۆكتىچى (مۇخالىپەتچى) كۈچلەردىن بەيئەت ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ۋەلىد ھۈسەين ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى يېنىغا چاقىرغان. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشماي مەككىگە قاچقان. ھەزرىتى ھۈسەين ۋالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم مەخپى بەيئەت قىلمايدۇ. سەنمۇ خەلقنىڭ ئالدىدا ئاشكارا قىلىنمىغان بىر بەيئەتكە رازى بولمايسەن. ـ دېگەن ۋە ئەتىسى كېلىپ خەلقنىڭ ئالدىدا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەزرىتى ھۈسەين ۋەلىدنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ھىجرىنىڭ 60 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 28 ـ كۈنى كېچىسى ئائىلىسى بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان.

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ يەزىدكە بەيئەت قىلماي مەدىنىدىن ئايرىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۇفەلىكلەر ئۇنى خەلىپە قىلىش ئۈچۈن مەكتۇپ يېزىپ بىر ھەيئەت بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ ئەھۋالدا ھەزرىتى ھۈسەين كۇفەدىكى ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇسلىم ئىبنى ئاقىلنى كۇفەگە ئەۋەتكەن. مۇسلىم ئىبنى ئاقىل كۇفەدە ھۈسەينگە ۋاكالىتەن بەيئەت ئالغان. مۇسلىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان يەزىد تىنچلىقپەرۋەر كۇفە ۋالىسى نۇمان ئىبنى بەشىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا بەسرە ۋالىسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنى تەيىنلىگەن. يەزىد يېڭى ۋالىدىن مۇسلىم ئىبنى ئاقىلنى شەھەردىن چىقىرىشنى ياكى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرىغان. نەتىجىدە مۇسلىم ئىبنى ئاقىل ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالغان ھەزرىتى ھۈسەين مىلادىنىڭ 680 ـ يىلى 9 ـ سىنتەبىردە ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە بەزى ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ كۇفەگە قاراپ يولغا چىققان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلار كۇفەگە بارماسلىقنى تەۋسىيە قىلسىمۇ ھۈسەين قارارىدىن يانمىغان. يولدا كۇفەلىكلەرنىڭ بەيئەتلىرىدىن يانغانلىقى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئاقىلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. بۇ ئەھۋالدا مۇسلىم ئىبنى ئاقىلنىڭ ئوغلى ۋە بىر تۇققانلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن يولغا داۋام قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئەگەشكۈچىلىرىنى قېلىش ـ قالماسلىق مەسىلىسىدە ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسمى

ئايرىلغان. ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە يېنىدا قالغان تەخمىنەن 80 كىشىلىك بىر گۇرۇپ بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، باغدادنىڭ غەربى جەنۇپ تەرىپىدىكى كەربالاغا يېتىپ بارغان.

ھەزرىتى ھۈسەيىن ۋە يېنىدىكىلەرنى كۆزۈتۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەربى قىسىمنىڭ قوماندانى ھۆر ئىبنى يەزىد، ھۈسەيىن تەرەپدارلىرىنىڭ كەربالاغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ۋالىغا يەتكۈزگەن. ۋالى ھۈسەيىن ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى قوغدىنالايدىغان يەرلەرگە كىرىۋېلىشقا يول قويماسلىقنى ۋە سۇ بەرمەسلىكنى بۇيرىغان.

كۇفە ۋالىسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد سەئىدنىڭ ئوغلى ئۆمەرنى ھەزرىتى ھۈسەيىنگە قارشى ئەۋەتكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا رەي ۋالىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئۆمەر ئىبنى سەئىد بۇ ۋەزىپىنى مەجبۇر قوبۇل قىلغان. ھەزرىتى ھۈسەيىن ئۇلاردىن كەلگەن يېرىگە قايتىشنى، يەزىدنىڭ يېنىغا ئۆزى بارىدىغانلىقىنى ياكى چېگرا بويلىرىدا ئۇرۇشقا بېرىشقا يول قويۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپ ۋالىغا يەتكۈزۈلگەن. بۇ تەلەپ ۋالى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، بىۋاستە ۋالىنىڭ يېنىغا بېرىش شەرت قىلىنغان. ھەزرىتى ھۈسەيىن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە تەڭپۇڭ بولمىغان ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغان. بۇ ئۇرۇشتا ھەزرىتى ھۈسەيىن ۋە يېنىدىكىلەردىن 72 كىشى شېھىد بولغان. ھىجرىيىنىڭ 61-يىلى 10-مۇھەررەم (مىلادىنىڭ 682-يىلى 10-ئۆكتەبىر)دە مەيدانغا كەلگەن كەربالا قەتلىئامىدا ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ باللىرىدىن ئەلى، ئۆمەر، قىزى، سىڭلىسى بىلەن بىر نەچچە كىشى ھايات قالغان.

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد قەتلىئامدىن ساق قالغانلارنى شامدا تۇرۇۋاتقان يەزىدكە ئەۋەتكەن. ئەسىرلەر شامدا بىر نەچچە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن بىر مۇھاپىزەتچى ئەترىتى بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتىلگەن.

ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ قانلىق ۋەقەلىرىدىن بىرى بولغان كەربالا ۋەقەسى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قايغۇغا سالغان. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ باھانىسى بولۇپ، شىئىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىسلام تارىخىدا بۇ ۋەقە كۆپ تارتىشىلىپ، ھەر خىل باھا ۋە يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### 1.2.2. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋەقەسى

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنىڭ ئوغلىدۇر. مۇئاۋىيە ھايات ۋاقتىدا يەزىدنىڭ ۋەلى ئەھدىلىكىگە بەيئەت قىلمىغاندەك، خىلاپەت تەختىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلماي مەككىگە قاچقان. كەربالا ۋەقەسىدىن كېيىن يەزىدكە قارشى كۈچلەرنىڭ داھىسىغا ئايلانغان.

يەزىد كەربالا ۋەقەسىدىن كېيىن ئىسيان قىلغان مەدىنىلىكلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر قوشۇن ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن هاررە ئۇرۇشىدا ئەمەۋىي هاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان قىلغان مەدىنىلىكلەرنى يەڭگەن. بۇ قوشۇن ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان. قوشۇن قوماندانىنىڭ يولدا ئۆلۈشى بىلەن قوماندانلىقنى هۇسەيىن ئىبنى نۇمەير قولىغا ئېلىپ مەككىنى قورشاۋغا ئالغان. ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان قورشاۋ يەزىدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنىڭ كېلىشى بىلەن توختىتىلغان. يەزىدنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلىغان.

سۈرىيەدە يەزىد ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى مۇئاۋىيەگە، ئىككى ئايدىن كېيىن مۇئاۋىيەنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مەرۋان ئىبنى هاكەمگە بەيئەت قىلىنغان. ئەمەۋىي هاكىمىيىتىدە ئىككى خەلىپىنىڭ كەينى-كەينىدىن ۋاپات بولۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بوشلۇقتا سۈرىيە ئەتراپىدىكى بەزى رايونلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە بەيئەت قىلىشقا تەييارلانغان. لېكىن مەرۋان ئىبنى هاكەم قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن هاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

مەرۋاندىن كېيىن ئەمەۋىي تەختىگە ئوغلى ئابدۇلمەلىك چىققان. ئۇ تەختكە چىققان چاغدا هىجاز بىلەن ئىراقتا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير؛ سۈرىيە، مىسىر، پەلەستىنگە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان هۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىسلام دۇنياسى ئىككىگە ئايرىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىنىسى مۇسئابنى بەسرەگە ۋالى تەيىنلىگەن. مۇسئاب، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن كۇفەنى تارتىۋالغان هەم ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا قارشى چىققان مۇختار ئەس ساقافىنى 687-يىلى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەن.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان مىلادىنىڭ 691-يىلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئىراق ۋالىسى مۇسئاب ئىبنى زۇبەيرگە قارشى قوشۇن ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشتا مۇسئاب يېڭىلىپ ۋاپات بولغان. بۇنىڭ بىلەن هىجازدىن باشقا پۈتۈن ۋىلايەتلەر ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ هاكىمىيەت ئاستىغا ئۆتكەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مىلادى 692-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان هەججاج ئىبنى يۈسۈپ ئەس ساقافىنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە قارشى ئەۋەتكەن. هەججاج مەككىنى قورشاۋغا ئېلىپ مەنجاناقلار بىلەن تاش ئاتقان. ئالتە ئايغا قەدەر سۈرگەن قورشاۋدا مۇسۇلمانلار قىيىن ئەهۋالدا قېلىپ، يېمەك-ئىچمەكلىرى تۈگىگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى تەركېتىشكە باشلىغان. يېنىدا ناهايىتى ئاز ئادەمى قالغان. ئابدۇللاھ ئانىسى ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن تەسلىم بولماي، قەهرىمانلارچە ئۇرۇشۇپ شېهىد بولغان. (مىلادىنىڭ 692-يىلى) ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىغا 10 يىل خەلىپىلىك قىلغان.

## 1.3. فەتىھلەر ۋە ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى


ئەمەۋىي دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان دۆلەتتە ئىنچىلىقنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن قايتىدىن فەتىھلەرگە باشلىغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە فەتىھلەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئالدىنقى سەپتە مەركەزلەشكەن:

1 ـ **ئاناتولىيە ۋە ئەرمەنىستان**: سۇرىيە قوشۇنلىرى ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتىدىكى ئاناتولىيە ۋە ئەرمەنىستان تۇپراقلىرىغا ھەربىي يۈرۈشلەر باشلىغان. ئاناتولىيەگە قىلىنغان يۈرۈشلەر ياز ۋە قىش دەپ ئايرىلىپ، يىلدا ئىككى قېتىم قىلىنغان. بۇ ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ مەقسىدى ۋىزانتىيەنىڭ پايتەختى ئىستانبۇل ئىدى. ئىستانبۇلنى مۇھاسىرە قىلىش مۇئاۋىيە دەۋرىدە باشلانغان. ئاناتولىيە ۋە ئىستانبۇلغا قارشى ھەربىي يۈرۈشلەر مۇئاۋىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. بۇ ۋاقىتلاردا رودۇس ۋە بەزى ئاراللار فەتىھ قىلىنغان.

2 ـ **ماۋەرائۇننەھر، خوراسان ۋە سىند (بۈگۈنكى پاكىستان) رايونلىرى**: بۇ رايونلاردا ئىراق ئەسكەرلىرى فەتىھلەرنى داۋاملاشتۇرغان. خۇراساننىڭ بىر قىسمى توخارىستان ۋە كوھىستان فەتىھ قىلىنغان. سىجىستاندىكى قىسىملار بەزى رايونلارنى فەتىھ قىلىپ كابۇلغا قەدەر ئىلگىرلەپ، جەيھۇندىن ئۆتۈپ بۇخارانى فەتىھ قىلغان.

3 ـ **شىمالىي ئافرىقا**: ئەمر ئىبنى ئاس قوماندانلىقىدىكى مىسىر قوشۇنلىرى شىمالىي ئافرىقىدا فەتىھ ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان. ئۇقبە ئىبنى نافى تەرىپىدىن قىلىنغان فەتىھلەردە شىمالىي ئافرىقىدا مۇھىم مۇۋاپپىقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۇقبە ھەربىي گارنىزون سۈپىتىدە كەيراۋان قۇرغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە بەربەرىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى تېزلانغان. ئەمر ئىبنى ئاستىن كېيىن مىسىرغا ۋالى تەيىنلەنگەن مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇدەيج دەۋرىدىمۇ فەتىھلەر داۋاملىشىپ، تۇنجى قېتىم دېڭىزدىن سىجىلىيا ئارىلىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىنغان.

يەزىد دەۋرىدە ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن تەشكىللىك فەتىھ ھەرىكەتلىرى بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.




ئاسىيا قىتئەسىدىكى فەتىھلەر

ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇقبە ئىبنى نافى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن شىمالىي ئافرىقىدا بەزى فەتىھلەرنى قىلغان. مەرۋان ئىبنى ھاكەم دەۋرىدىمۇ ئوخشاش سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن فەتىھ ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلالمىغان.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرىدە خوراسان، ۋىزانتىيە تۇپراقلىرى ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ئىلگىرى فەتىھ قىلىنغان تۇپراقلارنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىرى دۆلەتتىكى ئىچكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرىكى زېمىنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دۆلەت ئىچىدە بىخەتەرلىكنى ساقلىغاندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىدىكى يەرلەرگە ئەۋەتىشكە باشلىغان. بۇ ئەسكەرلەر قايىراۋان ۋە كارتاجا قاتارلىق ئىلگىرى فەتىھ قىلىنغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، يېڭى يەرلەرنى فەتىھ قىلغان. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان شىمالىي ئافرىقىدىكى ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خوراسان ۋە ئاناتولىيەدىكى ۋىزانتىيە تۇپراقلىرىدا مۇقىملىقنى ساقلىغان. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرىدىكى بۇ مۇۋاپپىقىيەتلەر ۋەلىد دەۋرىدىكى فەتىھلەر ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئابدۇلمەلىك ئىچكى ئىسيانلارنى تىنجىتىپ، ۋاپات بولغان ۋاقتىدا ئوغلى ۋەلىدكە ئاتلانتىك ئوكياندىن جەيھۇن دەرياسىغىچە بولغان كەڭرى زېمىنلارغا ھاكىم بولغان كۈچلۈك بىر دۆلەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە شەرق ۋىلايەتلىرىنىڭ باش ۋالىسى ھەججاج ئىدى. ھەججاج خوراسان ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى تۈركىستاننى فەتىھ قىلىشقا بۇيرىغان. قۇتەيبە تۈرك-ئەرەب چېگرىسى دەپ بېكىتىلگەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھرگىچە يېتىپ كەلگەن. (مىلادىنىڭ 705-يىلى) قۇتەيبە قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى بۇ تۇپراقلاردا بەيكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق تۈرك شەھەرلىرىنى فەتىھ قىلغان. قۇتەيبە ئەڭ ئاخىردا پەرغانە-كاشغەر ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت يولىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈشكە ئاتلانغان. بەزى مۇۋاپپىقىيەتلەر قازانسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى ۋەزىپىدىن ئالغان خەلىپە سۇلايمانغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. تۈركىستاندا 100 يىلغىچە داۋاملاشقان تۈرك-ئەرەب ئۇرۇشىدا تۈركلەر ھەر ۋاقىت ئەرەبلەرگە قارشى تۇپراقلىرىنى قوغدىغان. ئەرەب ئىرقچىلىقى قىلغان بەزى ئەمەۋىي ھۆكۈمدارلىرى بۇ رايوندىكى تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي ئېغىر باج-سېلىق قويغان.

بۇ خىل ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ تۇپراقلاردىكى ئەمەۋىي فەتىھلىرى ئۆمۈرلۈك بولمىغان ۋە تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى كېچىككەن.

ۋەلىد بىن ئابدۇلمەلىك دەۋرى (711-712)دە مۇھەممەد ئىبنى قاسىم قوماندانلىقىدىكى ئەمەۋىي قوشۇنى تەرىپىدىن سىند رايونى فەتىھ قىلىنغان. بۇ تۇپراقلارغا جايلاشقان قەدىمقى بىر پورت شەھىرى «دەيبۇل»نى فەتىھ قىلىشتا

مۇسۇلمان ئەرەبلەر تۈنجى قېتىم كۆچلۈك بىر قۇرال بولغان مەنجاناقنى ئىشلەتكەن. شەھەرنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن غەيرى مۇسلىملارغا ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنى زېمىنى سېپىتىدە ھىمايىسىگە ئالغان. بۇ شەكىلدە ئىسلامىيەت ھىندىستان قۇرۇقلىقىغا يېتىپ بارغان.

ۋەلىد دەۋرىدە تارىق ئىبنى زىياد 711- يىلى بىر قوشۇن بىلەن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان جەبەلى تارىق بوغۇزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىسپانىيەگە كەلگەن. كېيىنكى يىلى مۇسا ئىبنى نۇسەير قوشۇننى باشلاپ ئىسپانىيەدىن ئۆتۈپ فەتىھلەرنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ فەتىھلەر نەتىجىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ چېگىرىسى تۈركىستاندىن فرانسىيىگىچە، ئاناتولىيەدىن ھىندىستانغىچە كېڭەيگەن. ۋەلىد دەۋرىدە يەنە ئاناتولىيە ھەربى يۈرۈشلىرىنىڭ قوماندانى مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك فەتىھلەرنى داۋاملاشتۇرغان.

سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك قوماندانلىقىدىكى ئەمەۋىي قوشۇنى ئىستانبۇلنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇ مۇھاسىرە سۇلەيماننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن بىكار قىلىنىپ، قوشۇن قايتۇرۇپ كېلىنگەن.

مۇسا ئىبنى نۇسايردىن كېيىن ئەندەلۇستىكى ئەمەۋىي قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابدۇراخمان ئەس ساقافى 717 ـ 718 ـ يىللىرى ئارىسىدا فىرەنە تاغلىرىدىن ئۆتۈپ فرانسىيە ئىچىگە يۈرۈش قىلغان. كېيىن بۇ سەپەرلەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ بەزى فەتىھلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. 720 ـ 721 ـ يىللىرىدا مۇسۇلمانلار شىمالىي ئافرىقىدىن سىجىلىيا ئارىلىغا تۈنجى ھەربى يۈرۈشنى باشلىغان.

خەلىپە ھىشام دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھىرگە ۋالى تەيىنلەنگەن ناسىر ئىبنى سەييار ئىلگىرى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تەرىپىدىن فەتىھ قىلىنغان زېمىنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكرار فەتىھ قىلغان. ھىشام تەرىپىدىن ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە ئەلجەزىرە ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن تاغىسىنىڭ ئوغلى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد كاۋكاز رايونىدا فەتىھلەر ئېلىپ بارغان. خەلىپە ھىشام 726 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاناتولىيەگە يۈرۈشلەر باشلىغان. ئەينى يىلى قەيسەرىگە يېتىپ بارغان مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىر يىلدىن كېيىن ئىزنىك ئەتراپىغا قەدەر يېتىپ كەلگەن. ھىشام تەرىپىدىن 730 ـ يىلى ئەندەلۇس ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابدۇرراخمان ئەل گاپىكى فىرەنەلەردىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ھەرىكەت قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن چارلاس مارتەلنىڭ ئەمرىدىكى فرەنك (ياۋرۇپا) ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن بەلاتۇششۇھەدا (پۇۋەتىيا) ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار يېڭىلىپ، ئابدۇرراخمان ئەل گاپىكى شېھىد بولغان. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشى توختىغان.




ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى فەتھلەر

ئەمەۋىيلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دۇنياسى غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن ئىسپانىيەنىڭ پىرەنە تاغلىرىغىچە، شەرقتە جۇڭگۇ ۋە ھىندىستانغىچە كېڭەيگەن.

## 1.4. ئىچكى مەسىلىلەر

ئەمەۋىيلەر دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئىچكى مەسىلىلىرىدىن بىرى قەبىلە ئۇرۇشلىرى ۋە بۇنىڭ ھاكىمىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىدى. ئەمەۋىي قەبىلىلىرىنىڭ سۇفيان ئائىلىسى ھاكىمىيىتىنىڭ كۆپ سانلىق كۆچمە ئىلگىرى سۇرىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان يەمەن ئەسلىلىك كەلب قەبىلىسى تەشكىل قىلغان. مەرۋان ئىبنى ھاكەم دەۋرىدىن باشلاپ كەلب قەبىلىسى بىلەن شىمال ئەرەبلىرىگە مەنسۇپ قەيس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان. كەلب قەبىلىسى مەرۋاننى، قەيس قەبىلىسى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قوللىغان. سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ھاكىمىيەتتە جەنۇپلۇق ئەرەبلەر كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن. بۇ خەلىپە دەۋرىدىن باشلاپ قەبىلىلەردىن بىرى دۆلەت رەئىسىنىڭ يېنىدا تۇرسا، قارشى چىققان قەبىلە ھەرخىل زۇلۇملارغا ئۇچرىغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-جېدەلنى توختىتىشقا تىرىشقان. يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىمالدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى يەرلىك قەبىلىلەرگە بېسىم قىلغان. يەمەنلىك قەبىلىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسيان قىلغان يەزىد ئىبنى مۇھەللەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئەڭ ئاخىرقى ئەمەۋىي خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد شىماللىق قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلغان.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىنىڭ باشقا بىر ئىچكى مەسىلىسى قاتتىق ئۆكتىچى (مۇخالىپەتچى) گۇرۇپپىلاردىن بىرىنى تەشكىل قىلغان ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى ۋە ئەھلى بەيت

ھەرىكەتلىرى ئىدى. خىلاپەتنىڭ ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئەلى تەرەپدارلىرى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان دەۋرىدىن باشلاپ ئەمەۋىي دۆلىتىگە قارشى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئىسيان چىقارغان. مۇئاۋىيە ئۆز دەۋرىدە رەسمىي ھەرىكەت قىلمىغان ئەلى ئەۋلادىنى نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسيانچى بىر گۇرۇپقا ئايلىنىشىغا يول قويمىغان. مۇئاۋىيە بۇلاردىن بىر قىسمىنى دىپلوماتىك يول بىلەن، بىر قىسمىنى قۇرال كۈچى بىلەن بېسىقتۇرغان. مەسىلەن، پارىستا ھەزرىتى ئەلىگە ۋاكالىتەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە دادىسى ئىسىنىق بولمىغان زىياد ئىبنى ئەبىھنى ئەبۇ سۇفيان نەسلىگە قوشۇپ، بىر تۇققۇنۇم دەپ ئېلان قىلىپ جىمىقتۇرغان. خۇتبىلەردە ھەزرىتى ئەلىگە ھاقارەت قىلىشقا قارشى چىققان ھۇجرى بىن ئەدىي قاتارلىق كىشىلەر ۋە بەزى ئەلى تەرەپدارلىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

مۇختار ئىبنى ئەبى ئۇبەيد ئەس ساقافى ئەلى ئەۋلادىنىڭ ھەققىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئەلى ئەۋلادى ۋە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن سەمىمى دەپ قارالماي شۈبھىلىك بىلەن قارالغان. يەزىد دەۋرىدىن باشلاپ ئەمەۋىيلەرگە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىدە بولغان مۇختار ئالدىدا ئىلگىرى ئىبنى زۇبەير بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ كۈتكەن يەردىن چىقمىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ كۇفە، ئەزەربەيجان، ئىسپاھان، مۇسۇل قاتارلىق يەرلەرنى بېسىۋالغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەمەۋىي خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۇچۇنمۇ تەھدىت بولۇشقا باشلىغان. مۇختار ئىبنى ئۇبەيد 687 ـ يىلى مۇسئاب ئىبنى زۇبەير تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى زەيد ئىبنى ئەلى، ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ئىسيان چىقارغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن (740) ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى يەھيا ئىبنى زەيدمۇ دادىسى بىلەن ئوخشاش ئاقىۋەتكە ئۇچرىغان. (743) بۇ ۋاقىتتا ئىسيان قىلغان جەپەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەمۇ بېسىقتۇرۇلۇپ كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن. (746)

ئەمەۋىي دەۋرى خاۋارىجلارنىڭ ئىسيانلىرى ۋە دۆلەتنىڭ بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى بىلەن ئۆتكەن. بۇ ئىسيانلار ئەمەۋىيلەر ئۈچۈن مۇھىم ئىچكى مەسىلە بولغان. مۇئاۋىيە دەۋرىدە كۇفە، بەسرە ۋالىلىرى ئىسيانلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغان. مۇئاۋىيە يەنە ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ خاۋارىجلارغا بولغان دۈشمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سالغان. بۇلارنىڭ سانى ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ ئاز قالغان بولسىمۇ ئەمما ھاياتتا قالغان ۋە يېڭىدىن قوشۇلغانلار داۋاملىق ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىدا بولغان. خاۋارىجلار بىر مۇددەت ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قوللىغان. لېكىن ئۇنىڭ خاۋارىجلارنىڭ كۆز قارشىنى قوللىمايدىغانلىقى، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام

ۋە تەلها ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ھەققىدە ياخشى قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن.

مەرۋان ئىبنى ھاكەم ۋە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرىدىمۇ ئىراقتىن باشلاپ، ئىران ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان خاۋارىج ئىسيانلىرى، ھەججاجقا ئوخشاش ئەمەۋىي ۋالىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. خاۋارىج ۋە باشقا گۇرۇپپىلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ، دەردىگە دەرمان تاپقانلىقى ئۈچۈن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزغا بەيئەت قىلغان. ئەمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئىلگىرىكىدەك خەتەرلىك ئەھۋاللار بولمىسىمۇ ئەمما خانىدانلىقنىڭ زەئىپلىشى بىلەن پاراللېل ئىسيانلارمۇ كۆپەيگەن. بۇ ئىسيانلار شىمالىي ئافرىقىغىچە كېڭەيگەن. مىلادى 720 ـ يىلى باشلانغان خاۋارىج ئىسيانلىرى 20 يىلدىن كېيىن كېڭىيىپ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا كەلگەن. خاۋارىجلار بۇ دەۋردە ھەر خىل پىرقىلارغا بۆلۈنگەن.

بەزى مەشھۇر شەخس ۋە قوماندانلارنىڭ ئىسيانلىرىمۇ ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىچكى مەسىلىلەرگە كىرىدۇ. ئەمەۋىي قوماندانلىرىدىن ھارىس ئىبنى ھادىس ئىبنى سۇرەيج دۆلەتنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان يەرلىك خەلقتىن جىزيە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ۋە ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارغا ئىككىنچى سىنىپ مۇئامىلە قىلىشىغا قارشى خۇراساندا ئىسيان كۆتۈرگەن. بۇ يەردىكى غەيرى مۇسلىم يەرلىك خەلق ھەر خىل ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ھارىس 10 يىل مۇرجىئە مەزھىپىنى تارقىتىشقا تىرىشىپ، ئەمەۋىي ۋالىلىرى بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ ۋاقىتتا ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئىسيان قىلغان جۇدەيد ئىبنى ئەلى ئەل كىرمانى ئىسىملىك بىر شەخس بىلەن ئالدىدا كېلىشكەن، كېيىن ئارىسى ئېچىلغان. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ھارىس ئىبنى سۇرەيج ئۆلگەن. (746)

ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئىسيان قىلغان يەنە بىر شەخس ئىبنۇل ئەشئاس (ئابدۇراخمان ئىبنى مۇھەممەد) ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئەمەۋىي تەرەپدارى ئىدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قوللىغان. كېيىن يەنە تەكرار ئەمەۋىيلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خاۋارىجلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، رەي ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن. شەرقنى فەتھى قىلىشقا ئەۋەتكەن ھەججاج ۋە ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، خەلىپىلىگىنى ئېلان قىلغان. ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىدىن رازى بولمىغان پۈتۈن گورۇھلارنى ئەتراپىغا توپلىغان. ھەججاج ئەۋەتكەن قوشۇننى يېڭىپ ئىراققا كىرىپ بەسرە ۋە كۇفەنى ئالغان. لېكىن 701 ـ يىلى ھەججاج بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلىپ، ئۆزىنى قايتىدىن ئوڭشىيالمىغان.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىچكى مەسىلىلەردىن يەنە بىرى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئىدى. ۋەلى ئەھدى بېكىتىشنى تاللاش ۋە قارار ئۆزگەرتىشلەر خانىدان

ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلغان. ھەتتا ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان زىددىيەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان. 2-ۋەلىد، 3-يەزىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ رەھبەرلىگىدىكى بىر ئىسياندا ئۆلتۈرۈلگەن. 3-يەزىدنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئىبراھىم ئىبنى ۋەلىد ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئەزەربەيجان ۋالىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ئەمەۋىي ئائىلىسىدىن سۇلەيمان ئىبنى ھىشام مەرۋان ئىبنى مۇھەممەدكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. خانىدان مەنسۇپلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەسەت، دۈشمەنلىك ۋالى ۋە قۇماندانلار ئوتتۇرىسىدا پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## 1.5. تاشقى مۇناسىۋەتلەر

ئەمەۋىيلەر ھاكىمىيەت تىكلىگەندە ساسانى ئىمپېراتورلۇقى يىقىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ تۇپراقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈت خەلىپە دەۋرىدە باشلانغان تۈرك دۇنياسى ۋە بەربەرىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىمۇ كۈچىيىپ، بۇ ئىككى مىللەت بۈيۈك نىسبەتتە ئىسلامغا كىرگەن. بۇ ۋاقىتتا فەتىھلەر ماۋەرائۈننەھىر، سىند (بۈگۈنكى پاكىستان)، ئەندەلۇس (بۈگۈنكى ئىسپانىيە)غا قەدەر يېتىپ بارغان. دۆلەتنىڭ چېگىرسى فرانسىيەدىن كاۋكاز ۋە ھىندىستانغىچە كېڭەيگەن. بۇنىڭدا فەتىھ ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ رولى چوڭ بولغان. بۇ فەتىھلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا بەربەرىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىغا پايدىسى بولغان. تۈركلەر ۋە بەربەرىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە باشلانغان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۆت خەلىپە دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. سۈرىيە، ئافرىقىنىڭ شىمالى، ئاق دېڭىزدىكى ئاراللار ۋە ۋىزانتىيەنىڭ ئاناتولىيە تۇپراقلىرىدىكى ۋەزىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا قاراپ تەرەققى قىلغان. بۇ تەرەققىيات ۋە كېڭىيىش ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. ئەمەۋىي قوشۇنلىرى 663-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى ئاناتولىيەگە يۈرۈشلەر قىلغان. 668-يىلىدىن باشلاپ ئىستانبۇل بىر نەچچە قېتىم مۇھاسىرگە ئېلىنغان بولسىمۇ ئەمما نەتىجە چىقمىغان. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان 685-يىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئەمەۋىي تۇپراقلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان. بۇ تىنچلىق ئۇزۇن داۋاملاشمىسىمۇ ئەمما ئىچكى مەسىلىلەر بىلەن بېشى دەرتتە قالغان ئەمەۋىي دۆلىتىنى بىر نەچچە يىل خاتىرجەم قىلغان. ئابدۇلمەلىك ۋىزانتىيەگە تۆلەشكە مەجبۇر قالغان

سېلىقنى ئۆزى باستۇرغان پۇل بىلەن تۆلەشنى تەلەپ قىلغاندا بۇ تىنچلىق بوزۇلۇپ، 695 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇرۇش تەكرار باشلانغان.

## 6 .1 . ئاغدۇرۇلۇشى

ئەمەۋىي دۆلىتى ئاbباس ئوغۇللىرىنىڭ 718 ـ 719 ـ يىللىرىدىن باشلاپ 30 يىلغىچە مۇنتىزىم داۋاملاشتۇرغان قارشىلىق كۆرىستىشى نەتىجىسىدە 750 ـ يىلى يىقىلغان. تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئاbباسىيلار ھەرىكىتىگە كۈچ قوشۇپ، دۆلەتنىڭ يىقىلىشىنى تېزلاتقان.

1. باشتا ئەلى تەرەپدارلىرى ۋە خاۋارىجلار بىلەن بىرگە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئىبنۇل ئەشئاس، ھارىس ئىبنى سۇرەيج، يەزىد ئىبنى مۇھەللەپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسيانلىرى دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتقان. بولۇپمۇ ئاخىرقى ئەمەۋىي خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد دەۋرىدە سۇرىيە، ئىراق، ھىجاز ۋە خوراساندا مەيدانغا كەلگەن ئىسيانلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان.

2. شىمال ۋە جەنۇپ ئەرەبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە بۇلارغا باغلىق ئىسيانلار دۆلەتنى ئاجىزلاتقان. ھەربىي تۈزۈمنىڭ قەبىلە ئاساسىغا تايىنىشى، خەلىپە ۋە ۋالىلارنىڭ قەبىلە زىددىيەتلىرىگە ئارىلىشىشى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتكەن. ئاخىرقى ئەمەۋىي خەلىپىسىنىڭ شىمالدىكى ئەرەبلەرگە تايىنىشى بۇنىڭغا قاراپ جەنۇپلۇق ئەرەبلەرنىڭ دۆلەتكە قارشى چىقىشى دۆلەتنىڭ يىقىلىشىنى تېزلاتقان.

3. ئەمەۋىي خەلىپىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دىنىي ھاياتتىن يىراق بولىشىنى قارشى كۈچلەر داۋاملىق كۈن تەرتىپكە قويغان. خەلىپىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشاغا ھېرىسمەن بولىشى، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئەستايىدىل قىلماسلىقى، خانىدانلىق ئارىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىق ئامىللار دۆلەتنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەپ بولغان.

ئەڭ ئاخىرقى ئەمەۋىي خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد سۇرىيە، ئىراق، ھىجازدا مەيدانغا كەلگەن ئىسيانلارنى باستۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندا ئاbباسىيلار ھەرىكىتى تېخىمۇ تېزلانغان. خوراساندا تۇرۇۋاتقان ئەبۇ مۇسلىم ئاbباس ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ھەرىكەتنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈلۈپ، خوراساندىكى خەلقلەرنىڭ بولۇپمۇ مەۋالىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى 747 ـ يىلى ھەرىكەتنى باشلاپ، ئەمەۋىي قوشۇنىنى يېڭىپ ئىراققا قەدەر ئىلگىرلەپ، 749 ـ يىلى كۇفەنى تارتىۋالغان. بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئاbباس ئائىلىسىدىن ئەبۇ ئاbباس ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلىغان. ئاbباس ئائىلىسى ۋە تەرەپدارلىرى دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەڭ ئاخىرقى ئەمەۋىي خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ ئاbباسنىڭ تاغىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى رەھبەرلىكىدىكى ئاbباسىي قوشۇنى بىلەن زاپ سۈيى

يېنىدا قىلىنغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، سۇرىيە ئارقىلىق مىسىرغا قاچقان. مەرۋان كېيىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن شەرق ئەمەۋىي خاندانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. (750)

## 2. غەرب (ئەندەلۇس) ئەمەۋىيلىرى

ئەندەلۇس (كۆنىمىزدىكى ئىسپانىيە) مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن 711-يىلى فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن 750-يىلىغا قەدەر ئەمەۋىيلەرنىڭ، 750-يىلىدىن 756-يىلىغىچە ئابباسىيلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان. 756-يىلى قۇرۇلغان ئەندەلۇس ئەمەۋىيلىرىدىن ئىلگىرىكى بۇ دەۋر «ۋالىلار دەۋرى» دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە مۇسۇلمان فاتىھلار ئەندەلۇسنى نوقتا قىلىپ تۇرۇپ، ياۋروپانىڭ فەتھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فرانسىيەنىڭ جەنۇبى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن. ھەتتا 732-يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى كۆنىمىزدىكى پارىژ شەھرىگە قەدەر يېقىنلاپ كەلگەن. لېكىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن قەبىلە ئۇرۇشلىرى بىرلىك ۋە ھەمكارلىقنى پارچىلاپ، فەتھ ھەرىكەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلغان.

### 2.1. ئەمىرلىك دەۋرى

ئابباسىيلار مىلادى 750-يىلى شەرقتە ئەمەۋىيلەرنى ئاغدۇرغان ۋاقتىدا ھاياتتا قالغان ئەمەۋىي شاھزادىلىرىدىن ئابدۇراخمان ئىبنى مۇئاۋىيە پەلەستىن ۋە مىسىر ئارقىلىق ئافرىقىغا، ئۇ يەردىن 755-يىلى ئەندەلۇسقا بارغان. ئاخىرقى ئەندەلۇس ۋالىسىنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي 756-يىلى قۇرتۇباغا كېلىپ، ئەمىرلىكىنى ۋە ئەندەلۇسنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان. بۇنىڭ بىلەن 756-يىلىدىن 1031-يىلىغا قەدەر 275 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يېڭى بىر ئەمەۋىي خاندانلىقىنى قۇرغان.

ئەندەلۇس ئەمەۋىي دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرى 756-يىلىدىن 929-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئەمىرلىك»، 929-يىلىدىن 1031-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «خەلىپىلىك» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئەمىرلىك دەۋرىدىمۇ ئۆز ئىچىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن. بۇلار يىل نامى بويىچە 1-ئابدۇرراخمان (756-778)، 1-ھىشام (788-796)، 1-ھاكەم (796-822) ۋە 2-ئابدۇرراخمان (822-852)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى 1-دەۋر، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە گۈللىنىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمىرلىك بىر تەرەپتىن ئابباسىيلار ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى فرەنكلەر (ياۋروپا)نىڭ قىشقىرتىشى بىلەن چىققان ئىسيانلارنى تىنجىتىشقا كۈچ سەرپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن فرەنك ۋە خرىستىئان ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ ئەندەلۇسقا قىلغان ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن قىلچىلىك زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭدا

ئەمەۋىي رەھبەرلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەبەدىلىك مەسىلىسى ھەققىدە كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە پىداكارلىقىنىڭ رولى چوڭ بولغان.

بۇ دەۋردە ئەندەلۇستا ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. مەدەن كانلىرى ئېچىلىپ، يول، كۆۋرۈكلەر رېمونت قىلىنغان. دېھقانچىلىقتا شەرقتىن كەلتۈرۈلگەن يېڭى تېخنىكىلار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلىپ، تاشقى سودىنىڭ نىسبىتى يۇقىرلىغان. ئىقتىسادىي تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ بىناكارلىق ساھەسىدىمۇ تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ئەمىرلىكنىڭ تۇنجى دەۋرىدە يەرلىك ئىسپانىيەلىكلەر ئارىسىدا ئىسلام تېز سۈرئەتتە تارقالغان. ئۈچ يېرىم ياكى تۆت مىليون نوپۇسى بار يەرلىك خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ھەر قانداق بىر بېسىمغا ئۇچرىماستىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارنىڭ شەپقەتلىك مۇئامىلىسى نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولمىغانلارمۇ خاتىرجەملىككە ئىگە بولغان.

ئەمىرلىكتە رەھبەرلىكنى مۇھەممەد (852 ـ 886)، مۇنزىر (886 ـ 888) ۋە ئابدۇللاھ (888 ـ 912) قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان دەۋرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى بوھرانلىق يىللىرى بولغان. تەخمىنەن 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋردە رەھبەرلىك لاياقەتسىز ۋە تەجرىبىسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە قەبىلەۋازلىق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىكلەر كېلىپ چىققان. ھەرخىل قەبىلە ۋە مىللەتلەر (ئەرەبلەر، بەربەرلەر، مۇۋەللەدلەر، مۇستارىبلار) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر خىرىستىئان پادىشاھلىرى تەرىپىدىن كۈشكۈرتۈلۈپ، ئەندەلۇسنى ئىچكى ئۇرۇشلارغا تارتىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقى بۇزۇلۇپ، ئىقتىساد ۋەيران بولۇپ، باج يىغالمىغان. نەتىجىدە دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقداپ قالغان.

## 2.2. خەلىپىلىك دەۋرى

ئابدۇللاھنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى 3 ـ ئابدۇرراخمان (912 ـ 961) تەختكە چىققان. ئۇ تەختكە چىققان ۋاقىتدا دۆلەت ئىقتىسادىي بوھران ۋە سىياسى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. 3 ـ ئابدۇراخمان ئالدى بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەتنى تەرتىپكە سالغان. ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ، ئىسيانچىلارنى رەھبەرلىككە بويسۇندۇرغان. ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ، قۇرتۇبادا مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرغان. ئىسيان قىلغۇچىلارنىڭ قايتىدىن دۆلەتكە باج تاپشۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ ۋاقىتلاردا شىمالىي ئافرىقىدا شىئى فاتىمى ھاكىمىيىتى تېزلا ئەتراپقا كېڭىيىشقا باشلىغان. 3 ـ ئابدۇرراخمان ئىچكى ئىسيانلارنى باستۇرۇشتىكى كۈچىدىن ئىلھام ئېلىپ، مىلادىنىڭ 929 ـ يىلى «ناسىر لىدىنىللاھ» ئۇنۋانى بىلەن ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «ئەندەلۇس ئەمەۋىي ئەمىرلىگى» ئەندەلۇس ئەمەۋىي خەلىپىلىگىگە ئايلانغان.

3 ـ ئابدۇرراخمان دۆلەت ئىچىدە بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن فاتىمىلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان. شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى بەربەرى قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ھاكىمىيەت ساھەسىنى كېڭەيتكەن. شىمالدىكى خرىستىئان پادىشاھلىرىغا قارشى يۈرۈشلەر باشلاپ، ئۇلارنى «ئەندەلۇس ئەمەۋىي خەلىپىلىكى»گە قارشى باج تۆلەيدىغان يېرىم مۇستەقىل بىر دۆلەت شەكلىگە كەلتۈرگەن. ئىچكى بۆلۈنۈشلەردە تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى تۈگىتىپ دۆلەتنىڭ ئىشىكىنى ھەر خىل ئىنسانلارغا ئاچقان. يەنە مائارىپنى كۈچلەندۈرۈپ قۇرتۇباغا كۆپلىگەن قۇرۇلۇشلارنى سالغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە خەزىنىنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن. بۇ مۇۋاپىقىيەتلەر 3 ـ ئابدۇرراخماننىڭ نامىنى مەشھۇرلاشتۇرغان. ۋىزانتىيە ۋە گېرمان ئىمپېراتورلىرى خەلىپىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سىياسى مۇناسىۋەت ئورناتقان.

3 ـ ئابدۇرراخمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى 2 ـ ھاكەم چىققان. (961) ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىلگىرى بەرپا قىلىنغان مۇقىملىق ساقلاپ قېلىنغان. ئىسپانىيە پادىشاھلىرىغا قارشى قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋاپىقىيەتلەر قوغداپ قېلىنغان. ئىلىم ۋە سەنئەتتە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان. يوقسۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن پايتەخت قۇرتۇبادا 27 ياتاقلىق مەكتەپ سېلىنغان. شۇ دەۋردىكى دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك كۇتۇپخانىلىرىدىن ۋە ھەرخىل تېمىغا ئائىت 400 مىڭ كىتابى بار بىر كۇتۇپخانا سېلىنغان.

### 2.3. يىقىلىشى

2 ـ ھاكەمدىن كېيىن ئەندەلۇس ئەمەۋىي دۆلىتىنىڭ تەختىگە تېخى يېشىغا توشمىغان كىچىك 2 ـ ھىشام ئولتۇرغان. بۇ ئەھۋال دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەختىدە بىر




ئەندەلۇسىيە (ئىسپانىيە)دىكى مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى

رەھبەرنىڭ كەملىگىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن مەمۇرىي ۋە ھەربى رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت باشلىغان. بۇ رىقابەتتە غالىپ چىققان ئەسلى يەمەنلىك بولغان ئامىرى قەبىلىسى خەلىپىگە ئائىت ئىمتىيازلارنى قوللانغان. بۇلار ئەندەلۇستىكى سىياسى مۇقىملىقنى 30 يىل ساقلاپ قالغان. لېكىن ئاخىرىدا خەلىپىلىك تەختىگە كۆز تىكىشى نەتىجىسىدە ئەمەۋىيلەر بىلەن ئارىسى بۇزۇلغان. ئاخىرىدا ئامىرى قەبىلىسى مەغلۇپ بولغان. ئەمەۋىي تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خانىدانلىقنىڭ داۋامى ئۈچۈن بېشىغا قويغان كىشىلەر ئىسيانلارنىڭ ئالدىنى ئالالمىغان. ھاكىمىيەتنى تەكرار قولغا ئالغان ئەمەۋىيلەر بۇ قېتىم ئۆز ئارىسىدا تەخت تالاشقان. 20 يىل سۈرگەن تەخت تالىشىش ماجراسىدا مەركىزى ھۆكۈمەت ۋىلايەتلەر ئۈستىدىكى كونتروللۇقنى پۈتۈنلەي يوقاتقان.

بۇ ماجرالاردىن بىزار بولغان پايتەخت قۇرتۇبانىڭ ئاقساقاللىرى 1031 ـ يىلى بىر يەرگە كېلىپ خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەمەۋىي سۇلالىسى مەنسۇپلىرىنى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىشقا قارار قىلغان. رەھبەرلىكنى يۇقىرى قاتلامدىن تەشكىللەنگەن شۇرا (مەسلەھەتچىلەر ھەيئىتى)نىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەندەلۇس ئەمەۋىي دۆلىتى يىقىلغان. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن ئەندەلۇس پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ھەر شەھەر مۇستەقىللىقنى جاكارلاپ بىردىن كىچىك دۆلەت (مۇلۇكۇتتەۋائىف)قا ئايلانغان.

### 2.4. ئەمەۋىيلەردىن كېيىن ئەندەلۇس (1031 ـ 1492)

مۇلۇكۇتتەۋائىف دەۋرىدە ھەر بەگلىك ئەندەلۇسنىڭ بىرلىگىنى قوغدىماي، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداشقا تىرىشقان. پۇرسەت تاپسا چېگرالىرىنى قوشنا ئەللەرگىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان. نەتىجىدە بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىسپانىيە پادىشاھلىرى بىر تەرەپتىن بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا سۇخەنچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندەلۇس تۇپراقلىرىغا ھەربى قىسملار ئەۋەتكەن. نەتىجىدە 1085 ـ يىلى دۆلەتنىڭ قۇرتۇبادىن كېيىنكى ئىككىنچى بۈيۈك شەھرى تولەيتولا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن چىقىپ، خرىستىئانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

بۇ ئەھۋالدا ئەمەۋىي رەھبەرلىرى دۆلەتنى قوغداشقا ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ ۋاقىتلاردا شىمالىي ئافرىقىدا كۈچلۈك دۆلەت قۇرغان مۇرابىتلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان. مۇرابىتلار ئەندەلۇسقا كېلىپ، خرىستىئان تەھدىتىنى توسىغان. بەگلىكلەرنى يوقۇتۇپ ئەندەلۇسنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. ئەندەلۇستا مۇرابىتلارنىڭ ھاكىمىيىتى 1090 ـ يىلىدىن 1147 ـ يىلىغىچە داۋملاشقان.

مۇرابىتلارنىڭ يىقىلىشىدىن كېيىن ئەندەلۇسنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇرابىتلارنىڭ ئورنىغا قورۇلغان مۇۋاھھىتلار ئۈستىگە ئالغان. (1147). لېكىن 1228 ـ يىلى مۇۋاھھىتلارمۇ زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن. 1228 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گىرناتا ۋە ئەتراپىدىكى بىر نەچچە شەھەردىن باشقا پۈتۈن ئەندەلۇس تۇپراقلىرى خرىستىئانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەن.

مۇسۇلمانلار قولىدا تۇتۇپ تۇرغان گىرناتا ۋە ئەتراپىدا گىرناتا سۇلتانلىقى، يەنە بىر ئىسمى بىلەن ناسىرىلار دۆلىتى (1238 ـ 1492)نى قۇرغان. ناسىرىلار يۇمشاق ۋە ئاكتىپ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ بۇ دۆلەتنى ئىككى يېرىم ئەسىرغا يېقىن ئاياقتا تۇتقان. لېكىن ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن بۇ دۆلەتمۇ ئاجىزلىغان. ناسىرىلار سىرتتىن كېلىدىغان تەھدىتلاردا شىمالىي ئافرىقىدىن ياردەم ئالالمىغان. نەتىجىدە كاستىلىيە ئاراگون پادىشاھلىقى 1492 ـ يىلى گىرناتانى ئىشغال قىلغان. كاستىلىيا پادىشاھى پەردىناند ۋە ئايالى خانىش ئىزابەللا گىرناتانى ئالغاندا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. پادىشاھ بۇ كېلىشىم ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئەركىن ياشاشقا يول قويىدىغانلىقى، جان ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى، دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىمايدىغانلىقى، ئىبادەت ئىشلىرىغا ئارلاشمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسپانىيەدە سەككىز ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاخىرلاشقان.

## 2.5 ئەندەلۇستىكى مۇسۇلمان مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بېرىلىشى

كاستىلىيا پادىشاھى پەردىناند، ئايالى خانىش ئىزابەللا گىرناتانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە بەش يىل ئەمەل قىلغان. كېيىن چىركاۋ مەسئۇللىرىنىڭ قىشقىرتىشى بىلەن 1497 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرى خرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان. خرىستىئان راھىپلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى خرىستىئان بولۇشنى ياكى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنى تەرك ئېتىشنى تەلەپ قىلغان.

ئىسپانىيە پادىشاھلىقى 1526 ـ يىلى بىر پەرمان چىقىرىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنى خرىستىئانلىققا قوبۇل قىلغانلىقنى جاكارلىغان. ھاكىمىيەتى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى، ھايۋانلارنى مۇسۇلمانچە بوغۇزلىشى، قاسساپلىق قىلىشى، خەتنە قىلىشى ۋە مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇشىنى چەكلىگەن. يەنە 1556 ـ 1557 ـ يىللىرىدا بىر پەرمان چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ 11 ياشتىن كىچىك باللىرىنى خرىستىئان مەكتەپلىرىگە بېرىشنى، ئەرەبچە ئوقۇتۇش مائارىپىنى توختىتىشنى، ئاياللارنىڭ خرىستىئان ئادىتى بويىچە كېيىنىشنى بۇيرۇق قىلغان. بۇ قاتتىق چەكلىمىلەرگە قارىتا مۇسۇلمانلار 1568 ۋە 1570 ـ يىللار ئارىسىدا قوزغالغان. لېكىن بو قوزغىلاڭ باستۇرۇلغان.

ئىنگىزىسيون مەھكىمىلىرى يۇقىرىدىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولغان. ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلەنگەن كىشىلەر جازالاندۇرۇلغان. ئىسپانىيە پادىشاھلىقى پۈتۈن بىسمىلار ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدىن ئىسلامنى چىقىرىۋېتىشكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، 1609 ـ 1614 ـ يىللىرى ئارىسىدا تەخمىنەن 500 مىڭغا يېقىن مۇسۇلماننى ئىسپانىيەدىن سۈرگۈن قىلغان.

# 5 ـ باپ. ئاbbاسىيلار

### 1. قۇرۇلۇشى

ئابباسىي دۆلىتى ئىسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباستىن ئالغان. ئابباسىيلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەپ بولغان تۇنجى ھەرىكەت 717 ـ يىلى ھەزرىتى ئابباسنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەلى تەرىپىدىن باشلانغان. 717 ـ يىلىغىچە ئابباس ئوغۇللىرى ياكى نەۋرىلىرى سىياسى جەھەتتە ئالدىغا ئۆتمىگەن. ئەلىمۇ دەسلەپتە بۇۋىسىغا ئوخشاش سىياسەتكە بەك قىزىقىپ كەتمىگەن. لېكىن ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئابباسىي ئائىلىسىنى پايتەختتىن شامدىن سۈرگۈن قىلىشى بىلەن ئەھۋال ئۆزگەرگەن. ئەمەۋىيلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئەلى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن قورقۇش ئېھتىمالى بولغان.

ئەلى 714 ـ يىلى ئابباسىي ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كۈنىمىزدىكى ئىئوردانىيە چېگرىسى ئىچىدە قالغان ھۇمەيمە يېزىسىغا ئورۇنلاشقان. ھۇمەيمە ئەمەۋىي رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، مەخپى تەشكىللىنىشكە مۇۋاپىق يەر ئىدى. ئەلى يېزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ 714 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئابباسىي ھەرىكىتىنى باشلىغان.

ئابباسىي ھەرىكىتى باشلانغان ۋاقىتتا ئەمەۋىيلەر بىر قىسىم قىيىنچىلىقلار بىلەن بېشى دەرتتە ئىدى. ئەرەب قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولۇۋاتاتتى. سىففىن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان خاۋارىجلار ئەمەۋىيلەرگە قارشى داۋاملىق ئىسيان كۆتىرىش ھالىتىدە ئىدى. ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچلىنىۋاتاتتى. ئاخىرقى تەرەپدارلار پەقەت ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن كىشىنىڭلا خەلىپە بولىشىنى لايىق دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ سەۋەپتىن بەزى رايونلاردا ئەمەۋىيلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىسيانلار كۆتەرگەن.

ئابباسىي ھەرىكىتىنىڭ باشلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەلى تەرەپدارلىرىمۇ ھۇمەيمەگە كەلگەن. بۇ يەردە ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئابباسىيلار بىلەن ئىتتىپاق قۇرغان. ئەمەۋىيلەرگە قارشى بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىگىنى ئابباسىيلار ئۈستىگە ئالغان. ئابباسىيلار ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ ياردىمىنى ئالغاندىن كېيىن 718 ـ يىلىدىن باشلاپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن

كۆپلىگەن تەشۋىقاتچىنى ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتكەن. ئەمەۋىي زۇلمىغا قارشى ئادالەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

كۇفە ۋە خوراساندا ئەڭ كۈچلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان. 745-يىلى بۇ يەرگە ئابباسىي ئائىلىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەبۇ مۇسلىم خوراسانى كەلگەن. بۇ ئادەم ئەسلى ئىرانلىق ئىدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خوراسانغا كېلىشى ئابباسىي ھەرىكىتى ئۈچۈن مۇھىم بىر باشلانغۇچنى تەشكىل قىلغان. ئۇ خوراساندا ئەرەب قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، 747-يىلى ئابباسىيلارنىڭ ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەن. قىسقا ۋاقىتتا ئەمەۋىي قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ خوراساننى ئىگەللىگەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ 749-يىلى ئابباسىي قوشۇنلىرى كۇفە شەھىرىگە كىرگەن. كەينىدىنلا ئابباسىيلار كۇفە داھىسى ئەبۇ ئابباسنى خەلىپە دەپ جاكارلىغان. ئەبۇ ئابباس خەلىپە بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق خۇتبىسىدا ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ئابباسىيلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئابباسىيلار ھاكىمىيەتكە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا شىئەلەر بىلەن قۇرغان ئىتتىپاقنى بۇزماسلىققا ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنىڭ داھىلىرىنى بىر-بىرلەپ يوقاتقان.

ئابباسىيلار ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بىر قوشۇننى سۇرىيەگە ئەۋەتكەن. ئەمەۋىي قوشۇنى مىلادىنىڭ 750-يىلى زاپسۇ دەرياسى يېنىدا ئابباسىي قوشۇننى توسۇپ قېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئەمما يېڭىلگەن. ئابباسىي قوشۇنى ئەمەۋىيلەرنىڭ پايتەختى شامغا كىرگەن. ئەمەۋىي ھۆكۈمدارى 2-مەرۋان مەغلۇپ بولۇپ مىسىرغا قېچىشقا مەجبۇر قالغان. لېكىن شۇ يىلى ئابباسىي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەمەۋىي دۆلىتى يىقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئابباسىي دۆلىتى قۇرۇلغان.

ئابباسىيلار ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئەمەۋىي ئائىلىسىدىكىلەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىشقا باشلىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەمەۋىي ئائىلىسىدىن كۆپ ئىنسان ئۆلتۈرۈلگەن.

ئابباسىيلار ئەمەۋىي دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەن بىللە ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ باشلىغان سەلتەنەت (پادىشاھلىق) ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. چۈنكى تۇنجى ئابباسىي خەلىپىسى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئورنىغا ئىنىسى ئەبۇ جاپەرنى ۋەلى ئەھدى تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابباسىي ھاكىمىيىتىدە ھوقۇق تۇتقان 35 خەلىپىنىڭ ھەممىسى ئەبۇ جاپەرنىڭ نەسلىدىن كەلگەن. مىلادىنىڭ 754-يىلى ئابباسىي ھاكىمىيىتىنىڭ تەختىگە ئەبۇ جاپەر مەنسۇر چىققان.

مەنسۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قىسىم ئىشلارنى قىلغان. خىلاپەت تەختىگە كۆز تىككەن ۋە ئۆزىنى تونىمىغان تاغىسى ئابدۇللاھنى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ياردىمى بىلەن يوقاتقان. كېيىن خوراساندا كۈچلەنگەن ئەبۇ مۇسلىمنى كەلگۈسىدە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ ئۆلتۈرگۈزگەن. ئەلى تەرەپدارلىرى ئابباسىيلارنى ئالدامچىلىق قىلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىبراھىم ۋە ئىنىسى مۇھەممەدنىڭ رەھبەرلىگىدە ئىسيان كۆتۈرگەن. مەنسۇر 762 ـ 763 ـ يىللىرىدا ئارىسىدا بۇ ئىسيانىنى قاتتىق باستۇرغان.

مەنسۇر ئىچكى تەھدىتلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن دىجلە دەرياسىنىڭ يېنىغا مەشھۇر باغداد شەھرىنى بىنا قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن باغداد گۈزەللىگى ھەم مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى بىلەن قىسقا ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق ۋە ئەڭ گۈزەل شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

مەنسۇر يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەيدىغان بۇ خىل پائالىيەتلىرى بىلەن ئابباسىيلارنىڭ ھەقىقى قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئابباسىيلارنىڭ تارىخى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچى دەۋر 750 ـ 847 ـ يىللارغىچە بولغان تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنسۇر، مەھدى، ھارۇن رەشىد، مەئمۇن، مۇتاسىم، ۋاسىق قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى دەۋرى. بۇ دەۋر ئابباسىيلارنىڭ ھەتتا ئىسلام تارىخىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قورۇلۇشىمۇ ئاساسلىق بۇ دەۋردە ئەمەلگە ئاشقان. ئىككىنچى دەۋر بولسا 847 ـ يىلىدىن باشلاپ ئابباسىيلارنىڭ يىقىلىش تارىخى بولغان 1258 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرلەردە ئاباسىي دۆلىتى ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ، خىلاپەت تۇپراقلىرىدا كۆپلىگەن مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان.




ئاbbاسىيلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى

## 2. ھاكىمىيەتتە مەۋالىلارنىڭ كۆپلىگى

ئەمەۋىيلەر ئەرەبلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بىر دۆلەت ئىدى. ھاكىمىيەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبلەردىن تەشكىل تاپقان. ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلار يەنى مەۋالىلار ئىدارە، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولالمىغان، ھەتتا ئىككىنچى سىنىپ پۇخرا مۇئامىلىسى كۆرگەن. ئەسلىدە ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبلەر بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنداق بولمىغان. مىسال قىلساق، ئۇلاردىن دۆلەتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن مەۋالى خەلقلەردىن ئەرەبلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ باج ئالغان. ھەتتا مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ جىزيىسىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان. ئۇرۇشلاردا ئەرەبلەر ئاتلىق ئەسكەر بولسا مەۋالىلار پىيادە ئەسكەر قىلىنغان. ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنىمۇ ئەرەبلەردىن ئاز ئالغان. بۇ خىل سىياسەت ئەمەۋىي خەلىپىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (717 ـ 720) دەۋرىدە بىكار قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى ھالەت داۋاملاشتۇرۇلغان.

ئەمەۋىييلەرنىڭ ئورنىغا ئاbbاسىيلارنىڭ چىقىشى بىلەن ئەرەبلەر ھاكىمىيەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى مەلۇم نىسبەتتە قولدىن بېرىپ قويغان. ھەتتا مەۋالىلار ئەرەبلەرگە قارشى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن. ئاbbاسىيلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا خوراسانلىق مەۋالىلار بۈيۈك رول ئوينىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەت تۇنجى قۇرۇلغان ۋاقىتتا ھاكىمىيەتتە بەزى مۇھىم يەرلەر مەۋالىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. مىسال قىلساق، ئاbbاسىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك شەخسلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ مۇسلىم مەۋالى ئىدى. تۇنجى ئاbbاسىي

خەلىپىسى ئۇنىڭ سايىسىدا ئىش قىلغان. خەلىپە مەنسۇر ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ياردىمى بىلەن بەزى ئىسيانلارنى باستۇرغان.

باغداد پايتەخت قىلىنغاندىن كېيىن مەۋاللارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زورايغان. تۇنجى ئاbbاسىي خەلىپىسى يېڭى پايتەختتە ساسانىلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئەمەۋىيلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قۇرۇپ چىققان. خەلىپىلىكتىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى ماقام بولغان ۋەزىرلىك ئاbbاسىيلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتىدا يەر ئالغان. ئاbbاسىي سارايىدا پارىسچە ئۇنۋانلار قوللىنىلىپ، پارىسچە ناخشىلار ئېيتىلىشقا باشلىغان. ئىران پىكىر ۋە سەنئىتى ئۆزىنى نامايەن قىلغان.

ئاbbاسىي ھاكىمىيىتىدە مەۋاللار ئاbbاسىيلار قورۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە كۈچىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى بەرمەكىلەر ئائىلىسى ئىدى. بۇ ئائىلە ئىرانلىق بولۇپ، ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى بۇددىست ئىدى. ئائىلىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان خالىد، ئاbbاسىي دۆلىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا خەلىپە ئەبۇ ئاbbاس تەرىپىدىن غەيرى مۇسلىملاردىن ئېلىنىدىغان باج توپلىنىدىغان «دىۋانۇل ھاراج» ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مائاشلىرىنى تارقىتىدىغان «دىۋانۇل جۇند»نىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. خالىد بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلىپىنىڭ خۇسۇسى كاتىپلىقىنىمۇ قىلغان. بۇلاردىن باشقا باغداد شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان. ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا پارىس ۋە تەبەرىستانغا ۋالىيلىق قىلغان.

خالىددىن كېيىن بەرمەكىلەر ئائىلىسىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى يەھيامۇ ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 775-يىلى ئەزەربەيجان ۋالىسى بولغان. مەشھۇر ئاbbاسىي خەلىپىسى ھارۇن رەشىدنىڭ شاھزادىلىگى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھارۇن رەشىد خەلىپە بولغان ۋاقتىدا ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ماقامىنى خەلىپىدىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرگەن. يەھيا ئۇزۇن مۇددەت ھاكىمىيەتنى يالغۇز باشقۇرغان. يەھيانىڭ ئوغۇللىرى پازىل ۋە جاپەرمۇ ھاكىمىيەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن. پازىل شەرقتىكى ۋىلايەتلەرنىڭ، جاپەر غەربتىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىقىنى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ پايتەختتىن باشقا يەرلەرنىڭ ھاكىمىيىتى يەھيانىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان.

يەھيا 17 يىل ۋەزىرلىك قىلغان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھاكىمىيەتتە مۇتلەق بىر ھاكىمىيەتكە ۋە نوپۇزغا ساھىپ بولغان. يەھيانىڭ ھارۇن رەشىد (786-809)كە ۋەزىرلىك قىلغان دەۋرى ئاbbاسىي دۆلىتىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىرانلىق مەۋاللارنىڭ ھاكىمىيەتتىكى نوپۇزىغا ئەرەبلەر قارشى چىققان. ئەرەبلەر خەلىپىلىك ماقامىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغۇللىرى ئەمىن (809-813) بىلەن مەئمۇن (813-833) ئوتتۇرىسىدا چىققان ئۇرۇشتا ئانىسى ئىرانلىق بولغان مەئمۇنغا قارشى، ئانىسى ئەرەب بولغان ئەمىننى قوللىغان. بۇ ئۇرۇشتا مەئمۇننىڭ

غەلبە قىلىشى بىلەن ئەرەبلەر ھاكىمىيەتتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇلغان. ئىرانلىقلار ۋەزىر ياكى قۇماندانلىقتا تەيىنلىنىپ ھاكىمىيەتتىكى نوپۇزىنى كۈچەيتكەن.

ئىرانلىقلارغا ئوخشاش مەۋالىلار ئارىسىدا يەر ئالغان تۈركلەرمۇ ئابباسىيلار دەۋرىدە ئىمتىيازى يۇقىرىلىشقا باشلىغان. تۈركلەر مەئمۇن دەۋرىدىن باشلاپ ھاكىمىيەتتە نوپۇزغا ئىگە بولۇشقا باشلىغان. مەئمۇن خەلىپىلىگىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كۆپىنچە ئىرانلىقلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان. كېيىن ئىرانلىقلارنىڭ ھاكىمىيەتتە كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە بولىشى بىلەن بۇلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن خوراساندىكى ۋاقىتدا بىلىدىغان تۈركلەرنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان. خەلىپىلىگىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتدا تۈركلەرنىڭ سانى 10 مىڭغا يېتىپ، قۇماندانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركلەر تەشكىل قىلغان. مەئمۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى مۇئتاسىم (833-842) تۈركلەرنىڭ ياردىمى بىلەن خەلىپە بولغان. مۇئتاسىم ھەر قايسى يەرلەردىن ئەسكەر يۆتكەپ، ئارمىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركلەردىن تەشكىل قىلغان. 836-يىلى سامارىرا شەھىرىنى قۇرۇپ، تۈرك ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە خەلىپىلىك مەركىزىنى بۇ يەرگە يۆتكىگەن. بۇنىڭ بىلەن 892-يىلىغىچە داۋاملىشىدىغان «سامارىرا دەۋرى» باشلانغان. بۇ ۋاقىتلاردا تۈرك ئەسكەر ۋە قۇماندانلار ھاكىمىيەتتە كۈچىنى كۆرسەتكەن. بۇلار مۇتەۋەككىل (847-861)دىن باشلاپ خالىغان ئادەمنى خەلىپە قىلىدىغان، خالىغان ۋاقىتدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتەلەيدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. مەسىلەن، 861-يىلى تەختكە چىققان خەلىپە مۇنتاسىر بىر يىلدىن كېيىن ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا كىمنىڭ كېلىشى مەسىلىدە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقاندا، چوڭ بۇغا، كىچىك بوغا ۋە ئۇتامىش قاتارلىق تۈرك قۇماندانلار توپلىنىپ، مۇتاسىمنىڭ ئەجدادىدىن كەلگەن بىرسىنىڭ خەلىپە بولىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەھمەتكە مۇستەئىن ئۇنۋانىنى بېرىپ خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان. كېيىن مۇستەئىننى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئورنىغا مۇتەز (866-869)نى خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇزغان.



ئىستانبۇل توپكاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر» ئارىسىدىكى پەيغەمبىرىمىزگە ئائىت قىلىچ

مەۋالىلار بىر تەرەپتىن ھاكىمىيەتتە كۈچلۈك ئىمتىيازلارغا ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەركىن مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىگىنى تىلغا ئالىدىغان

ئەسەرلەر يازغان. بۇ ئەسەرلەردە ئىككى تەرەپ ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى يېزىش بىلەن بىرگە قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكلىرىنىمۇ يازغان. ئابباسىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقان بۇ ئەھۋال «شۇئۇبىيە ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

## 3. ئابباسىيلارنىڭ دىنىي سىياسىتى

ئابباسىيلار ئەمەۋىيلەرگە قارىغاندا ئىسلامغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. خەلىپىلىكنىڭ دىنىي بىر ھوقۇق ئىكەنلىكى، بۇ ھوقۇقنى تۆت خەلىپىدىن كېيىن پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىق پىكرىنى كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن. بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان تۇغقانلىقى ئىدى. بۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شىئەلەرگە قارشى سۆزلىگەن. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىئەلەر خەلىپىلىكنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيوغلى ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارمۇ خەلىپىلىك ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان تۇققانلىقنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئابباسىيلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىنىڭ قىزى پاتىمە ۋە كىيوغلى ئەلى ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەس، تاغىسى ئابباس ۋاستىسى ئارقىلىق داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شىئەلەرگە قارشى چىققان.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكنىڭ دىنىي بىر ماقامىلىق پىكرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان تۇغقانلىقىنى دەلىل قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىك پىكرىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ سەۋەپتىن ئۆزىنى «ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى» دەپ ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىگە ۋەكىللىك قىلىشنىڭ پەقەتلا ئۆزىگە خاس ئىكەنلىكى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ قىيامەتكىچە ئۆز قولىدا بولۇشى لازىملىقى پىكرىنى تەشۋىق قىلغان. ئابباسىيلار دىنغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئىككى مۇھىم شەھەر دەپ قوبۇل قىلىنغان مەككە ۋە مەدىنىگە بۈيۈك خىزمەتلەر قىلغان. مەككىدە مەسجىدى ھەرەمنى، مەدىنىدە پەيغەمبەر مەسجىدىنى كېڭەيتكەن. سۇ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇدۇق قازدۇرغان. دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن قاناللار قازغان. ھەج يوللىرىنى رېمۇنت قىلىپ، بىخەتەرلىكنى ساقلىغان.

ئابباسىيلار قۇرۇلۇش باسقۇچىدا شىئەلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئەمما ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن شىئى پىكرلەردىن يىراق تۇرغان. بۇنىڭ ئورنىغا كۆپچىلىك قوبۇل قىلغان سۈننى چۈشەنچىنى قوللىغان. سۈننى چۈشەنچىنىڭ ۋەكىلى بولغان ھەدىس ئالىملىرى ۋە فىقھىچىلارغا يېقىن تۇرغان.

ئابباسىيلار ئەمەۋىيلەرگە قارىغاندا ئەرەب بولمىغان خەلقلەرنىڭ ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولىشىغا زور كۈچ چىقارغان. ئۇلاردىن ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئېلىنغان ئارتۇق

باجلارنى بىكار قىلغان. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىششىغا يول قويغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىسىر، خوراسان، تۈركىستاندىكى غەيرى مۇسۇلمانلار توپ-توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى غەيرى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئابباسىيلار دەۋرىدە ئەھۋال ئەكسىچە بولغان.

ئابباسىيلار ئىسلام دۇنياسىنى تاشقى ھۇجۇملارغا قارشى قوغداشنى دىنىي سىياسەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىغان. بولۇپمۇ ۋىزانتىيەلىكلەرگە قارشى سەپەرۋەر قىلىنغان ھەربى يۈرۈشلەرنىڭ بەزىلىرىگە خەلىپىلەر بىۋاستە قاتناشقان. بۇنىڭ بىلەن جىھادقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئابباسىيلار قەدىمقى ئىران دىنى ۋە مەزھەپلىرىگە مەنسۇپ شەخس، تەبىقىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق كۆرۈنىشى ئاستىدا قايتىدىن تىرىلىش غەيرەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ۋاقتى كەلگەندە بۇلارنى قاتتىق جازالىغان.

## 4. ئىچكى مەسىلىلەر

ئابباسىي دۆلىتى 750-يىلى قۇرۇلۇپ 1258-يىلى يىقىلغان. ئابباسىيلار 500 يىلدىن كۆپ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرىدە كۆپلىگەن ئىچكى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپ سەۋەپلىرى بار. بۇلاردىن بىر قىسمى خەلىپىلىكنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسى ئىدى. مەسىلەن، ھارۇن رەشىدتىن كېيىن ئوغۇللىرى ئەمىن ۋە مەئمۇن خەلىپىلىك ماقامىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر-بىرىگە قارشى بەش يىل ئۇرۇشقان.

11-ئەسىردىن باشلاپ خەلىپە تەيىن قىلىشتا ئابباسىي سارايىدىكى شاھزادە ئانىلىرى ۋە تۈركلەر چوڭ رول ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك تەختىگە قابىلىيەتلىك ۋە ئەڭ لايىق كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئانىسى كۈچلۈك بولغانلىرىنىڭ باللىرى ياكى تۈركلەر ئۈيغۇن كۆرگەن كىشىلەر ئولتۇرغۇزۇلغان. بۇ ئەھۋال ھەم ئابباسىي خاندانىنىڭ ئۆز ئىچىدە ھەمدە ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا بەزى قارمۇ-قارشىلىقلارغا سەۋەپ بولغان.

ئىچكى مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرقىسمى ھاكىمىيەت مەركىزىدىن يىراق بەزى رايۇنلاردىكى ۋالىيلارنىڭ ياكى رايۇن خاراكتېرلىك رەئىسلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. مەسىلەن، خوراساندا تاھىرىلەر، مىسىردا تولۇن ئوغۇللىرى، شىمالىي ئافرىقىدا ئاغلەبىلەر بۇ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان.

يەنە بىر باشقا مەسىلە ئابباسىيلاردىن قۇتۇلغان ئەمەۋىي خاندانىنىڭ ئەمەۋىي دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىسيان كۆتىرىشى ئىدى. چۈنكى ئەمىن بىلەن مەئمۇن ئوتتۇرىسىدا كۈرەش داۋاملىشىۋاتقاندا ئەمەۋىي ئائىلىسىدىن ئەلى ئىبنى خالىد ئىسيان كۆتىرىپ، سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلىپ بىر مۇددەت سۈرىيە ۋە ئەتراپىنى

ئۆزگە قاراتقان. لېكىن ئابباسىيلار بۇ ھەرىكەتنى كېڭىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى باستۇرغان.

ئاببасىيلار دەۋرىدە ئىچكى مەسىلىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋىيەلەردىن ئوتتۇرىغا چىققانلىرىمۇ بار. بەسرە ۋە ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا چىققان قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتى، بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى ئىدى. بۇ رايوندا ئېتىز ۋە تۇز كانلىرىدا ئىشلەۋاتقان قارا تەنلىك قۇللار ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، 870- يىلى ھەزرىتى ئەلى ئەجدادىن كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىسيان تېزلىكتە كېڭىيىپ ئاببасىي رەھبەرلىرىنى بىئارام قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ئۇزۇن كۈرەشلەردىن كېيىن تۈرك قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىتى بىلەن 883- يىلى ئىسيان باستۇرۇلغان.

ئاببасىي ھاكىمىيىتىنى جىددى تەھدىت قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئارىسىدا مەزھەپ خارەكتېرلىق، دىنىي خارەكتېرلىق ئىسيانلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.

## 4.1. ھاكىمىيەتكە قارشى دىنىي ۋە سىياسى ھەرىكەتلەر

### شىئى ئىسيانلىرى

ئاببасىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دىنىي، سىياسى ھەرىكەتلەردە شىئى ئىسيانلىرى باشتا كېلىدۇ. شىئىلار ئاببасىيلارنى ھاكىمىيەتنى ئالداپ تارتىۋالدى دەپ قارايتتى. بۇ سەۋەپتىن مەنسۇر دەۋرىدە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەسلىدىن كەلگەن مۇھەممەد كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسيانغا باشلامچىلىق قىلغان. مەدىنىدە چىققان ئىسيان قىسقا ۋاقىتتا مەككە، ئۇ يەردىن بەسرە ۋە ئەتراپىغا كېڭەيگەن. بۇ ۋىلايەتلەردە مۇھەممەدكە خەلىپە سۈپىتىدە بەيئەت قىلىنغان. لېكىن ئاببасىي قوشۇنلىرى بۇ ئىسياننى قاتتىق باستۇرغان.

مۇھەممەدنىڭ ئىسيانىدىن تەخمىنەن چارەك ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن خەلىپە ھادى (785-786) دەۋرىدە يەنە ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىلىرىدىن ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئاببасىيلارنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىسيان كۆتۈرگەن. ئاببасىيلارنىڭ قاتتىق قارشى چىقىشىغا قارىماي مەككە، مەدىنىنى كونترول ئاستىغا ئېلىپ، بۇ ئىككى شەھەر خەلقىنىڭ ئۆزىنى خەلىپە دەپ تونۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن ئاببасىيلار ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنى ئۆلتۈرۈپ بۇ ئىسياننى باستۇرغان. ئىسيانغا قاتناشقانلاردىن بىر قىسمى قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزغان. بۇلاردىن بىرى ھۈسەيىننىڭ ئىنىسى ئىدرىس ئىدى. ئىدرىس كۆنىمىزدىكى ماراكەشكە يەرلەشكەندىن كېيىن،

ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىسمى بولغان ئوغلى ھارۇن رەشىد دەۋرىدە ئىدرىسلەر دۆلىتىگە ئاساس سالغان.

خەلىپە مەئمۇن تەختنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنىسى ئەمىن بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا غەلبە قازانغاندىن كېيىن مەرۋىدىكى ۋاقتىدا ئۆز يېرىگە ئەھلى بەيتتىن ئەلى ئەررىزانى ۋەلى ئەھدى تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پايتەخت باغدادتىكى شىئەلەر ھەزرىتى ھەسەن نەسلىدىن كەلگەن ئىبراھىم مەھدىنى خەلىپە ئېلان قىلغان. (مىلادىنىڭ 817 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل) بۇ ئەھۋال ئابباسىي ھاكىمىيىتىدە ئىككى رەھبەرنىڭ تەختتە ئولتۇرىشىغا ۋە باشقا قىينىچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. مەئمۇننىڭ باغدادقا كېلىشى بىلەن ئىبراھىم ئىبنى مەھدى خەلىپىلىك ماقامىنى تەركېتىشكە مەجبۇر بولغان. مەئمۇن يەنە ئەلى ئەررىزا ھەققىدىكى قارارىنى بىكار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىئەلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۈمىدلىرى يەنە بىر قېتىم نەتىجىسىز قالغان.

مۇئتاسىم (833 ـ 842)نىڭ خەلىپىلىگىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا بۇ قېتىم ھۈسەيىننىڭ نەسلىدىن كەلگەن مۇھەممەد ئىبنى قاسىم خوراساندا ئىسيان كۆتۈرگەن. ئابباسىيلارنى ئېتىراپ قىلماي خەلقتىن ئۆزىگە بەيئەت ئېلىشقا باشلىغان. لېكىن ئابباسىيلارنىڭ خوراسان ۋالىسى ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، خەلىپىگە ئەۋەتىلىپ زىندانغا تاشلانغان.

### خاۋارىج ھەرىكەتلىرى

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ھاكىمىيەتتە قۇرەيش قەبىلىسى ئىگە بولغان نوپۇز، قۇرەيشىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە قارشى چىققان خاۋارىجلارنىڭ داۋملىق ئىسيان كۆتىرىشىگە سەۋەپ بولغان. مەۋالى خەلق بۇ ئىسيانلارغا قاتناشقان. ئابباسىيلارنىڭ مەۋاللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، خاۋارىجلارنىڭ بۇ خەلق ئۈستىدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاتقان. ئەمما خاۋارىجلار ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئىسيانلار چىقارمىسىمۇ ئەمما يەنىلا ئابباسىيلارغا قارشى بەزى ئىسيانلارنى قىلغان. ئافرىقا، ئىراق، خوراسان بۇ ئىسيانلار ئوتتۇرىغا چىققان رايونلاردۇر. ھارۇن رەشىد دەۋرىدە خەلىپىنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قارشى مۇسۇل ۋە كىرماندا چىققان خاۋارىج ئىسيانلىرى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك بولغانلىرى ئىدى. خەلىپە مۇسۇل ئىسيانىدا بىر نەچچە قېتىم يېڭىلگەندىن كېيىن بۇ ئىسياننى ناھايىتى تەسلىكتە باستۇرغان. شۇ يىلىدا كىرماندىن باشلاپ ئاپغانىستانغا قەدەر سوزۇلغان باشقا خاۋارىج ئىسيانلىرى مەئمۇن دەۋرىدە تۈگۈتۈلگەن.

## 4.2. ئىسلامغا قارشى دىنىي، سىياسى ھەرىكەتلەر

ئابباسىيلار دەۋرىدە ھەم ھاكىمىيەتكە ھەم ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىران مەنبەلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھىم بولغانلىرى مۇقەننا، بابەك ۋە زىندىقلىق ھەرىكىتىدۇر.

### مۇقەننا ئىسيانى

بۇ ئىسيان ئاببالسىيلارنى ئاجىزلىتىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئەل مۇقەننا ئىسىملىك بىر ئىرانلىق تەرىپىدىن مەرۋىدە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ روھنىڭ بەدەندىن بەدەنگە ئۆتىدىغان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تەناسۇخ قارشىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ نۆۋەت بىلەن ئادەم، نۇھ ۋە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ بەدىنىگە كىرگەنلىكى، ئەڭ ئاخىردا ئۆز بەدىنىگە كىرگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ تەرەپدارلىرىغا ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرىنى ھالال قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. يەنە قەدىمقى ئىران ئېتىقادلىرىدىن بولغان مازدەكىلىككە ئۇيغۇن قىلىپ مال ۋە ئاياللارنى ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ئورتاق ھالغا كەلتۈرۈپ، كۆپلىگەن ئەگەشكۈچى يىققان.

خەلىپە مەھدى (775 ـ 785) مۇقەننا تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە قارشى ئەسكەر ئەۋەتكەن. مۇقەننا ئەتراپى مۇستەھكەم بولغان قەلئەگە كىرىۋالغان. ئاباسىي قوشۇنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قورشاۋغا ئېلىشى نەتىجىسىدە قۇتۇلۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسى ۋە تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

### بابەك ھەرىكىتى

ئەمىن بىلەن مەئمۇن ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرىشى، باشقا يەرلەردە چىققان ئىسيانلارغا ئوخشاش ئەزەربەيجاندىمۇ ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ھەرىكەت بابەك ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان. بابەكنىڭ پىكىرلىرى مۇقەننانىڭ پىكرىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. مۇقەننانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئوخشمايدىغان تەرىپى، بابەكنىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا قۇرئان ئوقۇلۇپ ئۆگىنىلسە بۇنىڭ بەدىلىگە ناماز ئوقۇمىسىمۇ، روزا تۇتۇلمىسىمۇ بولاتتى. ھاراق ئىچىشكە يول قويۇلمايتتى. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغانلار ئەينى ۋاقىتتا ھۇررەملەر دەپ ئاتالغان.

بابەك 816 ـ يىلى ئەزەربەيجان چېگرىسى ئىچىدىكى بەززەدە ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەتراپتىكى مۇسۇلمان خەلقلەرگە باستۇرۇپ كىلىپ، ئانا ـ بالا دەپ ئايرىماي كۆپ كىشلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بولغان. ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەزەربەيجانغا كەينى ـ كەينىدىن ۋالى تەيىنلەنگەن. ۋاللارنىڭ پۈتۈن غەيرەتلىرىگە قارىماي مەئمۇن

دەۋرى (813 ـ 833)دىمۇ بۇ ئىسيانىنى باستۇرالمىغان. مەئمۇننىڭ ئورنىغا كەلگەن مۇئتاسىم (833 ـ 842) 20 يىلدىن بېرى دۆلەتنى مەشغۇل قىلغان بۇ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاپشىن، ئىناق ۋە بەشىر ئەتتۈركى قاتارلىق تۈرك قوماندانلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. ئۇزۇن كۈرەشتىن كېيىن ئابباسىي قوشۇنلىرى 838 ـ يىلى بابەك تۇرۇۋاتقان شەھەرگە كىرىپ، بابەكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئابباسىي ھاكىمىيىتى ئىچكى بىر تەھدىتتىن قۇتۇلغان.

### زىندىقلار ھەرىكىتى

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئىران فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى ئىرانلىق ئىسلامغا كىرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ قەدىمقى دىنلىرى زەردۇشتىلىك ياكى مانىخەيستلىككە بولغان مايىللىقى داۋام قىلىۋاتقان ئىدى. زىندىقلار دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەر ئەمەۋىيلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بولۇپمۇ ئابباسىيلارنىڭ تۇنجى دەۋرىدە مۇسۇلمان كۆرۈنۈشى ئاستىدا ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى قىلغان. بۇ جەرياندا پارىسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ياكى ئۇيغۇن شارائىتلاردا شېئىر، ئەدەبىيات ئارقىلىق ئاۋازىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشقان.

ئابباسىي رەھبەرلىرى زىندىقلارغا قارشى باشلانغۇچتىن باشلاپ، قاتتىق تەدبىرلەر ئالغان. بولۇپمۇ خەلىپە ئەل مەھدى (775 ـ 785) ۋە ئورنىغا ئۆتكەن ئەل ھادى (785 ـ 786) دەۋرلىرىدە بۇ زىندىقلارغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىنغان. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساسسىز قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەسىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئالىملار سەپەرۋەر قىلىنغان. مۇسۇلمان ئالىملار زىندىقلارغا قارشى كۆپلەپ ئەسەر قەلەمگە ئالغان.




ئابباسىيلاردىن ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل ۋە يېرىم مۇستەقىل دۆلەتلەر

### 5. مەركىزىي رەھبەرلىكتىن ئايرىلىش

ئابباسىيلار ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋرۇپا قىتئەسىدىكى بىر نەچچە رايوندىن تەركىپ تاپقان چوڭ بىر جۇغراپىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. لېكىن بۇ چوڭلۇق

ئابباسىيلار ئۇچۇن ئەينى ۋاقىتتا بىر تەھدىت مەنبەسى بولغان. چۈنكى بۇنداق بۈيۈك بىر جۇغراپىيەنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزى رەھبەرلىكنىڭ ھەر ۋاقىت كۈچلۈك بولىشى ۋە كۈچىنى دۆلەتنىڭ ھەر تەرىپىگە ھېس قىلدۇرىشى كېرەك ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا ئابباسىيلار مەركىزى رەھبەرلىكنى يۇقۇتۇپ قويغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت رەھبەرلىگىنى ساقلاپ قىلىشتا ئاجىز قالغان دەۋرلەرمۇ بولغان. شىئىلەر، خاۋارىجلار، بەزى ۋالىلار، ئۆز يەرلىرىدە كۈچلۈك تەسىرى بار ئائىلىلەر مەركىزى رەھبەرلىكنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزاق يەرلەردە مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇشقا تەشەببۇس قىلغان.

ئابباسىيلاردىن تۇنجى ئايرىلىش، بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان. يەنى دۆلەتنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە ئەندەلۇسقا قېچىپ بارغان ئەمەۋىي شاھزادىسى ئابدۇررەخمان 756-يىلى بۇ يەردە مۇستەقىل «ئەندەلۇس ئەمەۋىي دۆلىتى»نى قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئەندەلۇس ئابباسىي رەھبەرلىگىدىن ئايرىلغان.

ئابباسىيلاردىن ئايرىلىش 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالىي ئافرىقا تۇپراقلىرىدىمۇ باشلىغان. خەلىپىلىكنىڭ ئۆز ھەققى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەھلى بەيت مەنسۇبى بەزى ئائىلىلەر بىلەن خاۋارىجلىقنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان بەزى پىرقىلار مەركىزى رەھبەرلىك يېتەرلىك مىقداردا كونترول قىلالمىغان شىمالىي ئافرىقىغا ئورۇنلاشقان. ئەھلى بەيت تەرەپدارلىرى 788-يىلى ماراكەشتە «ئىدرىسىلار دۆلىتى»نى، خاۋارىجلار 777-يىلى ئالجىرىيەدە «رۇستەمىلەر» دۆلىتىنى قۇرغان.

11-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مەركىزى رەھبەرلىكتىن ئايرىلىش تېخىمۇ كېڭەيگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى، دۆلەتتىكى ئىچكى-تاشقى مەسىلىلەرنىڭ مەركىزى رەھبەرلىكنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشى ئىدى. تۈرك قوماندانلارنىڭ خالىغان كىشىلەرنى خەلىپە قىلىشى، خالىمىغانلارنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىشى مەركىزى رەھبەرلىكنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر. ھەتتاكى خەلىپىلەر بۇ دەۋردە ئۆز ۋەزىپىسىنى بۈيۈك مىقداردا ئەمىرۇل ئۇمەرا دەپ ئاتالغان بىر رەھبەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلىشىش يولىنى تۇتقان.

خەلىپىلىك ماقامى بۇ شەكىلدە كۈچسىز ئەھۋالغا كەلگەن ۋاقىتتا بەزى ۋالىلار باشقۇرۇۋاتقان ۋىلايەتلەرنى بىردىن دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. تۇنىستا ئاغلەبىلەر (800-909)، مىسىردا يىل تەرتىۋىگە قاراپ تولۇن ئوغۇللىرى (868-905) ۋە ئىھشىدىلەر (935-969)، ئەزەربەيجاندا ساجا ئوغۇللىرى (890-929)، ئىراندا يىل تەرتىۋى بويىچە تاھىرىلار (821-875)، سافارىلار (867-1500) ۋە سامانىلار (847-999) بۇ شەكىلدە قۇرۇلغان دۆلەتلەردۇر. بۇلارنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىگى شەكىل جەھەتتىن ئابباسىي خەلىپىلىرىگە باغلىق بولىشى ئىدى. بۇ باغلىلىقنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن خۇتبەلەردە ئابباسىي خەلىپىلىرىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلغان. يەنە پۇللاردا ئۆز ئىسمى بىلەن

خەلىپىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىرلىكتە باستۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۇپراقلاردا بىر ھۆكۈمداردەك ھەرىكەت قىلغان. ئىسمى ئېيتىلغان دۆلەتلەردىن مىسىر ۋە ئەزەربەيجاندىكى دۆلەتلەر تۈرك ۋالىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئىراندىكى دۆلەتلەرنىڭ قۇرغۇچىسى پارىسلار ئىدى.

10 ـ ئەسىردە ئابباسىي تۇپراقلىرىدا رەھبەرلىكنى ئاجىزلاتقان ئىككى مۇھىم دۆلەت ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلاردىن بىرى بۇۋەيھىلار (932 ـ 1062)، يەنە بىرى فاتىمىلار (909 ـ 1171) بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت شىئىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

بۇۋەيھىلارنىڭ ئەسلى ئىرانلىق ئىدى. 930 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىراندا ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن 945 ـ يىلى ئابباسىي خەلىپىسى تۇرۇۋاتقان باغدادنى ئىشغال قىلغان. بۇنىڭدىن باشلاپ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئابباسىي رەھبەرلىرى ئۈستىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئابباسىي خەلىپىلىرىنى پۈتۈنلەي كونتروللۇقىغا ئالغان. ئابباسىي خاندانى بۇ كونتروللۇقتىن 1055 ـ يىلى باغدادقا كىرىپ بۇۋەيھىلەرگە خاتىمە بەرگەن سەلجۇق سۇلتانى توغرۇل بەيىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلغان.

يەنە بىر شىئى دۆلىتى بولغان فاتىمىلەر 909 ـ يىلى شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇلغان. دۆلەتنى قۇرغانلار ھەزرىتى فاتىمە ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەجدادىدىن كەلگەنلىك پىكرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ دۆلەتكە فاتىمى ئىسمىنى بەرگەن.

ئابباسىيلارغا ئوخشاش فاتىمىلارمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەقسەت بىلەن قۇرۇلغان ۋاقىتىدىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن مەغرىب ۋە ئەندەلۇسقا ھۆكۈمران بولۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرققە قاراپ كېڭىيىشنى تەشەببۇس قىلغان. 969 ـ يىلى مىسىرنى ئابباسىيلارغا باغلىق ئىھشىدلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، رەھبەرلىك مەركىزىنى بۇ يەرگە يۆتكىگەن. باغدادنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن سۇرىيەگە يۈرۈش قىلغان. ھاكىمىيەت ساھەسىنى مەككە، مەدىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھىجازغىچە كېڭەيتكەن. فاتىمىلارنىڭ ئابباسىي تۇپراقلىرىغا كېڭىيىشى سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىشى بىلەن توختىغان.

## 6. تاشقى مۇناسىۋەتلەر

ئابباسىي دۆلىتى يېڭى تۇپراقلارنى فەتھە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىگە بولغان تۇپراقلارنى تۇتۇپ تۇرۇشنى ئاساسىي غايە قىلغان. بۇ سەۋەپتىن ھەربىي كۈچىنى تاشقى دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئىشلەتكەن. بۇ تاشقى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قارشىلاشقان دۆلەت ۋىزانتىيە ئىدى.

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ئابباسىيلارنىڭ بۈيۈك بىر جۇغراپىيەنى باشقۇرۇشتا قىينىچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بولۇپمۇ سۇرىيەگە قارشى ھۇجۇم باشلاپ، ئابباسىيلارنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنغان. يەنە بىر تەرەپتىن

ئابباسىي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان ئىسيانچىلارنى قوللاپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ئەزەربەيجاندا ئوتتۇرىغا چىققان بابەك ئىسيانىنىڭ بىر نەچچە يىل مەركىزى ھۆكۈمەتنى مەشغۇل قىلىشىدا ۋىزانتىيەنىڭ بۇ ئىسيانغا قىلغان ياردىمى بار ئىدى. ئابباسىي دۆلىتى ۋىزانتىيەدىن كەلگەن تەھدىت ۋە ھۇجۇملارنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن مۇداپىئە مەركەزلىرىنى تەشكىل قىلغان. بۇلار «سۇغۇر» ياكى «ئاۋاسىم» دەپ ئاتالغان. بۇ مەركەزلەر تارسۇستىن باشلاپ، ئادانا، ماراش، مالاتىيانى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە فىرات دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان. ۋىزانتىيە ھۇجۇملىرى بۇ مەركەزلەردە توسۇپ قېلىنغان. ئابباسىيلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ مەركەزلەردىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئابباسىيلار دەۋرىدە مۇداپىئە مەركەزلىرىگە كۆپ ساندا تۈرك جەڭچىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئابباسىيلار مەنسۇر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتىدىكى ئوتتۇرا ئاناتولىيە، ھەتتا ئىستانبۇلغا قەدەر ھەربىي يۈرۈشلەر قىلغان. ئالدىدا مەھدى، كېيىن ھارۇن رەشىد دەۋرىدە ئىستانبۇل ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىنغان. بۇ مۇھاسىرە ۋىزانتىيە رەھبەرلىرىنىڭ يىللىق باج تۆلەش شەرتى بىلەن بىكار قىلىنغان. ۋىزانتىيە دۆلىتىنىڭ ئابباسىي تۇپراقلىرىدىكى ئىسيانچىلارغا كۆپلەپ ياردەم قىلىشى بىلەن خەلىپە مەئمۇن ۋىزانتىيە دۆلىتىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئاناتولىيەنىڭ فەتھىنى مەقسەت قىلغان بۈيۈك بىر قوشۇن تەييارلىغان. لېكىن بالدۇر كەلگەن ئۆلۈم بۇ غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىغان. بۇنىڭدىن كېيىن ۋىزانتىيەگە قارشى ئەڭ چوڭ ھەربىي يۈرۈش خەلىپە مۇئتاسىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. ئابباسىي قوشۇنى ئەپيون ئەتراپىدا ئۇ ۋاقىتتىكى ئاناتولىيەنىڭ ئەڭ بۈيۈك شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئامرونى ئالغان. لېكىن ئاساسى غايە فەتىھ قىلىشنىڭ ئورنىغا ۋىزانتىيەنى كۆز قورقۇتۇپ قويۇش بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مۇددەتتىن كېيىن شەھەردىن چىقىپ كەتكەن.

ئاببىاسىيلارنىڭ 2 ـ دەۋرىدە ئىچكى مەسىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەركىزى رەھبەرلىكنىڭ كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىشى بىلەن ۋىزانتىيەگە قارشى ھەربىي يۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلالمىغان. ۋىزانتىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاۋاسىم شەھەرلىرىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە باشلىغان.

ئاببىاسىيلار ۋىزانتىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ۋەزىيەتكە قاراپ، غەربى ياۋرۇپادا كۈچلۈك دۆلەت سىۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان فرەنكلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. ھەر ئىككى دۆلەت بىر ـ بىرىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. خەلىپە ھارۇن رەشىد فرەنك پادىشاھىغا قىممەتلىك بىر سائەت ھەدىيە قىلغان. بۇ سائەت ئۇ دەۋردە بۇنداق بىر نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان فرەنكلەر ئارىسىدا قاتتىق غۇل ـ غۇلا قوزغىغان. ئاببىاسىيلار فرەنكلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئەندەلۇس ئەمەۋىي دۆلىتىگە قارشى

ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. فرەنكلەر ۋىزانتىيەگە قارشى ئابباسىيلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان.

ئابباسىيلار ھاكىمىيەت تىكلىگەن ۋاقىتدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلەرنىڭ داۋامى بولغان تاشكەنت خانلىقى ۋە باشقا تۈرك قەۋملىرى جۇڭگونىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ تەھدىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تاشكەنت خانلىقى غەربى تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان جۇڭگو قوشۇنىغا قارشى ئابباسىيلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ئاببساسىيلار بۇ تەلەپكە ئىجابى جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن بۇ يەردىكى تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو ئارمىيىسىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ئۇرۇش تالاس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن تالاس ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان.

تالاس غەلبىسى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ غەربى تۈركىستاندىكى تەھدىتى بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋىتى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق باسقۇچىغا كىرگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قوبۇل قىلىشى ئاسانلاشقان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلانغان.

ئابباسىيلارنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىدە يەر ئالغان يەنە بىر تۈرك دۆلىتى ھازارلار ئىدى. 7 ـ ئەسىردە قارا دېڭىز بىلەن كاۋكازنىڭ شىمالىدا ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى يېنىدا قۇرۇلغان بۇ دۆلەت ئاببباسىيلار ھاكىمىيەت قۇرغان يىللاردا مۇسەۋىيلىكنى دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرغان. لېكىن ھازار دۆلىتىدە خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان ئاھالىمۇ بار ئىدى. ھازارلار بىرى 776، يەنە بىرى 799 ـ يىلى ئىككى قېتىم كاۋكاز تۇپراقلىرىدىن ئۆتۈپ ئابباسىي تۇپراقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. 799 ـ يىلىدىن كېيىن ئاببباسىيلار بىلەن ھازارلار ئوتتۇرىسىدا قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن. ھەربى يۈرۈشلەرنىڭ ئورنىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلغان.

## 7. موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە ئاباسىي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شىمالىي ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسمى ئاباسىي رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغان ئىدى. بۇ جۇغراپىيىدە ئوتتۇرىغا چىققان مۇۋاھھىدلار خاندانلىقى (1211 ـ 1269 ) مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئۆز خەلىپىلىگىنى ئېلان قىلغان.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتىنىڭ بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يىقىلىشى بىلەن ئاناتولىيە، سۈرىيە، ئىراق، خوراسان، كىرمان قاتارلىق يەرلەردە ئالتىدىن كۆپ دۆلەت قۇرۇلغان. بۇ دۆلەتلەر ئاباسىيلارغا بولغان باغلىلىقىنى

پەقەت خەلىپىنىڭ ئىسمىنى خۇتبەلەردە ئوقۇش بىلەن كۇپايە قىلغان. مىسىر ۋە سۇرىيەدە 12ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە ئاباسىيلارغا شەكىل جەھەتتىن باغلىق بولغان ئەييۇبىلار (1171ـ 1260) دۆلىتى قۇرۇلغان.

ئىسلام دۇنياسىدا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ۋاقىتتا فرەنكلەر رەھبەرلىك قىلغان ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى قۇددۇسنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كەينى ـ كەينىدىن ھەربى يۈرۈش باشلىغان. ئاباسىي خەلىپىسىنىڭ ھەربى ۋە سىياسىي كۈچى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەھلى سەلىبكە قارشى قوشۇن چىقىرالمىغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە 13ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان خارەزىم شاھلار (1097ـ 1231) قىسقا ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھىر، خارەزىم، ئىراق، ئىراننى چېگرىسىغا قوشۇپ بۈيۈك بىر ئىمپېراتورلۇققا ئايلانغان. بۇ دۆلەت ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن ئاباسىيلارنى مەقسەدىگە يېتىشتىكى تۇسالغۇ دەپ قارايتتى. بۇ سەۋەپتىن 1217ـ يىلىدىن باشلاپ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۇپراق ۋە خۇتبەلەردە ئاباسىي خەلىپىسىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇشقا خاتىمە بېرىپ ھەزرىتى ئەلى ئەۋلادىدىن كەلگەن بىرسىنى خەلىپە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاباسىيلارنىڭ مەركىزى باغدادنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان.

ئاباسىيلارنىڭ خارەزىم شاھلار قارشىسىدا ئۆزىنى قوغدىيالىغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ ۋاقىتلاردا ئاسىيانىڭ شەرقىدە ئىسمىنى تونۇتۇشقا باشلىغان موڭغۇللاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان. خارەزىم شاھلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان موڭغۇللار مەشھۇر قوماندان چىڭگىزخاننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئاباسىيلارنىڭ تەلىۋىنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتكە ئۆتكەن. بىر نەچچە يىلغا قالماي خارەزىم شاھلارغا خاتىمە بەرگەن. 1227ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئۆلىشى بىلەنمۇ موڭغۇل ئىستېلاسى داۋاملاشقان. موڭغۇللار ئەڭ ئاخىردا ئەزەربەيجان ۋە ئىراننى ئىشغال قىلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. بۇنىڭ بىلەن ئاباسىيلار بىلەن موڭغۇللار ئىككى قوشنا دۆلەت بولغان.

موڭغۇللارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئىشغال قىلغان تۇپراقلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىدى. بۇ سەۋەپتىن 1257ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن ھىلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. 1258ـ يىلىنىڭ 1ـ ئېيىدا باغدادقا كېلىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان. باغدادنىڭ موڭغۇللارغا قارشى تۇرالايدىغان كۈچى يوق ئىدى. تىنچلىق كېلىشىمىدىن بىر نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ئاخىرقى ئاباسىي خەلىپىسى مۇستاسىم بىللاھ (1242ـ 1258) ۋە باشقا دۆلەت رەھبەرلىرى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ھىلاكۇ تەسلىم بولغانلارنى ئۆلتۈرگەن. 500 يىلدىن بېرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ گۈزەل شەھرى بولغان باغداد بولاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ، ئوت

قويۇپ بېرىلگەن. قۇرۇلۇش ئىمارەتلىرى يىقىپ تاشلىنىپ، كۇتۇپخانا ۋە كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

موڭغۇللارنىڭ باغدادنى ئىشغال قىلىشى زور پالاكەت كەلتۈرگەن. بۇ ۋەھشىلىك مەدەنىيەت جەھەتتە تېخىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى باغدادنىڭ ئىشغالىدىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىدە تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىش باشلانغان.

750 ـ 1258 ـ يىللىرى ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئابباسىي دۆلىتى ئىسلام تارىخىدا ئۇسمانىيلاردىن قالسا ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئەڭ پارلاق دەۋرىنى بۇ دەۋرىدە ياشىغان. باغداد دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ باي شەھەرلىرىدىن بىرى دەپ شۆھرەت قازانغان.

باغدادنىڭ ئىشغالى جەريانىدا موڭغۇل قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان ئابباسىي ئائىلىسىدىن ئەخمەت ئىسىملىك بىر شاھزادە شامغا كېلىپ پاناھلانغان. بۇ ۋاقىتلاردا مىسىردا ئەييۇبى دۆلىتى يىقىلىپ ئورنىغا مەملۇك دۆلىتى قۇرۇلغان (1250) ئىدى. تۇنجى مەملۇك سۇلتانى بايبارىس باغدادتىن كېيىن سۇرىيەگە ھۇجۇم قىلغان موڭغۇل قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ يەرنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن شامدىكى شاھزادە ئەخمەتنى قاھىرەگە ئېلىپ كېلىپ، 1261 ـ يىلى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل ئىلگىرى باغدادتا ئاغدۇرۇلغان خەلىپىلىك ئۈچ يىلدىن كېيىن قاھىرەدە قايتىدىن تىكلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانلى سۇلتانى ياۋۇز سەلىم 1517 ـ يىلى مىسىرنى ئىگەللىگىچە بولغان ئارىلىقتا 22 ئابباسىي خەلىپىسى تەختتە ئولتۇرغان. ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ 22 ـ ئابباسىي خەلىپىسى مۇتەۋەككىلنى ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن ئابباسىي خەلىپىلىگى ئاخىرلاشقان.

مىسىردىكى ئابباسىي خەلىپىلىرىنىڭ نوپۇزى يوق بولۇپ، بۇ خەلىپىلەر پەقەتلا سىمۋوللۇق ۋەزىپىگە ئىگە ئىدى.

# 6 ـ باپ. تۈركلەر ۋە ئىسلامىيەت

## *1. تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋىتى*

### 1.1. ئەمەۋىيلەردىن ئىلگىرى

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋىتىنىڭ تۇنجى نامايەندىلىرى جاھىلىيەت شېئىرى دەپ ئاتالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەردە ئەرەب شائىرلىرى تۈركلەرنى قورقۇنچلۇق ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلدۇرىدىغان خەلق دەپ تەسۋىرلىگەن. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر يىپەك يولى ۋاستىسى بىلەن جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن تىجارەت سەپەرلىرىدە تۈركلەرنى تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئۇچرىشىش بولمىغان. بۇنىڭ بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تۇنجى مۇسۇلمان بولغان تۈرك ۋە تۈرك مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

تۆت خەلىپە دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك يىللىرى تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋىتى ئۈچۈن بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان. 642 ـ يىلى يۈز بەرگەن نىھاۋەند ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر ساسانى ئىمپېراتورلۇقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغاندىن كېيىن، تۈركلەر ياشاۋاتقان خوراسان ۋە توخارىستاننىڭ يوللىرى ئېچىلغان. جەيھۇن دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەن بىر ئەرەب قوشۇنى تۇنجى قېتىم تۈركلەر بىلەن ئۇچراشقان. بۇ قوشۇن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەمرى بىلەن قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن چېكىنگەن.



تۈرك چېدىرى

نىھاۋەند ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن ئاخىرقى ساسانى ھۆكۈمدارى 3 ـ يەزدەجرد تەختىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈركلەردىن ياردەم سورىغان. تۈركلەر بۇ تەلەپكە ئىجابى جاۋاب

بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن پەرغانە ۋە سوغدىلىق تۈركلەردىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن بەلختىكى ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلغان. تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇرۇش مەيدانىدا يەنە بىر قېتىم ئۇچراشقان. 3-يەزدەجىرد ۋە تۈركلەر قىسقا ۋاقىتلىق غەلىبىدىن كېيىن بەلختە قىلغان ھۇجۇمنى توختىتىپ چېكىنگەن.

تۈركلەرنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلغان باشقا بىر رايونى كاۋكاز ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرلىرىدە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئەزەربەيجان ۋە ئەرمەنىستان فەتھە قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ھازار تۈركلىرى بىلەن ئۇچراشقان. مۇسۇلمانلار بىلەن ھازارلار ئوتتۇرىسىدا مىلادى 653-يىلى تۇنجى قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئەرەبلەر بەلەنجەر شەھرىگە يېتىپ بارغان. لېكىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ھازارلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۇرۇش بولمىغان.

ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدە ئىچكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن تۈرك تۇپراقلىرىغا قىلىنغان فەتىھلەر توختاپ قالغان. لېكىن تۈرك ئاھالىسى ياشايدىغان، ئىلگىرى فەتھە قىلىنغان خوراسان، توخارىستان ۋە كاۋكاز رايونىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشقان.

## 1.2. ئەمەۋىيلەر دەۋرى

ئەمەۋىيلەر دەۋرى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ تۈرك زېمىنلىرىغا كەينى-كەينىدىن فەتھە قوشۇنى ئەۋەتكەن بىر دەۋر بولغان. مۇئاۋىيە دەۋرىدە ئەمەۋىيلەرنىڭ ئىراق ۋىلايىتىدىكى ھەربىي قىسىملىرى ماۋەرائۇننەھرگە تەرتىپلىك ھەربىي يۈرۈشلەر باشلىغان. ئەرەب قوشۇنلىرى 674-676-يىللىرى ئارىسىدا ماۋەرائۇننەھردىكى تۈرك شەھەرلىرىدىن بەيكەنت، تىرمىزنى فەتھە قىلىپ، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى ئەمەۋىي ھاكىمىيىتىگە يىللىق باج تۆلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن.

قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم 705-يىلى خوراسان ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھرنى فەتھە قىلىش بۇچۇن بۈيۈك ھەربىي يۈرۈش باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ رايونلار ھەمدە تۇخارىستاندا تۈركلەر ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ ئەمما سىياسىي بىرلىك قۇرالمىغان. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھردىن ئىلگىرى تۇخارىستاننىڭ تۈرك باشلىقى تىزەك تارخان بىلەن تىنجلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، بۇ رايوننى ئۆزىگە قاراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى فەتھە قىلغان. 713-يىلى خوجەند ۋە شاش (تاشكەنت)نى فەتھە قىلغان.

ئەمەۋىيلەر تۈرك رايونلىرىغا قىلغان يۈرۈشلىرىدەخەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان. ئۇلارغا ھەر خىل بېسىملارنى ئىشلىتىپ، ھەقسىز ۋە ئېغىر باجلارنى قويغان. تۈرك رايونلىرىدا بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شەھەرلەرنى يىقىپ كۆيدۈرگەن. خەلقنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر قىلىپ ئۆلتۈرگەن.

714 ـ يىلى قۇتەيبىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن فەتىھ قىلىنغان شەھەر ۋە رايونلارنىڭ بەزىلىرىدە تۈركلەر تەرىپىدىن ئەرەب ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى ئىسيانلار چىققان. بۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ ئەرەبلەرنى ئۆز تۇپراقلىرىنى ئىشغال قىلغان دەپ بىلىشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرگە قويغان ئېغىر باجلىرى سەۋەب بولغان. 729 ـ يىلى بۇخارا ۋە ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئەرەب ۋالىيلىرىنىڭ باج يىغىشتىكى قاتتىق قوللۇقىغا قارشى ئىسيان قىلغان. بۇ ئىسيان ئەمەۋىيلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق تەۋرەتكەن.

ئەمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەرەبلەرگە قارشى ئىسيان چىقارغان ماۋەرائۇننەھىر خەلقىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئادالەتنى يۈرگۈزىدىغان بىر رەھبەرلىك قۇرۇلغان. بۇ سىياسەت بۇ رايوندىكى خەلقلەرگە پايدىلىق بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەۋىيلەرگە قارشى تىزلىكتە تەرەققى قىلىۋاتقان ئابباسىي ھەرىكىتىمۇ تۈركىستان جۇغراپىيىسىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ ھەرىكەت ئەمەۋىي رەھبەرلىرىنىڭ ئايرىمچىلىق سىياسىتىدىن شىكايەتچى بولغان تۈرك ئاھالىسى ئارىسىدا تەسىرى چوڭ بولغان. چۈنكى ئاببىاسىي ھەرىكىتىنىڭ خوراساندا رەھبەرلىكىنى قىلىۋاتقان ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قوشۇنىدا ئىرانلىقلار بىلەن بىرلىكتە خارەزىم، سوغد، تۇخارىستان ۋە تاشكەنتلىك كۆپ سانلىق تۈركلەر بار ئىدى.

## 1.3. ئابباسىيلار دەۋرى

ئابباسىيلار ھاكىمىيەتكە چىققاندا ماۋەرائۇننەھىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. 738 ـ يىلى تۈرگىش (تۈرگەش) دۆلەتنىڭ ئىچكى قارمۇ ـ قارشىلىقلار تۈپەيلىدىن ئاجىزلىششى، خەنزۇ نوپۇسىنىڭ باسقۇچلۇق ھالدا ئىلى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا ئاياق بېسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 748 ـ يىلى جۇڭگو قوشۇنى ئاساسلىق تەھدىت دەپ قارايدىغان كۆكتۈرك شاھزادىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمدار باگاتۇر تۇدۇننى ئۆلتۈرگەن. بۇ جەرياندا يەرلىك خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان. بۇ ئەھۋالغا قارشى بۆلگىدىكى تۈرك قەۋملىرى جۇڭگوغا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش قارارى ئالغان. ئەمما تەشكىل قىلغان قوشۇن بىلەن بىرلىكتە تاشقى ياردەمگە تايانماي جۇڭگونى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەپتىن يېڭى قۇرۇلغان ئاببىاسىي دۆلىتىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغان. ئاببىاسىيلار بۇ تەلەپكە ئىجابىي جاۋاب بەرگەن. خوراساندىن ئەۋەتىلگەن ئاببىاسىي قوشۇنلىرى بىلەن تۈركلەر 751 ـ يىلى

تالاس دەرياسى بويىدا جۇڭگو قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان.

تالاس ئۇرۇشى تۈرك تارىخى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە تۈرك-ئەرەب مۇناسىۋىتى ئۈچۈنمۇ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگولۇقلار (چىنلىقلار) غەربىي تۈركىستاننى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىش پىكرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى تۈرك نوپۇزى قايتىدىن تىكلەنگەن. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت قۇرۇلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولىشى تېزلىشىپ، ئابباسىيلارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن.

تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن غەربىي تۈركىستاندىكى تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت قۇرۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كاسپى دېڭىزى ۋە كاۋكازنىڭ شىمالىدىكى هازار تۈركلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يېرىكلەشكەن. ئابباسىي رەھبەرلىرىنىڭ تىنچلىقنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىغا قارىماي، هازارلار كاۋكازدىن ئۆتۈپ، ئاناتولىيە ۋە ئىراندىكى ئابباسىي تۇپراقلىرىغا كىرىپ ئەرەپلەرگە ئېغىر زىيان سالغان. 776-يىلى قىلغان بۇ ھۇجۇمدىن كېيىن هازارلار ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكتىن پايدىلىنىپ 779-يىلى يەنە بىر قېتىم ئاببباسىي تۇپراقلىرىغا بېسىپ كىرگەن. ئەرمەنىيە ۋە ئەزەربەيجاننىڭ بەزى تۇپراقلارنى ئېلىپ قايتىپ كەتكەن. بۇ ھۇجۇم ئابباسىيلار بىلەن هازارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم بولغان. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان.

11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تۈركلەر ئابباسىيلار بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق توپ-توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن. تۈرك دۆلەتلىرى كەينى-كەينىدىن ئىسلامىيەتنى رەسمىي دىن دەپ قوبۇل قىلغان. ئىدىل (ۋولگا) بۇلغار دۆلىتى بۇنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراخانىلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى رەسمىي دىن دەپ تونىغان. 10-ئەسىردە تۈركلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك تارمىقى بولغان ئوغۇزلار مۇسۇلمان بولغان. بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتى بۇ تەرەققىياتلارنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

## 2. تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى

تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن. تۇنجى قېتىم 642-يىلى نىھاۋەند ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق تۈركلەر ئىسلام دىنى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەردىن كېيىن تۈركلەر ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

لېكىن بۇ ئۆزگىرىشلەر تۈركلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە يېتەرلىك بولمىغان. بۇنىڭدا ئەمەۋىي رەھبەرلىرىنىڭ ئەرەبلەرنى ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكى سەۋەپ بولغان. ئەمەۋىي رەھبەرلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇسۇلمان بولغان تۈركلەرگە، مۇسۇلمانلىقنى كۆزدە تۇتماي، غەيرى مۇسلىم مۇئامىلىسى قىلغان. مەسىلەن، ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئالىدىغان باجنىڭ بىر خىل تۈرى بولغان جىزيەنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ ئېلىشقا ئۇرۇنغان. ئەمىلىيەتتە ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشقا بولمايتتى. بىر ئىنساننىڭ ئەسلى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن جىزيە ئېلىشقا رۇخسەت يوق ئىدى. ئەمەۋىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىقى، تۈركلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى كېچىكتۈرگەن.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن رەھبەرلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بۇخارا، بەيكەنت ۋە سەمەرقەنتكە ئوخشاش تۈرك شەھەرلىرىدە جامى، مەسجىد بىنا قىلغان. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارغا ئاسان بولىشى ئۈچۈن نامازدا قۇرئاندىن بەزى ئايەتلەرنى ئۆز تىلىدا ئوقۇشقا يول قويغان.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (717 ـ 772) ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان ئەمەۋىي خەلىپىسى ئىدى. ئۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ھەقسىز يەرگە باج ئېلىشنى چەكلىگەن. بەزى تۈرك رەھبەرلىرىنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىپ مەكتۇپ يازغان. تۈركلەر ياشاۋاتقان يەرلەرگە مۇسۇلمان ئالىملارنى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. يەنە ئەمەۋىي ھۆكۈمدارلىرىدىن ھىشام (724 ـ 743) تۈرگىش قاغانى سۇلۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت ئەۋەتكەن

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن يەرلەردىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولغان. بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەن قىسمىدىكى بەزى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. تۈرگىشلەردىن تىزەك تارھان، توخارىستان خاقانى يابغۇ بەي، بۇخارا ھۆكۈمدارى توغ شاد قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىشىلەردۇر.

ئابباسىيلارنىڭ تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆز قارشى ئەمەۋىيلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولغان. بۇ ئەھۋال ئابباسىيلار دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە سەۋەپ بولغان.

ئىككىنچى ئابباسىي خەلىپىسى مەنسۇر دەۋرىدە تۈركلەر ئابباسىي دۆلىتىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىغان. مەنسۇرنىڭ ئورنىغا چىققان خەلىپە مەھدى سوغد، پەرغانە،

ئوشرۇ سەنا ۋە قارلۇق خاقانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. خەلىپە مەئمۇننىڭ ۋالىلىرى تۈركىستاندىكى ھۆكۈمدار ئائىلىلىرىنى مۇسۇلمان بولۇشقا تەشۋىق قىلغان. بۇ غەيرەتلەر ياخشى نەتىجە بەرگەن. چۈنكى مەئمۇن دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ۋە ئابباسىي دۆلىتىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ئافشىن، ئاشناس، بوغا، ئىتاخ قاتارلىق تۈرك قوماندانلار، كەلگەن يەرىنىڭ رەھبىرى تەبىقىسىدىن ياكى ھۆكۈمدار ئائىلىسىغا مەنسۇپ كىشىلەردىن ئىدى. تۈركلەرگە قىلىنغان ياخشى مۇئامىلە مۇئتاسىم دەۋرى (842 ـ 883)دىمۇ داۋاملاشقان. ماۋەرائۇننەھىر رايونىدىكى تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان.

ئىسلام دىنى ئاباسىي چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا تارقىلىش بىلەن بىرگە چېگرىنىڭ سىرتىدىكى كۆپلىگەن تۈرك خەلقلىرى ئارىسىغىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. سەيھۇن دەرياسىنىڭ شەرقى، يەنى بۈيۈك تۈركىستان بىلەن كاسپى دېڭىزى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان تۈركلەرگە ئىسلامىيەت بەزى ھەربى يۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق يېتىپ بارغان.

ئىسلامىيەت ئەينى ۋاقىتلاردا ھازار تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. تىجارەت، سانائەت ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا ئۆتىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىگە ـ كۈچ قوشقان. ھازار خاقانى مۇسۇلمانلارغا باشقا دىن مەنسۇپلىرىغا بەرمىگەن بەزى ئىمتىيازلارنى بەرگەن. بۇ ئەھۋالغا قاراپ ھازار (كاسپى) تۈركلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلامنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىدىن ئىلگىرى قوبۇل قىلغان خىرىستىئانلىق ۋە مۇسەۋىلىكە بولغان مەنسۇپلۇقىنى داۋاملاشتۇرغان.

تۈرك دۆلەتلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئىدىل (ۋولگا) بۇلغارلىرى (7 ـ 15 ـ ئەسىر) ئىسلامىيەتنى دۆلەت دىنى دەپ قوبۇل قىلغان. بۇ ئەھۋالدا ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىدا خارەزىملىق مۇسۇلمان سودىگەرلەر مۇھىم رول ئوينىغان. بۇلغارلاردىن كېيىن قاراخانىلار (840 ـ 1212)مۇ ئىسلامىيەتنى دۆلەت دىنى دەپ قوبۇل قىلغان. بۇ دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولىشى دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە سەۋەپ بولغان. 960 ـ يىلى قارلۇق، ياغما، چىغىل ۋە تۇشى قاتارلىق تۈرك بويلىرىدىن كۆپلىگەن خەلق مۇسۇلمان بولغان.

10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىدە بەيكەنت، ھۇۋارە ۋە جەند قاتارلىق شەھەرلەردە مۇسۇلمان ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى تەشكىل قىلىنغان. بۇلارنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئوغۇزلار مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان مۇسۇلمانلاردىن ئىسلامنىڭ ئاساسىنى ئۆگەنگەن. بۇ ۋاقىتتا بەزى مۇسۇلمانلار بۇ رايونلاردا ئىنسان سۆيگۈسىنى ئاساس قىلغان مېتود بىلەن

ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا تىرىشقان. بۇ تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت 11-ئەسىردە ئوغۇزلار ئارىسىدا ھاكىم دىنغا ئايلانغان. ماۋەرائۇننەھرلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئوغۇزلاردىن مۇسۇلمان بولغان خەلقلەرگە، ئۇلارنى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتداشلىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن «تۈركمەن» ئىسمى بېرىلگەن.

ئوغۇزلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. بۇلارنىڭ بېشىدا 1038-يىلى بىر مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتى بولغان سەلجۇق دۆلىتى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن بىر نەچچە يىل كېيىن 1043-1044-يىلىدا بۈيۈك بىر تۈرك ئاممىسى مۇسۇلمان بولغان. تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى 11-ئەسىردىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان. بۇ جەرياندا 15-ئەسىردە سەي ھۇندى ۋە شىمالدىكى تۈركلەر ئارىسىدا، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدا قىرغىز ۋە قازاقلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلىشىش كۆپ مىقداردا تاماملانغان.

تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان بىر قىسىم ئامىللار بار ئىدى. بۇلارنىڭ بېشىدا قەدىمقى تۈرك ئەقىدىسىنىڭ بەزى تەلىماتلىرى بىلەن ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار بولغانلىقىدۇر. مەسىلەن، تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىشەنگەن ئېتىقادىدا تەڭرى كۆك ئاسماننىڭ ئۈستىدە، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ ۋە ئەبەدى مەۋجۇت دەيدىغان قاراشلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلامىيەتتە دېيىلگەندەك، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئەبەدى كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. تەڭرى ئۈچۈن ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئوغان ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن ئىدى. چۈنكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە ئوغان كەلىمىسىنىڭ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى يازغان.

قەدىمقى تۈركلەر ئىسلامىيەتتىكىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئەقىدىگە ئاساسەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات قىسمەن قاراڭغۇلۇق، قىسمەن يورۇقلۇققا بىر ئالامەت ئىدى. دۇنيانىڭ ئۈستىدە 17 قەۋەتلىك يورۇقلۇق دۆلىتى بولغان كۆك يۈزىگە، ئاستىدا بولسا يەتتە ياكى توققۇز قەۋەتلىك يەر ئاستى دۇنياسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. يەر ئاستى دۇنياسى گۇناھكارلارنىڭ روھلىرىنىڭ يىغىلغان تامۇ (دوزاخ)، ئاسمان بولسا پەزىلەتلىك روھلار توپلانغان ئۇچۇش (جەننەت) يېرى ئىدى.

قەدىمقى تۈركلەردە ئىبادەت غايىسى بىلەن قۇربانلىق قىلىش ئادىتى بار ئىدى. ئوغۇز تۈركلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇقەددەس دەپ قوبۇل قىلغان بەزى تاغلارغا يىللىق زىيارەتلەرگە باراتتى. بۇ زىيارەت جەريانىدا قۇربانلىق قىلاتتى.

ئىسلامىيەتكە ئوخشاش قەدىمقى تۈرك ئەقىدىسىدىمۇ خىيانەت، جىنايەت ۋە زىنا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلاتتى.

قەدىمقى تۈرك دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا باشتا بىر تەڭرى ئەقىدىسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە باشقا بەزى ئوخشاشلىقلارنىڭ بولىشى تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولىشىنى ئاسانلاشتۇرغان.

## 3. تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى پائالىيەتلىرى

تۈركلەر مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارقىلىشى ئۈچۈن 1000 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان. بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان. تۈركلەر ئىسلام دۇنياسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ سەۋەپتىن تۈركلەر ھاكىمىيەت تىكلەپ تۇرغان يىللار ئىسلام تارىخىدا تۈرك دەۋرى دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە تۈركلەر ئىسلام دۇنياسىغا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلغان. تۆۋەندە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز.

### 3,1. ئابباسىي خەلىپىلىكىنىڭ قوغدىلىشى

ئاببا‌سىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۇتىشىدا تۈركلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئاببا‌سىيلار تۈركلەرنىڭ بۇ رولىنى بىلگەنلىكى ۋە ھەربى ئۈستۈنلىكىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھاكىمىيەتتە كۆپ سانلىق تۈركلەرگە ئەمەل بەرگەن.

ھارۇن رەشىدنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان. بۇ قىسىملارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاببا‌سىي سارايى ۋە ئاببا‌سىي ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاببا‌سىي رەھبەرلىرىنى ھەر خىل ئىچكى تەھدىتلەردىن قوغداشتى. مەئمۇن بولۇپمۇ مۇئتاسىم دەۋرلىرىدە ئاببا‌سىي ئارمىيىسىدە تۈرك قۇماندان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن. ئاببا‌سىيلار تۈركلەرنى ئەرەبلەر ۋە پارىسلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، مۇھىم ۋەزىپىلەردە قويغان. تۈركلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسيانلارنى باستۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، ئاببا‌سىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، ئاببا‌سىي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالغان قاراتەنلىكلەر ئىسيانى، بەزى شىئى، خاۋارىج، بابەك ۋە خوراساندا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسيانلار تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق پىداكارلىقى نەتىجىسىدە تىنجىتىلغان.

ئاببا‌سىي خەلىپىلىگىنىڭ قوغدىلىشىدا بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسى سىرتىدىكى تۈركلەرمۇ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. چۈنكى 10-ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسى پارچىلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ھېسابلىنىدىغان ئاببا‌سىيلار بەزى ۋىلايەتلەر ئۈستىدىكى كونتروللۇقىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلانغان. بۇ

ئۆزگىرىشلەر رادىكال شىئەلەرنى جاسارەتلەندۈرگەن. بۇلاردىن كارماتىلار، بىر تەرەپتىن سۈرىيەنى ئىشغال قىلىپ ئابباسىيلارنىڭ پايتەختى باغدادقا تەھدىت سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇقەددەس شەھەر مەككىگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. فاتىمىلار ئالدى بىلەن شىمالىي ئافرىقا، كېيىن مىسىر، سۈرىيە، مەككە ۋە مەدىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھىجاز رايۇنىنى ئىشغال قىلىۋالغان. يەنە باشقا بىر شىئى پىرقىسى بولغان بۇۋەيھىلار 945 ـ يىلى ئابباسىيلارنىڭ پايتەختى باغدادنى ئىشغال قىلغان. بۇۋەيھىلار ئابباسىي خەلىپىلىرىنى بېسىم ئاستىغا ئېلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە باشقۇرۇشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايە قىلماي باغدادتا خۇتبىلارنى فاتىمىلار نامىدا ئوقۇتقان. بۇ ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ئابباسىي خەلىپىلىكىنى تۈپتىن يۇقۇتۇشقا قارار بەرگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

شىئەلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالغان ئابباسىي خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللا يېڭى كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان سەلجۇق تۈركلىرىدىن ياردەم سورىغان. ئابباسىي خەلىپىسىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بۈيۈك سەلجۇق ھۆكۈمدارى توغرۇل بەي 1055 ـ يىلى باغدادقا كىرىپ ئابباسىي خانىدانىنى بۇۋەيھىلەرنىڭ بېسىمىدىن قۇتقۇزغان. ئابباسىي خەلىپىسى توغرۇل بەينىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «شەرق ۋە غەربنىڭ ھۆكۈمدارى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.

سەلجۇق ھۆكۈمدارلىرى باغدادتىن كېيىن مەككە، مەدىنىدىكى فاتىمى ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەندەلۇس ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن باشقا دۆلەتلەردە ئىسلام بىرلىگى قۇرۇلغان.

1055 ـ يىلى سەلجۇقلارنىڭ باغدادقا كىرىشى رادىكال شىئەلەرگە قارشى قىلىنغان كۈرەشنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان. بۇنىڭدا سەلجۇقلارنىڭ رادىكال شىئەلەرگە قارشى سۈننى كۆز قاراشنى قوغداش غايىسى بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولغان. سەلجۇقلار خەلقنى خاتا دىنىي چۈشەنچىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باغدادتىن باشلاپ، بەلىخ، نىشاپور، ھىرات، ئىسپاھان، بەسىرە، مەرۋى، مۇسۇل قاتارلىق كۆپلىگەن شەھەرلەردە «مەدرىسە» دەپ ئاتالغان مائارىپ ئەسلىھەلىرى قۇرغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ يېزىلاردىمۇ مەدرىسلەر قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسلەر سايىسىدا شىئى قاراشلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تارقىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

## 3.2 ئەھلى سەلىب قارشىسىدا تۈركلەر

تۈركلەرنىڭ 1071 ـ يىلى مالازگىرت ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىپ، ئاناتولىيە تۇپراقلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تېزلا ئىگەللىشى ۋىزانتىيە ۋە ياۋرۇپادا خاتىرجەمسىزلىككە يول ئاچقان. خرىستىئان دۇنياسىدا تۈركلەرنى ئاناتولىيە تۇپراقلىرىدىن چىقىرىۋېتىش

پىكىرلىرى باش كۆتىرىشكە باشلىغان. بۇ پىكىرگە تۇنجى باشلامچىلىق قىلغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى 7-مىخائىل (1071-1078) ئىدى. ئۇ خرىستىئانلىقنىڭ شەرق چېگىرسىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ تۈركلەرگە قارشى ھەربى ئاجىزلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن 1074-يىلى پاپالىق ۋاستىسى ئارقىلىق تۈركلەرگە قارشى ياۋرۇپادىن ھەربى ياردەم تەلەپ قىلغان. پاپالىق ۋىزانتىيەنىڭ ئاناتولىيەدىكى تۈركلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتالمىغانلىقتىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن پاپا 7-گىرەگورىئۇس ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ ياردەم تەلىۋىگە ئىجابى جاۋاب بەرگەن. لېكىن ياردەم ئەمەلگە ئاشمىغان.

گىرەگورىئۇستىن كېيىن پاپا بولغان 2-ئۇربانۇس بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى 1-ئالەكسىئۇس كومنەنۇس ئارىسىدا بۇ مەسىلە قايتىدىن مۇزاكىرە قىلىنغان. بۇ ۋاقىتلاردا ئاناتولىيەدە 1-سۇلەيمان شاھنىڭ 1086-يىلى ۋاپات بولىشى بىلەن تۈرك بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىكلەر يۈز بەرگەن. بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتى ئىچىدە تەخت تالىشش باشلىنىپ، ھاكىمىيەت بوشلۇقى كېلىپ چىققان. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇنىنىڭ پاپالىق تەرىپىدىن ياردەمگە ئېرىشىشى نەتىجىسىدە تۈركلەرنى ئاناتولىيەدىن ئاسان چىقىرىۋېتىمەن دەپ ئويلىغان.

پاپا 2-ئۇربانۇس ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ ياردەم تەلىۋىگە ئىجابى جاۋاب بېرىپ، بىر ئەھلى سەلىب قوشۇنى تەشكىللەش ئۈچۈن خرىستىئان دۇنياسىغا مۇراجىئات قىلغان. تەشۋىقات ۋە مەكتۇپلىرىدا تۈركلەرنىڭ ئاناتولىيە، قۇددۇستىكى خرىستىئانلارغا بېسىم قىلىپ، ئىستانبۇلغا تەھدىت قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. 1095-يىلى ياۋرۇپادىكى خرىستىئانلارنى تۈركلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بېرىپ، شەرقتە بېسىم ئاستىدا قالغان خرىستىئان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا چاقىرغان. ئەمەلىيەتتە پاپا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خرىستىئانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ دىنىغا ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى بىلەتتى. مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنىڭ قۇددۇسنى زىيارەت قىلىشىغا يول قوياتتى. بۇ سەۋەپتىن پاپانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرى پاپانىڭ تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر باھانە ئىدى. پاپا 2-ئۇربانۇسنىڭ چاقىرىقى ياۋرۇپا خرىستىئانلىرى ئارىسىدا قاتتىق تەسىر قوزغىغان. كۆپ سانلىق شوۋالىيە بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشقان. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچ ۋە يوقسۇل قالغان كىشىلەر، پۇل تېپىش ئۈمىدىدە پاپانىڭ چاقىرىقى بىلەن تەييارلانغان قوشۇنغا قاتناشقان. بۇنىڭ بىلەن شەرققە يۈنەلگەن بىرىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىب قوشۇنى تەشكىللەنگەن. بۇ قوشۇن ۋە بۇندىن كېيىنكى قوشۇنلارنىڭ شەرقتە ئېلىپ بارغان ھەربى يۈرۈشلىرىنىڭ «ئەھلى سەلىب» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ئەسكەرلەرنىڭ كۆكرەك ۋە دۈمبىلىرىدە سەلىپ (+) كىرېست ئىشارىتى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.


ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئالەكسىئوس كوممەنۇسنىڭ جىددى ياردەم تەلەپگە ئاساسەن ئەھلى سەلىب قوشۇنى قىسىملارغا ئايرىلىپ، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئىستانبۇلغا كەلگەن قىسىملارنى ئاناتولىيەگە يولغا سالغان. پىيەرلەرمىت قوماندانلىقىدىكى ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئىزنىك ئەتراپىدا بىرىنچى قىلىچ ئارسلان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. (1096) لېكىن كېيىندىن كەلگەن ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىنىڭ پايتەختى ئىزنىكنى مۇھاسىرە قىلىشنى توسۇپ قالالمىغان. بۇ ۋاقىتلاردا مالاتىيانى فەتھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىرىنچى قىلىچ ئارسلان ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن دەرھال ئىزنىككە قاراپ يولغا چىققان. لېكىن ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولىشى تۈپەيلىدىن مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. قاتتىق ئۇرۇشۇشتىن كېيىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. 1097 ـ يىلى ئىزنىك ئەھلى سەلىب قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.

ئەھلى سەلىب قوشۇنى بىرىنچى قىلىچ ئارسلاننىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، ئاقشەھەر، كونيا، ئەرەغلى ۋە ماراشتىن ئۆتۈپ ئانتاكياغىچە يېتىپ كەلگەن. تۈركلەر ئانتاكيانى 8 ئايغا يېقىن غەلىبىلىك قوغدىغان بولسىمۇ ئاخىرىدا ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئانتاكيانى ئىشغال قىلغان. شەھەرنىڭ مۇسۇلمان خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ بولاڭ ـ تالاڭ قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئەرمەنىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. شەرققە قاراپ ئىلگىرلىگەن يەنە بىر ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئۇرپانى ئىشغال قىلغان. بۇ يەردە بىر پادىشاھلىق قۇرۇلغان. (1098 ـ يىلى 10 ـ مارت) ئەھلى سەلىب قوشۇنى تۈركلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي ئىلگىرلەپ، 1099 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا قۇددۇسنى ئىشغال قىلغان.

قۇددۇسنىڭ ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتىشى ياۋروپادا قىزغىن قارشى ئېلىنغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنىش ۋە شەرقتىكى خرىستىئان مەۋجۇتلۇقىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پاپا 2 ـ پاسجالىس تەرىپىدىن يەنە بىر ئەھلى سەلىب يۈرۈشى باشلىتىلغان. فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيەدىن ئايرىم ـ ئايرىم يولغا چىققان ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى 1101 ـ يىلى ئىزنىكتە توپلانغان.

ئاناتولىيە سەلجۇق سۇلتانى 1 ـ قىلىچ ئارسلان ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىب قوشۇنىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تەييارلىنىپ تۇرغان. بىرىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىب قوشۇنى تۈركلەرنى ئىزنىكتە يېڭىپ، ئوتتۇرا ئاناتولىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ ئەمما مەغلۇبىيەت سەلجۇقلارنىڭ قايتىدىن توپلىنىپ بىر يەرگە كېلىشىگە سەۋەپ بولغان. ئىزنىكنىڭ ئورنىغا كونيانى پايتەخت قىلىپ، ئاناتولىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقىم يەرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئەينى يىللاردا سىۋاس ۋە ئاماسيا

رايونلىرىدىكى دانىشمەندلى بەگلىگىمۇ كۈچلەنگەن. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ ئىككى دۆلەت ئەھلى سەلىب تەھدىتىگە قارشى ھەمكارلىششنى قارار قىلغان.




1 ـ 2 ـ 3 ـ قېتىملىق ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرى

ئەھلى سەلىب قوشۇنى 1101 ـ يىلى ئىزنىكتىن ئەنقەرە، ئۇ يەردىن چانقىرىغا ھەرىكەت قىلغان. بىرىنچى قىلىچ ئارسلان دانىشمەندلىلەرنىڭ، ھەلەپ سەلجۇق ئەمىرى رىدۋاننىڭ، ھارران ئەمىرى جاراجانىڭ، ئارتۇقلۇ بېگى بەلەكنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى 1101 ـ يىلى 2 ـ 5 ـ سىنتەبىر مەرزىپون يېقىنىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. مەرزىپون غەلىبىسىدىن كېيىن يەنە بىر ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ ئىستانبولدىن ئاناتولىيەگە كەلگەنلىك خەۋىرى كەلگەن. بىرىنچى قىلىچ ئارسلان دانىشمەندلىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى كۆزۈتۈپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە كونيا يېقىنلىرىدا بۇ قوشۇنىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ئەھلى سەلىب قوشۇنىدىن ناھايىتى ئاز ئادەم قۇتۇلغان.

1 ـ قىلىچ ئارسلان ئىككىنچى ئەھلى سەلىب قوشۇنىدىن كېيىن ئۈچىنچى ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ سەلجۇق زېمىنىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان. كونياغا قاراپ ئىلگىرلىگەن ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى ئاق كۆل يايلىقىدا يوشۇرنۇپ تۇرۇپ يېرىمىدىن كۆپ قىسمىنى يوقاتقان.

1 ـ قىلىچ ئارسلاننىڭ باشقا تۈرك ئەمىر ۋە بەگلىكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېرىشكەن بۇ غالىبىيەتلىرى ئىككىنچى ئەھلى سەلىب يۈرۈشىنى پۈتۈنلەي زىيانغا ئۇچراتقان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ غەلىبىلەر تۈرك مىللىتىنىڭ ئاناتولىيەدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىستانبولدىن سۇرىيەگە بارىدىغان يول ۋەيرانىتيە ھەم ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئۈچۈن ئېتىۋېتىلگەن. 1147، 1148 ۋە 1190 ـ يىللاردا قىلىنغان ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرى

ئارىسىدا گېرمانىيە ۋە فرانسىيە قوشۇنلىرى ئاناتولىيەدىن سۇرىيەگە ئۆتىدىغان يوللارنى ئېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئەھلى سەلىب قوشۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈشلىرىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئەھلى سەلىب قوشۇنى قۇددۇس ۋە ئاناتولىيەگە قايتا-قايتا ھەربى يۈرۈشلەر قىلغان. لېكىن بۇ يۈرۈشلەر ئاناتولىيەدىكى تۈرك ۋە ئىسلام مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتالمىغان. ھەر قېتىملىق يۈرۈشتە تۈركلەر ئىسلام ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە ئىشغال قىلىنۋالغان تۇپراقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىشتا تۈركلەر ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. 1187-يىلى قۇددۇس ئەييۇبى دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سالاھىددىن ئەييۇبى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان.

## 3.3. ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ مۇداپىئە قىلىنىشى

تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى غەيرى مۇسلىم دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى توسۇپ، مۇسۇلمانلار زېمىنىنى قوغداش ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئەڭ ياخشى ئۇرۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا ئوسمانلى دۆلىتى كېلىدۇ. ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئۆزىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە ئەندەلۇس، شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بەزى رايونلىرى، مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمى، زۇلمىغا ئۇچرىغان مۇسۇلمان خەلقلەر ياكى دۆلەتلەر ئوسمانلىلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر قۇتقازغۇچى دەپ بىلگەن.

1487-يىلىدىن باشلاپ ئەندەلۇس مۇسۇلمانلىرى ئىسپانىيە پادىشاھلىرىنىڭ خرىستىئانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بېسىم ۋە زۇلمىغا قارشى ئوسمانلى دۆلىتىدىن ياردەم سورىغان. ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئەندەلۇس مۇسۇلمانلىرىنى خرىستىئان زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ۋە ئەندەلۇس تۇپراقلىرىنى يېڭىدىن ئىسلام جۇغراپىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى ۋاقىتلاردا قولىدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىمىغان. لېكىن ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيە يىراقلىق ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنى مەشغۇل قىلىدىغان باشقا مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەندەلۇسنىڭ ئىسلام جۇغراپىيىسىگە قايتىدىن قايتۇرۇۋېلىش غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولغان. ئىسپانىيە پادىشاھلىقى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنى 1609-يىلى ئىسپانىيەدىن سۈرگۈن قىلغان. ئوسمانلى سۇلتانلىرى سۈرگۈن قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى كېمىلەر بىلەن تۇپراقلىرىغا توشۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ماكان ۋە ئائىلە قۇرۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان

ئىسپانىيە پادىشاھلىقى ئىلگىرى 1492-يىلى تۇپراقلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى سۈرگۈن قىلغان. ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەھۇدىيلارغا يەنە ئوسمانلىلار ئىگە چىققان. يەھۇدىيلار سەلانىك



بارباروسنى قانۇنى سۇلتان سۇلەيمان
هۇزۇرىدا كۆرسەتكەن رەسىم

ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق ئوسمانلى تۇپراقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يەھۇدىيلار ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ئاستىدا خاتىرجەم ياشاپ دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئىسپانىيە پادىشاھلىقى ئەندەلۇسنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 16-ئەسىردىن باشلاپ شىمالىي ئافرىقىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. 1509-يىلى بۇيۇك بىر قوشۇن بىلەن ئالجىرىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئالجىرىيەنىڭ غەربىدىن باشلاپ ترىپولىغىچە بولغان ساھىل بويلىرىنى ئىشغال قىلغان. 1533-يىلى تۇنىسنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. ئىسپانىيە بۇ ئىشغاللار بىلەن ئىككى ئاساسى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. شىمالىي ئافرىقىنىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنى بولاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئەندەلۇسقا ئوخشاش شىمالىي ئافرىقىنىمۇ خرىستىئانلاشتۇرۇش. چۈنكى ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە مەسجىدلەر چىركاۋغا ئايلاندۇرۇلغان، راھىپلار خەلق ئارىسىدا خرىستىئانلىقنى تەشۋىق قىلغان.

شىمالىي ئافرىقا ئىسپانىيە پادىشاھلىقىنىڭ بۇ ھۇجۇمى بىلەن ئىككىنچى ئەندەلۇس خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقاندا شىمالىي ئافرىقىغا ئوسمانلى ياردىمى يېتىپ كەلگەن. ئالدى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىگە يېقىندىن ياردەم قىلغان دېڭىزچىلار، بۇلارنىڭ ئىچىدە بارباروس ۋە ئاكىسى ئۇرۇچ رەئىسنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە 1520-يىلى ئالجىرىيە ئىسپانىيە تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن. 1551-يىلى ترىپولى، 1574-يىلى تۇنىس ئىسپانىيە ئىشغالىدىن قۇتقۇزۇلغان. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بۇ غەيرەتلىرى نەتىجىسىدە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئىسلام جۇغراپىيىسىدىن ئايرىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئانلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

ئوسمانلى دۆلىتى ئىسپانىيە ھۇجۇملىرىغا قارشى ئەندەلۇس ۋە شىمالىي ئافرىقا مۇسۇلمانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن غەيرەت قىلىۋاتقاندا، پورتاگالىيەلىكلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، ھىندىستان ھەتتا كۆنىمزدىكى ھىندونېزىيە تۇپراقلىرى ئىچىدىكى ئاچە ئارىلىغا تەھدىت قىلىۋاتقان ئىدى. بۇ ئەھۋالدا يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئوسمانلى دۆلىتىدىن ياردەم سورىغان.

ئوسمانلى دۆلىتى بۇ ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ياۋرۇپادا مەۋجۇتلۇقىنى قوغداشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراندىكى ساپاۋى دۆلىتىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەشغۇل قىلىشىغا

قارىماي ئوسمانلى دۆلتى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ياردەم تەلەپلىرىگە ئىجابى جاۋاب بەرگەن. ئالدى بىلەن قىزىل دېڭىز ۋە پارس قولتۇقىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ، كەينىدىن يەمەننى ئوسمانلى تۇپرىقىغا قوشۇپ، پورتاگالىيەلىكلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بولۇپمۇ مەككە، مەدىنىگە قاراتقان تەھدىتلىرىنى يوقاتقان. (1538)

ئوسمانلى دېڭىزچىلىرى ئەينى ۋاقىتلاردا ھىندى ئوكيانىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئوسمانلى دۆلتى بولۇپمۇ ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مۇسۇلمان گۇجۇرات سۇلتانلىقىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ھىندى ئوكيانىغا كىمە ئەۋەتكەن. ئوسمانلى كىملىرى پورتاگالىيەلىكلەرنى قاتتىق چۇچۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىنى ئازايتقان.

1565 ـ يىلى پورتاگالىيەلىكلەر بۇ قېتىم ھىندونېزىيەدە قۇرۇلغان مۇسۇلمان ئاچە سۇلتانلىقىنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئاچە سۇلتانلىقىنىڭ ياردەم تەلىۋىگە ئاساسەن ئوسمانلى دۆلتى ئاچەگە 17 ئۇرۇش كىمىسىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا يېتەرلىك نىسبەتتە توپ، مىلتىق ۋە قورال ـ ياراق ئەۋەتكەن.

16 ـ ئەسىردە ئوسمانلى دۆلتى روسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئىلگىرىلىشىگە قارشى ئوتتۇرا ئاسيادىكى مۇسۇلمان تۈرك مەۋجۇتلۇقى بىلەن بىرلىك تەشكىل قىلىش پىلانىنى تۈزگەن. بۇ پىلانلاردىن بىرى قارا دېڭىزدىن كاسپى دېڭىزىغا بېرىش ئۈچۈن دون ۋە ۋولگا دەرياسىنى بىر قانال بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىدى. 1569 ـ يىلى قانال قېزىلىشقا باشلىغان، ھەتتا ئۈچتە بىر قىسمى تاماملانغان. لېكىن يەمەن ئىسيانىنىڭ چىقىشى بىلەن قانال قېزىش توختاپ قالغان.

ئوسمانلى تۈركلىرى قۇدرەت تېپىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا مۇسۇلمان تۇپراقلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ تەركەتمىگەن. يەمەندىن بالقانغىچە، شىمالىي ئافرىقىدىن كاۋكازغىچە بولغان پۈتۈن ئالدىنقى سەپلەردە تۈرك ئەسكىرى مۇسۇلمان تۇپراقلىرىغا قىلىنغان ئەجنەبى كۈچلەرنىڭ مۇستەملىكىسىنى توسۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. بۇ ئەھۋال تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان ساداقىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3.4. تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس ماكانلاردىكى خىزمەتلىرى

«مۇقەددەس ماكانلار» دېيىلگەندە مەككە، مەدىنە ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. مەككىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن نەرسە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان كەبە ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان مەسجىدى ھەرەمنىڭ بۇ شەھەردە بولىشىدۇر. مەدىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى)نىڭ ۋە قەبرىسىنىڭ بۇ شەھەردە بولىشىدۇر. ھەر ئىككى شەھەر ئىسلام مەدەنىيىتىدە ھەرەمەين ئىسمى بىلەن زىكىر قىلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىدە مەسجىدى ھەرەم، مەسجىدى نەبەۋىدىن كېيىن ئۈچۈنچى مۇھىم ئىبادەت



سۇررە ئالايى (ئەترىتى) رەسمى

يېرى دەپ قوبۇل قىلىنغان مەسجىدى ئەقسا جايلاشقان قۇددۇس شەھرىنىڭمۇ ئايرىم ئەھمىيىتى بار.

مۇسۇلمان تۈركلەر ھەر ۋاقىت مۇقەددەس تۇپراقلارغا ۋە بۇ تۇپراقلاردا ياشىغان مۇسۇلمان خەلقلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى تۈرك سۇلتانلىرىنىڭ ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا مەككە، مەدىنە خەلقىگە ئەۋەتكەن پۇل، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكتىن تەركىب تاپقان ھەدىيەلىرى ئىدى. بۇ ھەدىيەلەرگە سۇررە ئىسمى بېرىلگەن. مەككە، مەدىنىگە سۇررە ئەۋەتىش ئابباسىيلار دەۋرىدە باشلىنىش بىلەن بىرگە ھەقىقى ئەھمىيىتىنى ئوسمانلىلار دەۋرىدە قازانغان. ھەر تۈرك ھۆكۈمدار ياكى سۇلتانى سۇررە ئەۋەتىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ۋاز كېچەلمەيدىغان بىر ۋەزىپە دەپ قارىغان.

ئوسمانلى سۇلتانلىرى ياۋۇز سۇلتان سەلىمدىن باشلاپ ئۇنۋانلىرىغا «ئىككى مۇقەددەس شەھەرنىڭ خىزمەتكارى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «خادىمۇل ھەرەمەينى شەرىپەين» ئۇنۋانىنى قوشقان. بۇ ئۇنۋانىنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن مۇقەددەس تۇپراقلار ۋە بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرگە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلغان. مەسىلەن، سۇررە ئەۋەتىشنى تەرتىپكە سالغان. ۋەقىپ خىزمەتلىرى ئارىسىدا دوختۇرخانا، مەدرىسە، سۇ يولى، قۇدۇق، ئاشخانا، يول ياساش قاتارلىق بىناكارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن رېمونت قىلىش ۋە ھەجنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بار ئىدى. ئوسمانلى دەۋرىدە مەككە، مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقانلاردىن باج ئېلىنمىغان. تۇرمۇش ئېھتىياجى دۆلەت خەزىنىسى ۋە ۋەقىپلەر تەرىپىدىن قامدالغان.

ئوسمانلى سۇلتانلىرى مۇقەددەس تۇپراقلاردا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا كەبە، مەسجىدى ھەرەم، مەسجىدى نەبەۋىنىڭ رېمونت قىلىنىشى ۋە كېڭەيتىلىشى قاتارلىقلار بار.

4-مۇرات دەۋرىدە كەلكۈن تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان كەبە پۈتۈنلەي يېڭىلانغان. ئىلگىرى ھەر يىلى مىسىردا توقۇلۇپ ئەۋەتىلگەن كەبىنىڭ يۆپۈقى 1609-يىلىدىن باشلاپ ئىستانبۇلدا توقۇلۇشقا باشلىغان. كەبىنىڭ ئالماشتۇرۇلغان كونا يۆپۈقى


مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋى

ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىنىپ مۇراسىم بىلەن خەلقنىڭ زىيارەت قىلىشىغا ئېچىلغان. ئەڭ ئاخىردا پادىشاھ زىيارەت قىلىپ يۇيۇقنى كۆرگەندىن كېيىن خىرقائى (يەكتەك) سائادەت بۆلۈمگە بەرگەن. كەبە جايلاشقان مەسجىدى ھەرەممۇ تۈرك سۇلتانلىرى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ سېلىنغان. مەسىلەن، سۇلتان ئىككىنچى سەلىمنىڭ دەۋرىدە باشلىتىلىپ ئوغلى ئۈچۈنچى مۇرات دەۋرىدە تاماملانغان مەسجىدى ھەرەم كېڭەيتىلىپ پۈتۈنلەي يېڭىلانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى بولغان مەسجىدى نەبەۋى ھەر قايسى دەۋرلەردە رېمۇنت قىلىنىپ كېڭەيتىلگەن. سۇلتان ئابدۇلمەجىد دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ رېمۇنتتا مەسجىدنىڭ ئاستى تەرىپى مەر مەر تاش بىلەن قاپلانغان. تۈگرۈكلىرى ياغاچ چېچەك ۋە ئېقىن سۇلارنىڭ گۈزەل مەنزىلىرى بىلەن بېزەلگەن. مەسجىدنىڭ شاھ ئەسەر خەتلىرى ئىستانبولدىن كەلگەن ئابدۇللاھ زۇھدى ئەپەندى ئىسىملىك بىر خەتتات تەرىپىدىن يېزىلغان. مەسجىدنىڭ ئاستى (يەر قىسمى) قىممەتلىك تۈرك گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەن. مۇقەددەس تۇپراقلاردا دىني ماكانلارنىڭ رېمۇنت ۋە يېڭىلاش خىزمىتى بىلەن بىرلىكتە يوقۇملۇق كېسەللەرگە قارشى ھىجاز سەھىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات ۋاستىسى ئارقىلىق دوختۇرخانا، دورىخانىلار سېلىنغان. يوقۇملۇق كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۇ مەنبەلىرى يېڭىلىنىپ دېزىنفېكسىيە نوقتىلىرى قۇرۇلغان.

ئوسمانلى سۇلتانلىرى مۇقەددەس تۇپراقلارغا قىلىنغان ھەج سەپەرلىرىنىڭ خاتىرجەم ۋە بىخەتەر ئېلىپ بېرىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەج كارۋىنىنى بىخەتەرلىك قىسىملىرى بىلەن قوغدىغان.

ھەج سەپىرى سەككىز ياكى ئون ئاي سۈرىدىغان مۈشكۈل بىر سەپەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يول خىراجىتى قىممەتتى. ئوسمانلى دۆلىتى يول خىراجىتىنى ئازايتىپ، ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىستانبولدىن مەككىگىچە سوزۇلغان ھىجاز تۆمۈر يولىنى ياساشقا باشلاپ، تۆمۈر يولنىڭ مەدىنىگىچە بولغان قىسمىنى تاماملىغان. لېكىن يېرىم ئارالدىكى ئەرەب ئىسيانلىرىنىڭ چىقىشى بىلەن مەككىگە بارىدىغان قىسمىنى تاماملىيالمىغان.

## 3.5. تۈركلەرنىڭ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا ئوينىغان رولى

### 3.5.1. ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى

ھىندىستانغا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا تۇنجى خىزمەت ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە باشلانغان. ئەمەۋىي قوماندانلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى قاسىم 710-711-يىللىرى ئارىسىدا ھىندىستاننىڭ بىر قىسمىنى فەتھ قىلغان. يەرلىك خەلقنىڭ دىن ۋە مال-مۈلكىگە دەخلى تەرۇز قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (717-720) فەتھ قىلىنغان يەرلەردىكى ھىندىستانلىق رەھبەرلەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغان. مۇسۇلمان ئەرەبلەردىن ھىندىستان تۇپراقلىرىغا ئورۇنلاشقان ۋە ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن غەيرەت قىلىشقاتقان دىن ئالىملىرى ۋە سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن فەتھ قىلىنغان ھىندىستان تۇپراقلىرىدا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. ئەمما ھىندىستاندا ئىسلامنىڭ كەڭرى تارقىلىشى تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان غەزنەلىكلەر (963-1187) دەۋرىدە باشلانغان. بۇ دۆلەتتىن كېيىن قۇرۇلغان سۇلتانلىقلار دېھلى تۈرك سۇلتانلىقى (1206-1413) ۋە بابۇر سۇلتانلىقى (1526-1858) قاتارلىق تۈرك دۆلەتلىرى بىلەن داۋاملاشقان.

10-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەن ھىندىستاندا ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىدا يەنە بىر دەۋر باشلانغان. بۇ دۆلەتنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى غەزنەلىك ماخمۇت (998-1030) ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، بۇ يەردە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا ئىمكان ياراتقان. بۇنىڭ بىلەن يۈز يىللارغىچە سوزۇلغان تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى تىكلەنگەن. بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ھىندىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، قوشۇنغا قېتىلغان ھىندىلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئارىلاشمىغان. سۇلتان ماخمۇت فەتھ قىلىنغان ھىندىستان تۇپراقلىرىدا مەسجىدلەر بىنا قىلغان. ھىندىستان خەلقىگە ئىسلامنى تونۇتۇش مەقسىتىدە دىن ئالىملىرىغا ۋەزىپە بەرگەن.

12-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شىمالىي ھىندىستان گورلار خانىدانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتىشى بىلەن تۈرك ھۆكۈمدار مۇھەممەد ئىبنى تۇغلۇق ھەر تەرەپكە دىن ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ئىسلامنى ھىندىلارغا تونۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە كۆپ ساندا ھىندى مۇسۇلمان بولغان.

ھىندىستاندا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشى بىلەن، بۇ يەردىن ھىندىستانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان تۈرك دىن ئالىملىرى ۋە مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭمۇ رولى بار. بۇلار ھىندىستاندا ياشاۋاتقان يەرلىرىدە مەسجىد

ۋە مەدرىسلەر ئاچقان. بۇ ماكانلار قىسقا ۋاقىتتا ئىسلامنى يەرلىك خەلققە تونۇتىدىغان مەركەزلەرگە ئايلانغان.

كۈنىمىزدە پاكىستان، بېنگال ۋە ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، مۇسۇلمانلار تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

### 3.5.2. ئاناتولىيەنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى

تۈرك ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەققىياتلىرىدىن بىرى ئاناتولىيەنىڭ تۈركلەشتۈرۈلىشى ۋە مۇسۇلمانلاشتۇرۇلىشىدۇر. مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئاناتولىيە بىلەن بولغان تۇنجى مۇناسىۋىتى 11-ئەسىرد ئابباسىيلار دەۋرىدە باشلانغان. تۈرك قوماندانلار رەھبەرلىك قىلغان ۋە كۆپ ساندا تۈرك ئەسكىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئابباسىي ئارمىيىسى 10-11-ئەسىرلەردە ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا يۈرۈش قىلغان. بۇ قوشۇن سىۋاس، ئاماسيا، نىكسار، قەيسەرى، كونيا، ئەرەغلى، يالۋاچ، ئەنقەرە ۋە ئەسكىشەھەر قاتارلىق ئاناتولىيە شەھەرلىرىنى قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ فەتىھ قىلغان. لېكىن بۇ ھەربىي يۈرۈشلەر تۇپراقلارنى دائىملىق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بولماي، ۋىزانتىيەگە كۆز قورقۇتۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ھەر قېتىمدا فەتىھ قىلغان تۇپراقلارنى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن بوشۇتۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇ سەۋەپتىن بۇ سەپەرلەر تۈركلەرنىڭ ئاناتولىيەگە ماكانلىشىشنى مەقسەت قىلمىغان.

تۈركلەرنىڭ ئاناتولىيەگە كۆچۈشى، بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بۇ دۆلەت قۇرۇلۇپ خوراسان ۋە ئىراقنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغاندا تېخى يېڭى مۇسۇلمان بولغان تۈركمەن قەبىلىلىرى، ھايات شەرتلىرىنى ياخشىلاش، ھايۋانلىرىغا تېخىمۇ ياخشى ئوتلاقلار تېپىش مەقسىتىدە بۇ تۇپراقلارغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. بۇ قەبىلىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلماي بارغان يەرلىرىدە كېلىشمەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمەلىيەتتە سەلجۇق رەھبەرلىرى بۇ قەبىلىلەردىن ئىران ياكى ئىراقتىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ياشاۋاتقان يەرلەرگە كۆچۈپ ئۆلارنى بىئارام قىلىشنى تەلەپ قىلمىغان. بۇ سەۋەپتىن بىر چارە ئويلاپ تۈركمەن قەبىلىلىرىنى ۋىزانتىيەنىڭ قولىدىكى ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا قاراپ ھەرىكەتلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن 1050 ۋە 1060-يىللار ئارىسىدا تۈركمەن قەبىلىلىرى ئاستا-ئاستا ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا كېلىپ ماكانلىششقا باشلىغان.

1071-يىلى سەلجۇقلارنىڭ كۈچلۈك ۋىزانتىيە قوشۇنىنى يېڭىپ مالازگىرت غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئاناتولىيەنىڭ تۈركلىشىشى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان. بۇ غەلبىدىن كېيىن سۇلتان ئالپارسلان تەرىپىدىن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن

قۇتالمىش ئوغلى سۇلەيمان شاھ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئاناتولىيەنىڭ بۈيۈك قىسمىنى فەتھ قىلغان.

ئاناتولىيەنىڭ بۇنداق تېز ۋە ئاسان فەتھ قىلىنىشىنىڭ بەزى سەۋەپلىرى بار. ئالدى بىلەن ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاناتولىيەنىڭ كۆپلىگەن شەھەر، قەلئەسى تاشلىۋېتىلگەن ياكى خارابىغا ئايلانغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شەھەرلەردە تۈركلەرگە قارشى چىقالايدىغان ئاھالە قالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن مەۋجۇت نۇپۇس ئېغىر باج-سېلىق تۆپەيلىدىن ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتىدىن نارازى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاناتولىيەنى فەتھ قىلىشقا كەلگەن تۈرك غازىلىرى بۇ خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئۇلار قارشى چىقماي تىنچلىقنى بۇزمىغان تەقدىردە، جېنى، مال-مۈلكى ۋە دىنىغا دەخلى-تەرۇز قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

سۇلەيمان شاھنىڭ فەتھ سەپىرى جەريانىدا 100 مىڭغا يېقىن تۈركمەن ئايماق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاناتولىيەگە كېلىشى بىلەن ئاناتولىيە نوپۇسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنىڭ تۈركلەردىن تەركىپ تېپىشى نەتىجىسىدە، بۇ تۇپراقلاردا 1075-يىلى ئاناتولىيە سەلجۇق دۆلىتى قۇرۇلغان. يەنە بۇ دۆلەتنىڭ يېنىدا ئەرزۇرۇمدا سالتۇق ئوغۇللىرى، ئوتتۇرا ئاناتولىيەدە دانىشمەندلىلەر، ئەرزىنجان ۋە دىۋرىغدە مەنگۈجۈك قاتارلىق مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان.

فەتىھنىڭ تاماملىنىشى بىلەن ئاناتولىيەگە تۈركمەن كۆچۈشى داۋاملاشقان. بولۇپمۇ 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئاناتولىيەگە ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ-كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى باشلىغان. بۇ دولقۇن بىلەن كۆپ ساندا تۈركمەن قەبىلىلىرى ئاناتولىيەگە كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاناتولىيە نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان. شۇنىڭ بىلەن نۇپۇس جەھەتتىن ئاناتولىيەنىڭ تۈركلىشىشى 13-ئەسىردە ئەمەلگە ئاشقان.

ئاناتولىيەگە كەلگەن كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى كونيا، ئەرزۇرۇم، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسەرى قاتارلىق بۈيۈك ئولتۇراق مەركەزلىرىگە ماكانلاشقان. بۇلار 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، تۈركمەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا تۈرك ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ سىرتىدا يايلاق، تۈزلەڭلىك، ۋادى، چېگرا رايونلىرىدا 100 يىلغىچە ياشاپ تۈركمەن ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ كېلىپ-كېتىدىغانلىرى ئۈچۈن يۆرۈك ئىسمى ئىشلىتىلگەن.


ئەخمەد يەسەۋى مازىرى
(قازاقىستان)

ئاناتولىيەنىڭ ئىسلاملىشىشى، تۈركلىشىشى بىلەن پاراللېل بولغان. چۈنكى ئاناتولىيەگە ماكانلاشقان تۈركلەرنىڭ تامامى، كېلىشتىن

ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار يېڭى ۋەتىنىگە تۈركلىگى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلىقىنىمۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن. كۆچمەنلەر ئارىسىدا تۈركمەن خەلقى ئۇستىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان مۇتەسەۋۋۇپلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم تۈرك قوشۇنىدىن ئىلگىرى ۋىزانتىيە تۇپراقلىرىغا كېلىپ، غەيرى مۇسلىم خەلقنىڭ كۆڭلىنى فەتىھ قىلغان. سەممى ياردىمى، گۈزەل مۇئامىلىسى ۋە دۇرۇستلۇقى سايىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئاناتولىيەگە كەلگەن ساياھەتچى مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىستانلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئەخمەت يەسەۋى 1160 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈركىستاندا تۈركلەرگە ئىسلامىيەتنى ساپ تۈرك تىلىدا تەبلىغ قىلىشقا باشلىغان. بۇ جەرياندا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىسىنى تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتكەن. بۇلاردىن بىر قىسمى ئاناتولىيەگە كېلىپ، ئاناتولىيەنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان.

ئەخمەت يەسەۋى ئېقىمىنىڭ ئاناتولىيەدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى شۆبھىسىزكى، ھاجى بەكتاشى ۋەلىدۇر. ئۇ موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە قىرغىنى تۈپەيلىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئاناتولىيە تۈركلىگىنى سۆيگۈ، بىرلىك، قېرىنداشلىق ھېس ـ تۇيغۇسى ئەتراپىدا توپلاشقا تىرىشقان.

ئاناتولىيەنىڭ ئەبەدى تۈرك يۇرتىغا ئايلاندۇرۇلىشى ۋە ئىسلاملاشتۇرۇلىشىدا ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىنىڭ ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان تۈرك بەگلىكلىرىنىڭ بىناكارلىقى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ خىزمەتلەر نەتىجىسىدە سېلىنغان 100گە يېقىن جامى، مەدرىسە سايىسىدا ئىسلام دىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەبلىغ قىلىنغان. مەدرىسىلەردە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىلىم ئەھلىلىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئاناتولىيەنىڭ ئىسلاملىششىدا پۈتۈنلەي تۈركلەرگە خاس بولغان ئاھىلىق تەشكىلاتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئاھىلىق كۈنىمىزدىكى مەنىسىدە ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەرنى بىر يەرگە توپلايدىغان ھۈنەرۋەن تەشكىلاتى ئىدى. بۈيۈك شەھەرلەر، بازار ۋە يېزىلاردا ئېچىلغان ئاھىلىق مەركەزلىرى ئەينى ۋاقىتتا بىر ئەخلاق مەكتىۋى بولغان. كۈندۈز ۋاقىتىدا ئۇز كەسپىگە قاراپ ھۈنەر بىلەن مەشغۇل بولسا، ئاخشاملىرى دىنىي ۋە ئەخلاقى دەرسلەر بەرگەن. ۋاقتى كەلگەندە يەنە ھەربى تەلىم ـ تەربىيەمۇ بەرگەن.

ئاناتولىيەدىكى مۇسۇلمان ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئارىسىدا ئاز ساندا ئەرمەنى، رۇم ۋە يەھۇدى مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى.

### 3.5.3. بالقان رايونىغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى

مۇسۇلمان تۈركلەر ئاناتولىيەنى فەتىھ قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلمىغان. بۇ ۋەتەننىڭ چېگىرىسىنى ياۋروپانىڭ ئىچىگە قەدەر كېڭەيتىشكە تىرىشقان. ئوسمانلى دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بالقان رايونىغا، يەنە بىر ئىسمى بىلەن رۇمەلىگە قاراپ فەتىھ ھەرىكەتلىرىگە ئاتلانغان. 1361 ـ يىلى ئەدىرنە فەتىھ قىلىنغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىتتا بۇلغار تۇپراقلىرىنىڭ تامامى ۋە 1389 ـ يىلىدىكى كوسوۋا مەيدان ئۇرۇشى بىلەن سىربىستان تۈرك ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن. 1396 ـ يىلى يىلدىرىم بەيازىد نىغبولىدا ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ بالقاندىكى كونتروللۇقى كۈچلەنگەن. كېيىن فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ 1463 ـ يىلى بوسنا ھەرسەك (بوسنىيە گېرتسگوۋىنا)نى فەتىھ قىلىشى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىتالىيەنىڭ دالماچا قىيىسىغىچە يېتىپ بارغان.

ئوسمانلى فەتىھلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، بالقانلاردا تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدۇر. فەتىھ باشلىنىشتىن ئىلگىرى بەزى تۈركمەن قەبىلىلىرى بالقانلارغا بېرىپ، ئاناتولىيەدىكىگە ئوخشاش تەبلىغ بىلەن غەيرى مۇسلىم خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن بالقان رايونى قىسمەن بولسىمۇ فەتىھكە تەييارلانغان. ئوسمانلى سۇلتانلىرى فەتىھنىڭ باشلانغۇچى ۋە ئاخىرىدا ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان ماكانلاشتۇرۇش سىياسىتى بىلەن ئاناتولىيەدىكى تۈركمەن قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بالقانغا ئولتۇراقلاشتۇرغان. تۈركمەنلەر ئاناتولىيەدىن رۇمەلىگە تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. بۇ جەھەتتىن رۇمەلىدىكى ئوسمانلى فەتىھلىرىنىڭ ماكانلىشىپ، ۋەتەنلىشىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېنىقتۇر.

ئۇزۇن يىللار بالقاندىكى مۇسۇلمان ئاھالە، ئاساسى جەھەتتىن تۈركمەنلەر بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ھەر قايسى رايونلاردىكى غەيرى مۇسلىم خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بولۇپمۇ بوشناكلار، ئالبانلار توپ ـ توپ بولۇپ مۇسۇلمان بولغان. دىن ئۆزگەرتىشكە ئوسمانلى دۆلىتى بېسىم قىلمىغان. چۈنكى فەتىھ جەريانىدا دۆلەت بىلەن غەيرى مۇسلىم خەلق ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن دۆلەت ئۇلارنىڭ جان ۋە ماللىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدىغانلىقى، دىن ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىمايدىغانلىقىنى كاپالەتكە ئالغان.

بالقان رايونىدا تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىدا ئەڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى بىناكارلىق خىزمەتلىرى بولغان. ئوسمانلى رەھبەرلىگىدە بالقانغا ئاناتولىيەدىن

كۆپ مەسجىد، كارۋان ساراي ۋە هامام سېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرسا بىلەن بوسنا، كونيا بىلەن ئۈسكۈپ بىر-بىرىدىن قېلىشمىغان. 18-ئەسىردىن باشلاپ بۇ ئەهۋالدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان. كەينى-كەينىدىن چىققان ئۇرۇش ۋە مىللەتچىلىك هەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن بالقاندىكى مۇسۇلمان ئاھالىنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلۈپ، بىر قىسمى ئاناتولىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىنغان. كۈنىمىزدە بالقاندا يەنىلا تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۈنىمىزدە بۇلغارىيە، گىرىتسىيە، ماكېدونىيە، رومىنىيە، ئالبانىيە ۋە بوسنا گېرتسىگوۋىنادىكى (بوسنا-هەرسەك) تۈركلەر، مۇسۇلمانلار مىللى ۋە مەنىۋى كىملىگىنى قوغداشقا تىرىشماقتا.

## 4. مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرى

### تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرى

ئىدىل بۇلغار خانلىقى، قاراخانىلار، غەزنەلىكلەر ئىسلامىيەتنى رەسمىي دىن دەپ قوبۇل قىلغان تۈرك دۆلەتلىرىدۇر.

**ئىدىل بۇلغار خانلىقى:** بۇ خانلىق ئىتىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋادىسىدا قۇرۇلغان. بۇ دۆلەتنى باشقا تۈرك دۆلەتلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن دەرىيانىڭ يەرلىك ئاتىلىشىدىكى ئىدىل ئىسمى بىلەن ئاتىغان. ئىلگىرى بۇ دۆلەتتە قەدىمقى تۈرك ئەقىدىلىرى هاكىم بولغان بولسا، 9-ئەسىردىن باشلاپ ئىران ۋە خارەزىمدىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. ئاباسىيلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش نەتىجىسىدە 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلەتتە ئىسلامىيەت رەسمىي دىن دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭدىن كېيىن ئاباسىي خەلىپىسى ۋە بۇلغار خانىنىڭ ئىسمىدا تەڭگە پۇل قويدۇرۇلغان. مەسجىد ۋە سارايلار بىنا قىلىنغان.




مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرى

قازىلىق (هاكىملىق) جەمئىيىتى قۇرۇلغان. خانلىق يېزا ئىگىلىك، تىجارەت، كانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ساهەسىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. 13-ئەسىردە موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان.

**قاراخانىلار:** (840 - 1212) يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا

ھۆكۈم سۈرگەن تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتىدۇر. دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگەكۆل قادىرخان. بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان، غەيرى مۇسلىم تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەتنى تارقىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. ئوغلى بايتاش ئارسلانخان دەۋرىدە قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان. 1042ـ يىلى قاراخانىلار دۆلىتى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. شەرقىي قاراخانىلار بالاساغۇن، يەركەنت، تالاس رايونىدا ھۆكۈم سۈرگەن. دۆلەتنىڭ مەركىزى بالاساغۇن، بەزى ۋاقىتلاردا كاشغەر بولغان. شەرقىي قاراخانىلار 1089ـ يىلى بۈيۈك سەلجۇقىلارغا باغلانغان (تەۋە بولغان). 1211ـ يىلى قاراختايلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. غەربىي قاراخانىلار ماۋەرائۇننەھىردىن پەرغانىگىچە بولغان يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلغان. 1074ـ يىلى بۈيۈك سەلجۇقىلارغا باغلانغان. بۇ دۆلەت خارەزىملىقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

قاراخانىلار ھاكىم بولغان يەرلەردە كۆپ ساندا جامى، مەدرىسە، كارۋان سارايى، دوختۇرخانا قاتارلىق دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر بەرپا قىلغان. بۇ دۆلەت دەۋرىدە كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق يەرلەر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان. تۈرك مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى ئورگىنال ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ جەھەتتە ئەقلىمىزگە «ماناس» داستانى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەر كېلىدۇ.

**غەزنەلىكلەر**: بۇ سۇلتانلىق 963ـ 1186ـ يىللار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن. تۈركلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2ـ ئەسىردىن باشلاپ ماكانلاشقان ئافغانىستاندا قۇرۇلغان. پايتەختى غەزنە شەھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن غەزنەلىكلەر دەپ ئاتالغان. قۇرغۇچىسى ئالپتەكىندۇر. دۆلەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى 32 يىل تەختتە ئولتۇرغان غەزنەلىك ماخمۇتتۇر. (998ـ 1030) بۇ ھۆكۈمدار دەۋرىدە ھىندىستاننىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان ۋە ئىسلامىيەت تېزلىكتە تارقىلىشقا باشلىغان. سۇلتان ماخمۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى مەسئۇت چىققان. سۇلتان مەسئۇت سەلجۇقىلار بىلەن دانداناكان ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. غەزنەلىكلەر ھىندىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە كۈنىمىزدىكى پاكىستان، بېنگال قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى سارايلاردا ئىلىم ئەھلى ۋە شائىرلارغا ئىلتىپات كۆرسەتكەن. مەشھۇر تۈرك ئالىمى ئەل بىرونى بۇ ئىلتىپات سايىسىدا دۇنياغا مەشھۇر ئىلمىي تەتقىقاتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان دۆلەتلەر

بۈيۈك سەلجۇق دۆلىتى ئوغۇز تۈركلىرى تەرىپىدىن 1040-يىلى غەزنەلىكلەرگە قارشى غەلبە قىلغان دانداناكان ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنىڭ سىياسى ھاكىمىيىتى تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاناتولىيەنى ئىككىنچى ئانا ۋەتەن قىلىدىغان فەتىھلەر قىلىنىغان. سەلجۇق سۇلتانلىرى ئىسلام دۇنياسىدا پارچىلىنىش ئالامىتى بولغان شىئى فاتىمىلەر ۋە كارامەتىلەرگە قارشى ناھايىتى غەلىبىلىك كۆرەشلەرنى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسى بىرلىگىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن سەلجۇق دۆلىتىنىڭ بۇ كۈچى ۋە غەلىبىسى ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولمىغان. سەلجۇق سۇلتانى سەنجەر 1141-يىلىدىكى كاتۋان ئۇرۇشىدا قارا خىتايلارغا يېڭىلگەن. سەلجۇق تۇپراقلىرىنىڭ بۈيۈك بىر قىسمى قارا خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1157-يىلى سەنجەرنىڭ ۋاپاتى بىلەن سەلجۇقلار دۆلىتى يىقىلغان. ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۇپراقلاردا ئىراق ۋە خوراسان سەلجۇقلىرى (1092-1194)، قىرمان سەلجۇقلىرى (1048-1092)، سۇرىيە سەلجۇقلىرى (1069-1118) ۋە ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى قاتارلىق دۆلەتلەر قۇرۇلغان. ئاناتولىيە سەلجۇق دۆلىتى ئاناتولىيە فاتىھى قۇتالمىش ئوغلى سۇلەيمان شاھ تەرىپىدىن 1075-يىلى قۇرۇلغان. ئىزنىكنى تۇنجى پايتەختى قىلغان. لېكىن بۇ شەھەر ئەھلى سەلىب قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن كونيانى پايتەخت قىلغان.

ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى ئەھلى سەلىبكە قارشى كۆپ كۈرەش قىلغان. تارسۇس، ئادانا، مالاتىيا، سىنوپ، ئالانيا قاتارلىق يەرلەر بۇ دۆلەت دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئاستىغا ئۆتكەن. كۆپ ساندا جامى، مەدرىسە، ھاممام، كارۋان-ساراي، دوختۇرخانا قاتارلىق ئەسلەھەلەرنى سېلىش ئارقىلىق ئاناتولىيەنى بىر مۇسۇلمان تۈرك يۇرتىغا ئايلاندۇرغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى كۈنىمىزدىمۇ جەۋلان قىلىپ تۇرماقتا. ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى 1243-يىلىدىن باشلاپ موڭغۇل ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن. ئاناتولىيە ئەللىك يىللىق ھاكىمىيەت دەۋرىدە ئىسيان، بولاڭ-تالاڭ ۋە ئىقتىسادىي كىرزىسلارغا دۇچ كەلگەن. دۆلەتتە ھاكىمىيەت قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر شەھەر مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سانى 20 گە يېتىدىغان ئاناتولىيە تۈرك بەگلىكلىرى ئوتتۇرىغا چىققان.

## ئوسمانلى دۆلىتى

ئوغۇزلارنىڭ قايى تارمىقىدىن كېلىدىغان ئوسمان ئوغۇللىرى، باشلانغۇچتا سەلجۇقلار تەرىپىدىن ئەنقەرەنىڭ غەربىدىكى قاراجاغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئەرتۇغرۇل غازى ۋىزانتىيە چېگرىسىدا ئۇچ بېگى بولۇپ

ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىدى. ئوسمان ئوغۇللىرى كېيىن سۆگۈت ۋە دومانىچنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەرتۇغرۇلنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ئوسمان غازى ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى قاراجاھىسار، بىلەجىك ۋە ئىنەگۆلنى فەتھ قىلغان. بۇ غەلبىلەردىن كېيىن 1299 ـ يىلى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلغان.

ئوسمانلى دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن فەتىھلەرنى ياۋرۇپانىڭ ئىچىگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇش، ئاناتولىيەدىكى تۈرك بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دۇنياسىنى ئەجنەبى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىشنى ئاساسى غايە قىلغان. 1595 ـ يىلىغا قەدەر دۆلەت داۋاملىق چوڭىيىپ كېڭەيگەن. فاتىھ سۇلتان مەھمەتخان 1481 ـ يىلى ۋاپات بولغان ۋاقتىدا دۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇپراقلارنىڭ يۈز ئۆلچىمى 2.000.000 كۇۋادىرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 3 ـ مۇرات دەۋرى (1574 ـ 1595)دە ئوسمانلى تۇپراقلىرىنىڭ يۈز ئۆلچىمى بۇ رەقەمدىن ئون ھەسسە كۆپەيگەن. ئوسمانلى دۆلىتى ھاكىمىيەتتە ئادالەتنى ئاساس قىلىپ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان. ئوسمانلى دۆلىتى 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. 1923 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، 1922 ـ يىلى خەلىپىلىكنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ئوسمانلىلار دەۋرى تۈرك ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى بولغان. سەلجۇقىلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بۇ دەۋردىمۇ مۇسۇلمان تۈركلەر فەتھ قىلغان ھەر يەرگە مەدەنىيەت كۆتۈرگەن. ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۇپراقلاردا بىنا قىلغان جامى، خان، ھامام، كارۋان ـ ساراي قاتارلىق كۆپلىگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى كۈنىمىزدىمۇ جەۋلان قىلىپ ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرماقتا.

### ئىراندا ھاكىمىيەت قۇرغان مۇسۇلمان تۈرك سۇلالىلىرى

**ساپاۋىلار** (1502 ـ 1736): ئىلگىرى ئاناتولىيەگە يەرلىشىپ، كېيىن ئىرانغا كۆچكەن. ئارىلىرىدا ئاققويۇنلۇ ۋە قاراقويۇنلۇلارمۇ مەۋجۇت بولغان تۈركمەنلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

**ئاۋشارلار** (1736 ـ 1750): ئوغۇزلارنىڭ ئاۋشار تارمىقىدىكى تۈركمەنلەر تەرىپىدىن ساپاۋىلارنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان. قۇرغۇچىسى شاھ ئىسمائىل.

**قاچارلار** (1925 ـ 1979): ئىراندا ھاكىمىيەت قۇرغان ئاخىرقى تۈرك سۇلالىسىدۇر. سۇلالىنىڭ ئەسلى ئوغۇزلارنىڭ قاچار تارمىقىغا مەنسۇپتۇر.

### ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرۇلغان مۇسۇلمان تۈرك دۆلەتلىرى

**خارەزىم شاھلار دۆلىتى** (1157 ـ 1231) سەلجۇق سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ قۇماندانلىرىدىن قۇتبەتتىن مۇھەممەد خارەزىمغا ۋالى تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ

نەۋرىسى ئىل ئاسلان مۇستەقىللىق جاكارلاپ خارەزىم شاھلار دۆلىتىنى قۇرغان. 12 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى بولغان موڭغۇللار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**تۆمۈر ئىمپېراتورلۇقى** (1369 ـ 1505): بۇ دۆلەت بۈيۈك تۈرك خاقانلىرىدىن تۆمۈر تەرىپىدىن 1369 ـ يىلى بەلختە قۇرۇلغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن جۇڭگو چېگرىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاناتولىيەگە قەدەر كېڭەيگەن بۈيۈك بىر ئىمپېراتورلۇققا ئايلانغان. تۆمۈرنىڭ 1405 ـ يىلى ۋاپات بولىشى بىلەن ئاجىزلىشىپ پارچىلىنىشقا باشلىغان.

**دېھلى تۈرك سۇلتانلىقى** (1206ـ1413): شىمالىي ھىندىستاندا قۇتبەددىن ئايبەگ تەرىپىدىن قۇرۇلغان. 1266 ـ 1290 ـ يىللىرى ئارىسىدا بالابانلار، 1321 ـ 1413 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۇغلۇق ئىسىملىك تۈرك سۇلالىلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان.

**بابۇر ئىمپېراتورلۇقى** (1526 ـ 1858): تۆمۈرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بابۇر شاھ تەرىپىدىن دېھلىنى مەركەز قىلىپ پەنجاپتا قۇرۇلغان. 1528 ـ يىلى شىمالىي ھىندىستاننى چېگرىسى ئىچىگە قوشقان. بۇ دۆلەت تۈركلەر قۇرغان بۈيۈك دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، ساپاۋىلار ۋە ئوسمانلىلار بىلەن بىرلىكتە 16 ـ ئەسىرنى تۈرك ئەسىرى قىلغان. بۇ دۆلەتكە خاس تارىخى ئەسەرلەر كۈنىمىزدە ھىندىستاننى زىننەتلەپ تۇرماقتا. بۇلاردىن بىرى تاج مەھەل قەبرىسىدۇر. بابۇر ئىمپېراتورلۇقى 1858 ـ يىلى ئىنگلىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

### مىسىردا قۇرۇلغان تۈرك دۆلەتلىرى

ئابباسىيلار دەۋرىدە مىسىردا تۈرك قەۋمىدىن كەلگەن ئابباسىي ۋالىلىرى تەرىپىدىن يېرىم مۇستەقىل تولۇن ئوغۇللىرى (869 ـ 905) ئىھشىدىلەر (935 ـ 969) دۆلىتى قۇرۇلغان. ئەييۇبىلار (1171 ـ 1348) ۋە مەملۇكلار (1250 ـ 1517) دۆلىتى ئوتتۇرىغا چىققان. ئەييۇبى دۆلىتى قۇددۇستا ئەھلى سەلىب ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. مەملۇكلار موڭغۇل ئىستىلاسىنى توختاتقان.

### شەرقىي ياۋروپادا قۇرۇلغان تۈرك دۆلەتلىرى

**قازان خانلىقى:** (1437 ـ 1552) ئىدىل بۇلغارلىرى دۆلىتى بۇلغارلار بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن قىپچاق، ئۇزلار ۋە پەچەنەكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بۇ ئايماقلارنىڭ ئارىلىششىدىن قازان تۈركلىرى بارلىققا كەلگەن.

**قىرىم خانلىقى:** (1441 ـ 1557) ئالتۇن ئوردا بەگلىرىدىن ھاجى گىراي تەرىپىدىن قىرىمدا قۇرۇلغان. فاتىملار دەۋرىدە ئوسمانلى دۆلىتىگە قوشۇلغان. 1784 ـ يىلى رۇسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**ئاستىرىخان خانلىقى:** (1466 ـ 1557) ئىدىل دەرياسىدىن كاسپى دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان يەرگە يېقىن بولغان ئاستىرىخان شەھرى ۋە ئەتراپىدا قۇرۇلغان. روسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**نوگاي خانلىقى:** ئالتۇن ئوردا دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىدىلدىن ئېرتىشقىچە، كاسپى دېڭىزىدىن ئارال كۆلىگىچە بولغان تۇپراقلاردا قۇرۇلغان. خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى قىپچاق تۈركلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ دۆلەت رۇسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قىپچاقلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن.

# 7 ـ باپ. ئىسلام مەدەنىيىتى

## *1. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھايات*

### 1.1. دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش

#### 1.1.1 . دىن ۋە ئەقىدە

دەسلەپكى دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسىدا ياشاۋاتقان خەلقلەر دىن ۋە ئەقىدە جەھەتتە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسلىم (مۇسۇلمان بولمىغان)لاردۇر.

**مۇسۇلمانلار**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب قەۋمىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ئەمەۋىيلەر، بولۇپمۇ ئابباسىيلار دەۋرىدە ئىسلامىيەت تۈرك، پارس، بەربەرى ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ تارقالغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئابباسىيلار دەۋرىدە ئىسلام دۇنياسىدا مۇسۇلمان ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلاردىن تەركىپ تاپقان. ئوسمانلىلار دەۋرىدە بوشناك، ئالبان قاتارلىق بالقان مىللەتلىرىمۇ مۇسۇلمان ئاھالىگە قوشۇلغان.

مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىگە قەدەر بىرلىك ۋە پۈتۈنلۈكنى ساقلىغان. لېكىن ئالدىدا ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە كەسكىن ئايرىلىش ۋە پارچىلىنىشلار كېلىپ چىققان.

تۇنجى پارچىلىنىش سىففىن ئۇرۇشى جەريانىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى تەركېتىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. بۇ پىرقە «خاۋارىجلار» دېيىلگەن. بۇلار ئۆزلىرىدىن بولمىغانلارنى مۇسۇلمان دەپ قوبۇل قىلمىغان. «خاۋارىجلار»دىن كېيىن شىئى دەپ ئاتالغان يەنە بىر پىرقە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار خەلىپىلىكنىڭ يەنى دۆلەت رەئىسلىگىنىڭ پەقەتلا ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەققى ئىكەنلىگى پىكرىدە چىڭ تۇرغان. بۇلارغا ئەگىشىپ جەبرىيە ۋە مۇئتەزىلە قاتارلىق مەزھەپلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. جەبرىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغانلار ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا قارشىلىق مۇئتەزىلە مەزھىپىگە مەنسۇپ

بولغانلار ئىنساننىڭ ئەركىن بىر مەخلۇق ئىكەنلىكى، بۇ سەۋەپتىن ھەرقانداق ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بىلەن قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

خاۋارىج، جەبرىيە ۋە مۇئتەزىلە قاتارلىق مەزھەپلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلسا، ئەھلى سۈننەت مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان. ئەھلى سۈننەت ئىچىدىمۇ ھەرخىل پىكىرلار مەۋجۇد ئىدى. ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ماتۇرىدى ۋە ئەشئارىلىق ئوتتۇرىغا چىققان. دىننى ئىزاھلاشتا ماتۇرىدىلىق ئەشئارىلىققە قارىغاندا ئەقىلگە كۆپراق ئەھمىيەت بەرگەن. فىقھ جەھەتتە ھەنەفىي، مالىكى، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ مەزھەپلەر بىر-بىرىگە قارىتا چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغان.

## غەيرى مۇسلىملار

ئىسلام دۇنياسىدا ھەر خىل دىنلارغا مەنسۇپ بولغان كۆپ ساندا غەيرى مۇسلىم مەۋجۇت ئىدى. بولار: يەھۇدى، خرىستىئان، سابىئى، زەردۇشت، بۇددىست، براخمان قاتارلىقلار.

غەيرى مۇسلىم خەلقلەر مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپراقلىرىدا ياشىغان. بۇ كېلىشىمدىكى بەلگۈلىمىلەرگە ئاساسەن مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار غەيرى مۇسلىملارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى ۋە دىنىغا دەخلى-تەرۇز قىلمىغان. غەيرى مۇسلىملار كېلىشىمدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوغداپ، ئىبادەت ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى ئىمالال قىلغان. يەنە ئۆز ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز دىنىغا قاراپ ھەل قىلغان. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان شەخسىي مەھكىمىلەرمۇ قۇرغان.

غەيرى مۇسلىم خەلقلەر ئادەتتە ئۆز مەھەللىسىدە ئولتۇرۇپ، دىنىي ياكى ئەنەنىۋى قىياپەتلىرىنى كەيگەن. غەيرى مۇسلىم ئاياللار مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن ئۆيلەنگەن. مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسلىملار ئوتتۇرىسىدا تىجارەت ۋە ئىش ھەمكارلىقى قۇرۇلغان.

مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسلىم خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا دىنىي تالاش-تارتىشلارمۇ مەۋجۇد بولغان. ئابباسىيلار دەۋرىدە مۇنازىرە سورۇنلىرىدا مۇسۇلمان، خرىستىئان، يەھۇدى، ھەتتا ھەر قانداق بىر دىنغا مەنسۇپ بولمىغان كىشىلەرمۇ بىر يەرگە توپلىنىپ، ئەقىدە ھەققىدە بەس-مۇنازىرە قىلغان.

مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار غەيرى مۇسلىملارنىڭ ھەر خىل پىكىر، كۆز قاراشلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالىشى ئۈچۈن ئۈيغۇن مۇھىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، سۈرىيە، مىسىر ۋە ئىسپانىيەدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى خرىستىئان

ھۆكۈمدارلار بەزى خرىستىئان مەزھەپلىرىنى بېسىم ئاستىغا ئالغان. يۇقىرىدىكى رايۇنلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ بېسىم تۈگىگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەر مەزھەپ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان شەرت-شارائىتقا ئىگە بولغان.

غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولماسلىقى ئۇلارنىڭ دۆلەتتە ۋەزىپە ئۆتىشىگە توسالغۇ بولمىغان. مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئىچىدە ئەمەۋىيلەردىن باشلاپ كۆپ ساندا غەيرى مۇسلىم دۆلەتتە يۇقىرى خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان.

## 1.1.2. ئىجتىمائىي قۇرۇلما

### 1.1.2.1. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار

ئىسلام بارلىققا كەلگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەر ئادەتتە ئەركىن كىشىلەر، مەۋالىلار ۋە قۇللار دەپ ئۈچكە ئايرىلاتتى. ئەركىن كىشىلەر قەبىلىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولۇپ، باشقا ئىككى سىنىپقا مەنسۇپقا كىشىلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرەتتى. قۇللار خوجايىنىنىڭ مېلى ھېسابلىنىپ، بازارلاردا ئېلىپ سېتىلاتتى. قۇللارنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرالايتتى. مەۋالىلار ئەركىن كىشىلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر سىنىپ ئىدى. بۇلار خوجايىنلىرىنىڭ ئازاد قىلىش ياكى خوجايىنىدىن سېتىۋېلىپ ئازادلىققا چىقىرىلغان ئىنسانلار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدا جەمئىيەت مۇسۇلمان، زىممى ۋە قۇل قاتارلىق ئۈچ سىنىپتىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ سانىنى مۇسۇلمان ئەرەبلەر تەشكىل قىلغان. ئىسلامنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىغا تارقىلىشى بىلەن تۈرك، پارىس، نېگىر، بەربەرى قاتارلىق ھەر خىل مىللەت، ئىرقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئىسلامىيەتتە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەر بىلەن باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولغان. مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئىچىدە ئەمەۋىيلار دەۋرىدە ئەرەبلەر باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. بۇ دەۋردە ئەرەبلەردىن باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر مەمۇرى ۋەزىپىلەرگە قارىغاندا ئىلمىي تەتقىقات، سەنئەت ۋە كەسىپلەردە مۇۋاپپىقىيەت قازانغان.

ئابباسىيلارنىڭ قۇرۇلىشىدىن باشلاپ شەرقتە ئىران ۋە تۈركلەر، غەربتە بەربەرىلەر ھاكىمىيەتتە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان.

ئىجتىمائىي سىنىپلار ئىچىدە كۆپ سانلىقنى يەھۇدى، خرىستىئانلار تەشكىل قىلسا، ئاز بىر قىسمىنى مەجۇسى ۋە سابىئىلاردىن تەشكىل تاپقان زىممىلار ئىگەللىگەن. زىممىلار دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا جىزيە ناملىق يىللىق باج تاپشۇرغان. زىممىلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى دۆلەت تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، دىنىي ئىبادەتلىرىنى

ئەركىن قىلغان. زىممىلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ھەقتىن بەھرىمەن بولغان.
زىممىلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش ھەققە ئىگە بولغان.

ئابباسىيلار دەۋرىدە ھاۋاس (مەخسۇس) ۋە ئاۋام (ئامما، خەلق) دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى سىنىپ مەۋجۇد ئىدى. خەلىپىنىڭ يېقىنلىرى، ۋەزىر، قازىلار بىرىنچى تەبىقىدىكى كىشىلەر بولسا؛ تىجارەتچى، دېھقان، سەنئەتچى، قۇل ۋە باشقىلار ئىككىنچى سىنىپ تەبىقىگە مەنسۇپ ئىنسانلار ئىدى. ئابباسىي دۆلىتى بۈيۈك زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ سەۋەپتىن تۈپراقلىرىدا ئەرەب، پارىس (ئىران)، تۈرك ۋە بەربەرى قاتارلىق مىللەتلەر ياشىغان. قۇللار جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان. قۇللارنىڭ كۆپ قىسمى سىلاۋ، رۇم ۋە نېگىرلاردىن تەركىپ تاپقان.

قۇللۇق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇد بولغان بىر ئادەت ئىدى. ئىسلامىيەتتە قۇللۇق بىر جازالاش ئۇسۇلى ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ئۇرۇش غەنىمىتى ئەمەس ئىدى. قەدىمقى دەۋرلەردە قۇللارغا ئىنسانى مۇئامىلە قىلىنمىغان. ئەمما ئىسلامىيەتنىڭ كېلىشى بىلەن قۇللارغا ئىنسانى مۇئامىلە قىلىنغان. قۇرئانى ـ كەرىم قۇللۇقنى دەرھال بىكار قىلىشنى بۇيرىمىغان. لېكىن ئازاد قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ بىرقىسمىنى قۇللارنى ئازاد قىلىشقا سەرپ قىلغان. قۇل ئازاد قىلىشنى بەزى گۇناھلارنىڭ كاپارىتى ۋە ساۋاپ تېپىشنىڭ يولى قىلغان. ئىسلام قۇللارغا بىر قىسىم ھەقلەرنى بېرىپ، ئۇلارغا ئىنسانى مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە بىر قىسىم ئەخلاقى پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى بارلىق قۇل ۋە جارىيەلەرنى ئازاد قىلغان.

مەۋالى تەبىقىسىدىكى كىشىلەر شۇلاردىن تەركىپ تاپتى. (1) خوجايىنلىرى ئازاد قىلغان قۇللار (2) ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا ياخشى بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئەجنەبى مۇسۇلمانلار. بۇ ئىككىنچى تەبىقىدىكى كىشىلەر كۆپىنچە فەتىھلەر نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەھەرلەردە قەبىلە ئاساسىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن مەۋالى تەبىرىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، راشىد خەلىپىلەر دەۋرىدىن باشلاپ مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان ئەرەبلەردىن باشقا خەلقلەرمۇ مەۋالى دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە سانى ئاز بولغان مەۋالىلار ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىلەن كۆپەيگەن.

### 1.1.2.2. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر

ئىسلامىيەت قەبىلە ئەزالىرى ۋە قەبىلە ئىتتىپاقى ھاكىم بولغان بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنى ئېتىنىڭ تەركىۋى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئوخشاش كۆرۈپ، قېرىنداش دەپ جاكارلىغان. ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن قورۇلغان جەمئىيەت قەبىلىدىن ئۈستۈن

ئورۇنغا ئىگە بولغان. چۈنكى ئىسلام ھەر خىل مىللەت ۋە ئىرقتىكى ئىنسانلارنى باغرىغا باسقان. يېڭى جەمئىيەتتە قەبىلە شەكلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ھەم قەبىلىنى بىكار قىلىشنىمۇ مەقسەت قىلمىغان. ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ قەبىلىسىگە باغلىق قېلىشىغا توسقۇنلۇق بولمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھەربى ساھەلەردە بۇ قەبىلە مەنسۇپلۇقىدىن پايدىلانغان. لېكىن بىر قەبىلىگە باغلىق بولۇشنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن بولىدىغانلىق شەرتىنى بىكار قىلغان.

قۇللارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالىدا بەك ئۆزگىرىش بولماسلىق بىلەن بىرلىكتە، بۇ سىنىپنى ھەر خىل يوللار بىلەن ھۆرلۈككە چىقىرىشقا غەيرەت قىلىپ، ئەھۋالنى ياخشىلاش ھەققىدە بىر قىسىم تۈزۈملەر ئورنىتىلغان. ئازاد قىلىنغان قۇللار جەمئىيەتكە قوشۇلغان. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپ ھەربىي ۋە مەمۇرى ساھەلەردىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازادلىقتا چىققان قۇللار بىلەن ھۆر ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي پەرقنى تۈگۈتىشكە تىرىشقان. بۇ مەقسەتتە دادىسىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى زەينەپ بىنتى جەھشىنى زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئۆيلەندۈرگەن. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر ئازادلىق قۇل بىلەن يۇقىرى تەبىقىلىق بىر قىزنىڭ ئۆيلىنەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بۇ تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئارىسىدىن كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئىسلامىيەت بىلەن بىرلىكتە تەبىقە ۋە ئىسىلزادىلىك قاتارلىق توغۇلىشتىنلا قوبۇل قىلىنغان ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسىنىڭ ئورنى، ئىشلەش ئارقىلىق قازىنىلغان ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ ھەق بېرىلىدىغان چۈشەنچىگە ئالماشقان.

خەلق قەدىمدىن تارتىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن بەدەۋىي ۋە ھازارىي ھايات شەكلىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرلىكتە مەككىنىڭ فەتھىدىن كېيىن ھىجرەتنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى بىلەن شەھەرلىششكە باشلىغان. تۆت خەلىپە دەۋرىدىن باشلاپ يېڭى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن بەدەۋىي قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

### 1.1.2.3. ئۆلىمالار ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ئىلىمگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئىلىم ئەھلى جەمئىيەتتىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرىدىن ھۆرمەت ۋە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن. قۇرئان، ھەدىس، فىقھ ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرگە ئىگە بولغان ئالىملار يۈز يىللاردىن بويان ئىسلام دۇنياسىدا خەلقنى دىنىي ھۆكۈملەر ئىچىدە تۇتىدىغان، خەلقنى دىنىي جەھەتتىن باشقۇرۇدىغان بىر نوپۇز بولۇش ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمرانلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەلەپلىرىنى خەلققە، خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى ھۆكۈمرانلارغا يەتكۈزگەن.

ئىلگىرىكى چاغلاردا مائارىپ، ئەدلىيە، دىنىي خىزمەتلەر پۈتۈنلەي ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۆلىمالار خەلقنى تەربىيلەپ ئادالەت تىكلىگەن. دىنىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. ئۆلىمالار دىننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان دۆلەتلەردە يۇقىرى ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان. خەلىپىدىن باشلاپ يۇقىرى ماقامدىكى باشلىقلارنىڭ كۈچ ۋە مەسئۇلىيىتى ئۆلىمالار تەرىپىدىن شەكىل جەھەتتىن بولسىمۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھۆكۈمرانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆلىمالار ئۈستىدە كونتروللۇقنى يۈرگۈزگەن.

ئۆلىمالار دەسلەپتە ئابباسىيلاردىن ئىلگىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھۆنەر ۋە كەسىپ بىلەن تۇرمۇشنى قامدىغان بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شتاتلىق خىزمەتلەر بېرىلگەن. ئۆلىمالارنىڭ خىزمىتىگە قاراپ، دۆلەت، شەخس، جەمئىيەت ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن مائاش بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق مائاش ئالماي خىزمەت قىلىدىغان ۋە مۇستەقىل ئىشلەشنى تاللىغانلارمۇ مەۋجۇد ئىدى.

### 4.2.1.1. بايرام ۋە ھېيتلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىلىكلەرنىڭ قەدىمقى بايراملىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا روزا ۋە قۇربان ھېيتنى بايرام قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىككى بايرام (ھېيت) ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىرىمىدىن باشلاپ تەبرىكلىنىشكە باشلىغان. رامىزان (روزا) ھېيتى روزا ئېيىدىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە تەبرىكلەنگەن. قۇربان بايرىمى (ھېيتى) ھىجرى كالېندارىنىڭ ئاخىرقى ئېيى زۇلھەججىنىڭ ئوننىچى كۈنىدە باشلىنىپ، تۆت كۈن داۋاملاشقان. بۇ ئىككى ھېيت دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككى ھېيتتا ھېيت نامىزى ئوقۇلغان. قۇربان ھېيتتا يەنە ھارپا كۈنى ئايرىم بىر ئەھمىيەت قازانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايرام (ھېيت) كۈنلىرىدە بەزى ئويۇن ـ تاماشالارغا رۇخسەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بايرام كۈنىدە ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىلەن بىللە تۇرغاندا، يېنىدا غەزەل ئېيتقان ئىككى قىز بالىغا گەپ قىلماقچى بولغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) گە: «ھەر مىللەتنىڭ بايرامى بار، بومۇ بىزنىڭ بايرىمىمىزدۇر» دېگەن. يەنە بايرام كۈنىدە نەيزە، قالقان ئويۇننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ھەزرىتى ئائىشىگە ياردەملىشىپ بىللە ئويۇن كۆرگەن. بايراملاردىن باشقا توي كۈنلىرى داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت قىلغان. يەنە ئۇ ۋاقىتلاردا تويدا زىياپەت بېرىش، شېكەر، خورمىلارنى ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، تالىشىشقا سېلىش ئويۇنلىرى ئوينالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر خىل ۋاقىتلاردا ئات، تۆگە مۇسابىقىلىرى ئويۇشتۇرۇپ، بىرىنچى بولغانلارغا مۇكاپات بەرگەن. ئوق ئېتىش، ئوۋچىلىق، يۈگرەش، ئېغىرلىق كۆتىرىش،

سۇ ئۆزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە بولۇپمۇ، ھۆكۈمدار سارايلىرى، بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئويۇنلار ئوينالغان. ئەمەۋىي خەلىپىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇزىكا ۋە ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق ئىدى. بۇ خەلىپىلەر ناخشىچىلارنى ئەتىۋارلىغان. بۇ ئەھۋال خەلقىمۇ تەسىر قىلىپ، ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرى كۆپىيىپ ھەر خىل چالغۇ ئەسۋاپلار تەرەققى قىلغان.

ئابباسىي خەلىپىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق بولغانلىقتىن بۇ دەۋرلەردىمۇ ئويۇن ـ تاماشالار كۆپەيگەن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە مۇزىكا سەنئىتى تەرەققى قىلغان. بۇ دەۋردە ھېكايە، تەقلىدچىلىك، ئويۇن ـ تاماشانىڭ باشقا تۈرى بولۇپ تەرەققى قىلغان. دۇنياغا مەشھۇر «مىڭ بىر كېچە داستانى»مۇ بۇ دەۋردە يېزىلغان.

تۈرك ئىسلام ئادىتىدىمۇ بايراملارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئوسمانلى دەۋرىدە بايراملار رەسمىي تەبرىكلىنىش بىلەن بىرلىكتە پادىشاھلار خەلققە ئوچۇق ئويۇنلار تەرتىپلىگەن. يەنە ئورۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلار ئارىسىدىمۇ بايرام تەبرىكلەشلەر جانلىق ئېلىپ بېرىلغان. شاھزادىلەرنىڭ خەتنە مۇراسىملىرىدا ئالاھىدە ئويۇنلار تەرتىپلىنىپ، زىياپەتلەر بېرىلىپ ساليۇتلار ئېتىلغان. جىرىت (ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان كالتەك ئويۇنى) مۇسابىقىلىرى، سايە سېلىش ۋە ھەدىيە بېرىش قاتارلىق ئويۇنلار ئوينالغان. ئويۇن ـ تاماشا سورۇنى باشتىن باشلاپ بېزەلگەن. ئوسمانلى دۆلتى ئويۇنلىرىدا كۈنىمىزدىكى سىرىك ئويۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوينالغان. سۈننەت مۇراسىمدىكى ئويۇنلار ئۆيلىنىش مۇراسىملىرىدىمۇ ئوينالغان. بۇنىڭ سىرتىدا قىرىقپىنار ياغلىق چېلىشلىرىغا ئوخشاش كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن چېلىش، ئات مۇسابىقىلىرى، سايە سېلىش، سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق كۆپلىگەن ئويۇن ـ تاماشالار بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي بىر پارچىسى ئىدى.

### 5.2.1.1. ئائىلە

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللەتمۇ ئائىلىدىن تەركىپ تاپىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلار ئائىلىنى كىچىك بىر مىللەت، مىللەتنى بۈيۈك بىر ئائىلە دەپ قارايدۇ. ئائىلە قانچىلىك ساغلام بولسا، ئۇنىڭدىن تەركىپ تاپقان جەمئىيەت ۋە مىللەتمۇ شۇ دەرىجىدە ساغلام بولىدۇ.

ئىسلامىيەت ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئۈستىدە ھەققى بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلىرى ئۈستىدە ھەققى بار. ئىسلام ئائىلە مۇناسىۋىتىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا

كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلام ئائىلىدە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزئارا سۆيگۈ، مۇھەببەت، شەپقەت، دۇرۇستلۇق، ساداقەت قاتارلىق ھەقلەرگە رىئايە قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇشنى ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار دەپ قوبۇل قىلغان. ئىسلامدا ئەر-ئايال باراۋەردۇر. بۇ جەھەتتىن ئىسلام ئائىلىسىدە ئايال يولدىشى ئالدىدا مۇستەقىل بىر كىشىلىككە ئىگە بولغىنىدەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ مۇستەقىلدۇر. ئىسلام قانۇنىدا ئاياللارنىڭ مېلى ئايرىمدۇر.

ئىسلامىيەتتە ئۆيلىنىش ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا رازىلىقىغا باغلىقتۇر. ھەر قانداق بىر ئادەمنى، ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن ئائىلە قۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان ئەرلەر، ئەھلى كىتاب دېيىلىدىغان خرىستىئان، يەھۇدى ئاياللىرى بىلەن ئۆيلەنسە بولىدۇ.

باشلانغۇچ تەربىيە، ئەخلاقى تەربىيە، ئىجتىمائىيلىشىش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش ئائىلىدە باشلايدۇ. ئائىلىدە باشتا ئاتا-ئانىدىن باشلاپ پۈتۈن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ئاساستۇر. قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھتائالا: **«بىز ئىنسانلارنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، چۈنكى ئانىسى ئۇنى قارنىدا مۇشەققەت بىلەن كۆتىرىپ، تەسلىكتە تۇغقان.»** (ئەھقاپ سۈرىسى، 151-ئايەت) دېگەن.

## 1.2. ئىقتىساد

### 1.2.1. دۆلەت كىرىمى

ئىسلام دۇنياسىدا دۆلەتنىڭ ئاساسلىق كىرىمى: غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمى (ھۇمۇس)، جىزيە، ھاراج (باج)، تىجارەت مېلى بېجى (ئۆشۈر) ۋە زاكات قاتارلىقلاردىن كەلگەن. غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمى، جىزيە، زاكات قاتارلىقلار پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە؛ باج ۋە تىجارەت ماللىرى بېجى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۆلەت يېرى ۋە دۆلەت مال-مۈلكىدىن ئېلىنىدىغان باجلار، مىراسچىسى بولمىغان ماللار، ئىگىسىز ماللار، ئىئانىلەر، ئەنئەنىۋى باجلار ۋە ئېھتىياج بولغاندا ئېلىنىدىغان باجلار دۆلەتنىڭ كىرىمىنى تەشكىل قىلغان.

**غەنىمەتنىڭ بەشتە بىر قىسمى**: ئۇرۇش ئارقىلىق غەيرى مۇسۇلمانلاردىن قولغا چۈشكەن مال-مۈلۈك ۋە ئەسىرلەرگە غەنىمەت (كۆپلىكى غانائىم) دېيىلىدۇ. غەنىمەتلەر ئۇرۇش ئەسىرلىرى، يەر، كۆچمە ماللار دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن غەنىمەت ماللىرى ئوخشاش بەشكە تەقسىم قىلىنىپ، تۆت ھەسسىسى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن. قالغان بىر قىسمى قۇرئانى-كەرىمدە كۆرسىتىلگەن ھەق ساھىپلىرىغا بېرىلىشى ئۈچۈن خەزىنى ( بەيتۇل مال)گە تاپشۇرۇلغان.

**جىزيە**: دۆلەتتە ياشاۋاتقان غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان ئاساسلىق باجدۇر. بۇ باج بالاغەتكە يەتكەن، ئەركىن، ماددىي كۈچى ۋە سالامەتلىكى ياخشى بولغان غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنغان. بۇ باج قارشىلىقىدا زىممىلارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى ۋە دىنىي ئېتىقادى كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان. جىزيە بېرىشقا تېگىشلىك زىممىلار پرىنسىپ جەھەتتىن مۇسۇلمان بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ جىزيە بېجىنى تاپشۇرمىغان. تۆت خەلىپىدىن كېيىنكى يىللاردا زىممى دەرىجىسىدە بولغان خىرىستىئان، يەھۇدىي، مەجۇسى ۋە سابىئىلار ئارىسىدا ئىسلام تېز تارقالغان. بۇ خىل ئەھۋال خەزىنە كىرىملىرىدا ئازىيىشقا سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەۋىي خەلىپىلىرى مۇسۇلمان بولۇپ مەۋالى سىنىپىغا ئۆتكەن خەلقلەردىن جىزيە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئارتۇق باج ۋە ناھەقچىلىقلارغا خاتىمە بەرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ناھەقچىلىقلار يەنە داۋاملاشقان.

**ھاراچ**: غەيرى مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن تۇپراقلاردىن ئېلىنىدىغان باج ھاراچ دېيىلىدۇ. بۇ خىل باج ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە يولغا قويۇلغان. ھەزرىتى ئۆمەر فەتھ قىلىنغان زېمىنلاردىكى ئىنسانلارغا ئەسىر مۇئامىلىسى قىلماي، ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرىنى ئىشلىتىشكە يول قويغان. ھاراچ بۇ شەكىلدە باشلىنىپ تەرەققى قىلغان.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىراق، مىسىر، سۇرىيەدە فەتھ قىلىنغان زېمىنلاردىكى تۇپراقلارنى فاتىھلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىش ياكى ئىشلىتىلىش ئۈچۈن يەرلىك خەلققە بېرىش مەسىلىسىدە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇزاكىرە قىلغان. بۇ مۇزاكىرىدە بەزى مۇسۇلمانلار بۇ تۇپراقلارنى غەنىمەت دەپ ھېسابلاپ، باشقا غەنىمەت ماللىرىغا ئوخشاش بەشكە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى خەزىنىگە بېرىشنى، قالغان قىسمىنى ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئېيتقان. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتىكىلەر بۇ تۇپراقلار ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن تەقدىردە كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىر نەرسە قالمايدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىلمەيدىغانلىقى، جىھادقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولماسلىقىنى ئېيتىپ، بۇ تۇپراقلارنى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلماي، يەرلىك خەلققە بېرىشنى ئېيتقان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەزرىتى ئۆمەر بۇ تۇپراقلارنى غەنىمەت دەپ ھېسابلىماي، يەرلىك خەلققە تەقسىم قىلىشنى ۋە بۇ مۇنبەت تۇپراقلارنى ئىشلەتكۈچىلەردىن «ھاراچ» نامىدا باج ئېلىشنى قارار قىلغان. بۇ سىياسەت تۇنجى قېتىم تۆۋەنكى مىزاپوتامىيەدە ئىجرا قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن مىسىر، سۇرىيە قاتارلىق فەتھ قىلىنغان زېمىنلارنى ئىشلەتكۈچى يەرلىك خەلقلەردىن ھاراچ ئېلىنغان.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ھاراچلاردىن كەلگەن. ھاراچ ھەيئىتىنىڭ تېزىملىكى فەتھ قىلىنغان يەردىكى خەلقنىڭ تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ خىل ئىجرائات ئەمەۋىي خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان

دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىلگىرى يۇنانچە يېزىلغان شام رايونىنىڭ ھەيئەت دەپتىرى ۋە پارسچە يېزىلغان ئىراق رايونىنىڭ ھەيئەت دەپتەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىش ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوغلى ۋەلىد (705 ـ 715) دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىپ، مىسىردىكى دەپتەرلەرمۇ يۇنانچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە پائالىيەتلىرى يەنە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرى (724 ـ 743) دە خوراساندىمۇ داۋاملاشتۇرۇلغان. تەرجىمە پائالىيەتلەرى 697 ـ يىلىدا باشلىنىپ، 742 ـ يىلى تاماملانغان.

ئىسلام تارىخىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەن رايونلاردا دۆلەت كىرىمىنىڭ ئانا مەنبەلىرىدىن بىرىنى ھاراجلار تەشكىل قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار يېڭى فەتھە قىلىنغان رايونلارغا باج ۋە ھاراج قويغان ۋاقىتتا، تۆت خەلىپە ئىجرا قىلغان سىياسەتلەرنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسەتكەن.

**تىجارەت ماللىرى بېجى**: ئىسلام تارىخىدا ھەزرىتى ئۆمەر تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسلىملارنىڭ تىجارەت ماللىرىدىن باج ئېلىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن خەلىپە غەيرى مۇسلىملاردىن ئوندا بىر، زىممىلاردىن يىگىرمىدە بىر، مۇسۇلمانلاردىن قىرىقتا بىر نىسبەتتە تىجارەت ماللىرى بېجى ئېلىشنى قارار قىلغان. تىجارەت ماللىرى بېجى ئىسلام دۆلىتى چېگرىسىغا كىرگەن ياكى چىققان ماللار بىلەن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرى ئارىسىدا (سۇرىيە، مىسىر، يەمەن، ئىراق، ھىجاز قاتارلىق) توشۇلىدىغان ماللاردىن ئېلىش قارار قىلىنغان. بۇلارنى باج خادىمىغا بېرىش شەرت قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ باجنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن مالنىڭ تىجارەت مېلى بولۇشى، ئوچۇق بولۇشى، مەلۇم بىر مىقداردا (200 دەرھەم، ياكى 20 دىنارغا يەتكەن) بولۇشى قاتارلىق شەرتلەر قويۇلغان. مۇسۇلمانلار تاپشۇرغان باج ئۆشرە ـ زاكات فوندىغا، زىممى ۋە چەتئەل سودىگەرلىرى تاپشۇرغىنى خەيرى ـ ساخاۋەت فوندىغا قوشۇلغان.

ئەجنەبىي سودىگەرلەر ئىسلام دۆلىتىگە مال كىرگۈزگەن ۋاقىتلىرىدا ئېلىنىدىغان باج تۆت خەلىپە دەۋرىدە يىلدا بىر قېتىم ئېلىنغان بولسا ئەمەۋىيلەر دەۋرى (ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدىن باشقا)دە يىلىغا قارىماي ھەر قېتىم كىرگەن ۋاقىتتا ئېلىنغان.

دۆلەتنىڭ غەيرى مۇسلىم خەلقتىن ئالغان جىزىيىسى، تىجارەت ماللىرى بېجى ۋە باشقا كىرىملىرى «فەي» ناملىق ئورتاق ئىسىم بىلەن توپلانغان.

**زاكات**: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە زاكاتنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى، كىملەردىن ۋە قايسى ماللاردىن ئېلىنىدىغانلىقى، قانداق يەرلەرگە خەجلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىگە قەدەر ھەر

خىل ماللارنىڭ زاكاتلىرى دۆلەت تەرىپىدىن توپلىنىپ تارقىتىلغان. ئەمما ھەزرىتى ئوسمان ئۆز دەۋرىنىڭ شەرتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۇل، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تىجارەت ماللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخپىي ماللارنىڭ زاكاتىنى ئېلىشنى مال ئىگىلىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن. باشقا ئاشكارا ماللارنىڭ زاكىتىنى مەمۇرلار ئارقىلىق توپلىتىپ، تارقىتىپ بەرگەن.

### 1.2.2. دۆلەت چىقىمى

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە دۆلەت ماللىرى ساقلىنىدىغان «بەيتۇل مال» دەپ ئاتىلىدىغان خەزىنە ۋە بۇ يەردە ئىشلەيدىغان مەمۇرلار تەيىنلەنگەن. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بەيتۇل مال سىستېمىلىشىپ تەرەققى قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مەركەزدىكى بەيتۇل مالنىڭ سىرتىدا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە مەركەزگە قارايدىغان بەيتۇل مال شۆبىلىرى تەسىس قىلىنغان. ھەزرىتى ئۆمەر مەركەز ھەم شۆبىلەردىكى بەيتۇل مالغا قارايدىغان مەمۇرلار تەيىنلىگەن. خەلىپىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان مەمۇرلارنىڭ مائاش، ھەربىي خىراجەت، بىناكارلىق، مائارىپ قاتارلىق يەرلەرنىڭ چىقىملىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلگەن. موھتاجلارغا ياردەم قىلىنغان.

زاكات ۋە خۇمۇس (ئوغۇتلۇق قارا توپىلىق يەر) كىرىملىرى قۇرئانى-كەرىمدە كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن. زاكات ئالىدىغانلار: يوقسۇل، زاكات خادىملىرى، مۇئەللىپى قۇلۇب (قەلبى ئىسلامغا مايىل بولغانلار)، قەرزدار، سەپەرگە چىققان مۇساپىر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئۆشرە مۇنبەت تۇپراقلاردا يېتىشتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىپ، شۇ يەردىكى موھتاج كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن. زاكات يىغقۇچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققىمۇ بۇ فونددىن بېرىلگەن. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ مائاشلىرى ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان يەرلىرىگىچە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

غەنىمەتنىڭ بەشتە بىر قىسمى يەنى خۇمۇس ئالىدىغانلار، ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئاللاھ رەسۇلى، زىلقۇربا، يېتىم، يوقسۇل ۋە يولدا قالغان كىشىلەر ئىدى. زىلقۇربا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىنى تەشكىل قىلغان بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتتەلىپ قەبىلىلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئىب ئۈچۈن بىر مىقدار ئايرىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلامنىڭ ۋاپاتىغىچە يېتىم، يوقسۇل ۋە سەپەرگە چىققانلارغا تەرتىپلىك ھالەتتە غەنىمەتلەردىن بىر ئۈلۈش بەرگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدە خۇمۇس بەيتۇل مالغا قوشۇلۇپ، ئەنپال سۈرىسىدە كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە سەرپ قىلىنغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ۋە يېقىنلىرىغا تەۋە بولغان ئىككى ئۈلۈشنى ئۇرۇش

تەييارلىقىغا سەرپ قىلىش پىكرى قوبۇل قىلىنغان. ئەمەۋىيلەرنىڭ بۇ فونددىن كەلگەن كىرىملارنى قۇرال-ياراق، ئات ۋە يەم-خەشەك ئېلىشقا سەرپ قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت بار. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ كىرىملارغا ناھايىتى دىققەت قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خەلىپىلەرنىڭ خۇمۇسنى ئۆز جايىغا ئىشلەتمىگەنلىكى، بۇنى قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە سەرپ قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ، قەرزدارلارغىمۇ زاكات فونددىن ياردەم قىلغان.

**فەي كىرىملىرىنىڭ تارقىتىلىشى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خىلاپەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا فەي كىرىملىرى تۆۋەندىكى يەرلەرگە تارقىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە فەي كىرىملىرى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا تارقىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەن فەي ۋە غەنىمەتلەرنى ۋاقتىدا، ھەتتا كەلگەن كۈنى تارقىتىپ بەرگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى فەي كىرىملىرىنى مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش تارقاتقان. ئۇ فەي كىرىملىرىنى، چوڭ-كىچىك، قۇل-خوجايىن، ئەر-ئايال دەپ ئايرىماي ھەممە ئادەمگە ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ دىۋان تەشكىلاتى قۇرۇلغىچە فەي كىرىملىرىنى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا تەڭ مىقداردا، ئائىلىلىكلەرگە ئىككى ھەسسە، توي قىلمىغانلارغا بىر ھەسسە بەرگەن.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىران، ئىراق ۋە سۇرىيەنىڭ فەتھە قىلىنىپ، فەي كىرىملىرىنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر تۈزۈم ئورناتقان. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئۆمەر ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، فەي كىرىملىرىنى ھەممە ئادەمگە يىللىق تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلغان. ئۇ فەي كىرىملىرىنى تارقىتىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا قىلغان خىزمىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان يېقىنلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدىكى سەبىرگە قاراپ تەقسىم قىلغان. دەپتەر تۇتقان كاتىپلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى ئاساس قىلىپ يېزىشنى ئېيتقان. كېيىن يەنە بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى ئالدىن قاتاردا يېزىپ، تىزىملاشتا رەت-تەرتىپ تۇرغۇزۇشنى بۇيرىغان. دىۋان دەپتىرىگە ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى بەنى ھاشىم، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان تۇنجى كىشى ھەزرىتى ئەلى دەپ يازغان.

ھەزرىتى ئۆمەر ئاياللارغىمۇ فەيدىن مائاش بەرگەن. بۇلارغىمۇ ھىجرەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن بولۇش، بەدىر ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغان. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا، يىگىتلىك دەۋرىگە كەلگەنگە قەدەر يىللىق مائاش بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئايرىلغان پۇللارنى تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەمۇر تەيىنلىگەن. ھەزرىتى ئۆمەر يىللىق ھەدىيەلەر بىلەن بىرگە قۇل ياكى ئەركىن كىشىلەر بولىشىدىن قەتئىنەزەر ھەممە ئادەمگە ئايلىق

يېمەك ـ ئىچمەك بېرىشنى قارار قىلغان.

### 1.2.3. ئىشلەپچىقىرىش

### 1.2.3.1. يېزا ئىگىلىك



سۇغىرىشتا مۇھىم رولى بولغان توسما

ئىسلام بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئىقتىساد هاياتىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولغان. بۇ سەۋەپتىن توٚت خەلىپە دەۋرىدىن باشلاپ هوٚكۈمدارلار سۇ ئەسلىهەلىرىگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بىرىپ، هەر خىل قانالّلارنى قازدۇرغان. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئىراق تۇپراقلىرىنىڭ پاتقاق يەرلىرى پەرۋىش قىلىنىپ مۇنبەتلەشتۈرۈلۈپ، سۇغۇرۇش قانالّلىرى قېزىلغان. يېزا ئىگىلىگىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېزا ـ بازارلاردىن شەهەرگە كوٚچۈشنىڭ ئالدى ئېلىنغان. سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئامبارلىرى ياسالغان.

ئابباسىيلار دەۋرىدە يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ئېچىلىپ، ئوغۇت ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلدا دېهقانچىلىق قىلىش باشلانغان. دېهقانچىلىققا ئەهمىيەت بىرىپ، ئۈسۈملۈكلەرگە مۇناسىۋەتلىك كوٚپلىگەن كىتابلار يېزىلغان. دوٚلەتنىڭ هەر قايسى رايۇنلىرىدا بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، خورما، زەيتۇن، ئۈزۈم ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان.

### 1.2.3.2. سانائەت



خورملىق باغدىن بىر كوٚرۈنۈش

ئىسلام دۇنياسىدا سانائەت جەهەتتە توقۇمىچىلىق مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ. توقۇمىچىلىق ئاببىاسىي ۋە ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە تەرەققى قىلغان. هەر قايسى رايۇنلاردا ئىستىمال ۋە ئىكسپورت ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ۋە يەر ئاستىغا سالىدىغان رەخت، ياتاقلىق رەخت، كەندىر رېخى توقۇلغان.

قول سانائىتى، پاختا ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى تەرەققى قىلغان. قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ پاياندازى، پەردىچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان يىپەك ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئاناتولىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان. مۇھىم سانائەت ئۆسۈملۈكلىرى بولغان پاختا سۈرىيە، مىسىر ۋە ئىسپانىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان. كەندىر ئىشلەپچىقىرىشمۇ مۇھىم سانائەت ئۆسۈملۈكى بولغان. مىسىردا قەدىمدىن باشلاپ كەندىر تېرىلغان ۋە 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ كەندىر تېرىش مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان.

گۈل سۈيى، ئەتىر، قەغەز، سوپۇن ئىشلەپچىقىرىش، قۇرال زاۋۇتى، كاھىش، خۇمدان، ئەينەكچىلىك قاتارلىق سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلغان. پولات ـ تۆمۈر سانائىتى، زىغىر، پىچاق، خەنجەر، رەسەتخانا ماتېرىياللىرى، ھەر خىل ياغاچچىلىق ئىشلىرى، پەردىچىلىك، چېدىرچىلىق ۋە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش خېلى تەرەققى قىلغان. سانائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ بىر قىسمى دۆلەتنىڭ ئىلكىدە، بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان. 795 ـ يىلى باغدادتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەندەلۇستا قەغەز ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ياۋروپا قەغەزنى مۇسۇلمانلاردىن ئىمپورت قىلغان. ياۋروپادا قەغەز ياساش تېخنىكىسى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

### 1.2.3.3. كانچىلىق (كان بايلىقىنى قېزىش)

ئىسلام دۇنياسىدا تىنچلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن ئىلگىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقىۋېتىلگەن ياكى توختاپ قالغان مەدەن كانلىرى قايتىدىن ئېچىلىپ، ھەر خىل مېتاللار ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇ كانلاردا كۆمۈش، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر قاتارلىق مېتاللار ئىشلەپچىقىرىلغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا دارپخانا (مېتال پۇل باسىدىغان يەر)لارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان ئالتۇن مەدەن كانلىرى ئېچىلغان. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىش باسقۇچىدا غەربىي ياۋروپانىڭ ئالتۇن زاپىسى تۈگىگەن ۋاقىتدا كاۋكاز رايونىدىكى ئالتۇن كانلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقىغا توشۇلغان كېپەك ئالتۇن، بۇ يەردىكى دارپخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلغان. ئالتاي، ئورال، كاۋكاز ھەتتا داككان يېرىم ئارىلىدىكى مادەن كانلىرىدىن ئىسلام دۇنياسىغا كۆپ مىقداردا ئالتۇن توشۇپ كېلىنگەن.

### 1.2.4. تىجارەت

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ، بۇ دىنىنىڭ سودىغا بەرگەن ئەھمىيىتى بىلەن مۇسۇلمانلارمۇ سودا ئىشلىرىنى تەرققى قىلدۇرغان. يول بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر خىل تەدبىرلەر ئالغان. كارۋان ئۆتىدىغان يوللارغا كارۋان ـ سارايلار بىنا قىلغان. باغداد، بەسرە، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە، كۇفە، شام قاتارلىق شەھەرلەر مۇھىم

تىجارەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان. ئانتاكيا شەھىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. سودىگەرلەر بەسرە پورتىدىن يولغا چىقىپ ھىندىستانغا بارغان. چىن (جۇڭگو) بىلەن دېڭىز سودىسى قىلغان. دۇنيا مال باھالىرىنى بېكىتىشتە بەسرە ۋە ئىسكەندەرىيە پاي چېكى بازارلىرى ئاساس قىلىنغان. باغدادتا ھەر شەھەر ئۈچۈن بىر بازار يېرى قۇرۇلغان.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياغاچ، تۆمۈر، جۇۋا (ئىشلەنگەن تېرە) قاتارلىق ماللارغا بولغان يۇقىرى تەلىۋى، ياۋروپانى دۇنيا تىجارىتىگە يۈزلەندۈرگەن. غەربلىكلەر ئىسلام دۇنياسىدىن يىپەك، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىمپورت قىلغان. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن خەلقئارا سودا دائىرىسى كېڭىيىپ، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز سودىسىمۇ تەرەققى قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردە جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەتتە يىپەك ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن يىپەك يولى دۇنياغا مەشھۇر بولغان. فەتھلەرنىڭ داۋملىشىشى بىلەن يىپەك يولىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن. ئىسلام دۇنياسى دېڭىز سودىسىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

### 1.2.5. پۇل

ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشى جەريانىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەرەبلەر ئىلگىرىدىن تارتىپ، ۋىزانتىيەنىڭ ئالتۇن پۇلى دىنار ۋە ساسانى دۆلىتىنىڭ كۈمۈش پۇلى دەرھەمنى ئىشلەتكەن.

ھەزرىتى ئۆمەر ۋە كېيىنكى خەلىپىلەر پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. مۇسۇلمانلارغا ئائىت تۇنجى ئالتۇن پۇل مىلادىنىڭ 696 ـ يىلى ئەمەۋىي خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. بۇ ئەمەۋىيلەرنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي تەرەققىياتلىرىدىن بىرسى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دۆلەتنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىسىنىڭ پۇلىغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتقۇزغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋىزانتىيە ئالتۇنىنى ئىشلىتىشمۇ داۋاملاشقان.

ئابدۇلمەلىك پۇل باستۇرغاندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە شىمالىي ئافرىقىدا كارتاجا ۋە كايراۋان شەھەرلىرى، ئەندەلۇس ۋە ئەندەلۇس ئەمەۋىي دەۋرلىرىدە دىنار بېسىلغان. ئەمەۋىيلەر دەۋرىگە ئائىت شام ۋە مىسىردىكى دارىپخانىلاردا پۇل بېسىش ئابباسىيلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. كېيىن شامدىكى دارىپخانا باغدادقا يۆتكەلگەن. بۇ ۋاقىتلاردا دىنار بېسىش دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان.

مۇسۇلمانلار ئىراق ۋە ئىراننىڭ فەتھىگىچە ساسانى دۆلىتىنىڭ دەرھەملىرىگە چېقىلماي ئۆز پېتى ئىشلەتكەن. بۇ دەرھەملەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە ھۆكۈمدارنىڭ رەسمى، ئارقا تەرىپىدە ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوت ئىبادەتخانىسىنىڭ

رەسمى بار ئىدى. سۈرىيەنىڭ شەرقىي ۋە مىسىرنىڭ غەربىدىكى يەرلەر ئۇمۇمىي يۈزلۈك كۈمۈش پۇل ئىشلەتكەن. ئىسلام دەۋرىدە تۇنجى ئىران دەرھەمى ھەزرىتى ئۆمەر تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ئىسلام دۆلىتىدە بېسىلغان ساسانى دەرھەملىرىنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ «بىسمىللاھ، كەلىمە شاھادەت»، ئوت بۇتخانىسىنىڭ ئورنىغا «مىھراپ» قاتارلىق ئىسلامىي سىمۋوللار قويۇلغان. دەرھەم رەسىمسىز ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن بېسىلغان. مۇئاۋىيە، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان، ئەممەۋىي خەلىپىلىرى ۋە مەئمۇنغىچە بولغان ئابباسىي خەلىپىلىرى ئالتۇن پۇللارغا ئىسىم، دارىپخانا ئىسىملىرىنى باستۇرماسلىق بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى كۈمۈش پۇلغا ئىسمىنى باستۇرغان.

تەڭگە پۇللار سىككە دەپ ئاتالغان. دىنار ۋە دەرھەم بىلەن بىرلىكتە كىچىك پۇللارنىڭ ئورنىدا مىس سىككىلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، كۈمۈش ۋە ئالتۇن سىككەلەردىن كېيىن مىس سىككىلەردىمۇ ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بارغان.

706 ـ يىلى مەلۇم بىر ئېغىرلىق ئاساس قىلىنىپ تۇنجى مىس پۇل بېسىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى رايۇنلىرىدىكى دارىپخانىلاردا بۇ پۇللار كۆپلەپ بېسىلىپ تارقىتىلغان.

ئوسمانلىلاردا تۇنجى كۈمۈش پۇل ۋە تۇنجى سىككە ئاقچە ئوسمان غازى ۋە ئوغلى ئورخان غازى دەۋرلىرىدە بېسىلغان. مىس پۇل (ماركا، مىس پۇل) 1 ـ مۇرات دەۋرىدە، سۇلتانى دەپ ئاتالغان ئالتۇن پۇل فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىدە 1487 ـ يىلى بېسىلىشقا باشلىغان.

## 2. ئىلىم ۋە تېخنىكا

### 2.1. ئىسلام ۋە بىلىم

ھەر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ھەر مەدەنىيەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئېغىز ئاچقان ۋاقتىمىزدا، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شەك ـ شۈبھىسىزكى «ئىلىم» چۈشەنچىسىدۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولغان قۇرئانى ـ كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر ئىلىم رەھبىرى ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەتقىقات

ساھەسىدە بىر چەكلىمە قويمايدۇ. لېكىن تەتقىقاتنى ئەستايىدىل ۋە مۇستەقىل ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ئىلىمگە بەرگەن ئەھمىيىتى نەتىجىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان. يەنە بۇ بۇيرۇقنى چۆرىدەپ، ئىسلام مەدەنىيىتى بىر ئىلىم مەدەنىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئىلمىي ساھەلەرگە ئىچكىرلەپ كىرىپ، ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەتقىقاتىنى «دىنىي بىلىملەر» ۋە «باشقا بىلىملەر» دەپ ئىككى تېمىغا ئايرىپ قىسقىچە بايان قىلىمىز.

### 2.1.1. دىنىي بىلىملەر

#### تەپسىر ۋە قىرائەت

تەپسىر ئىلمىنىڭ مەقسىدى قۇرئانى-كەرىم ئايەتلىرىدە مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ياكى مەنىسىنى چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ئۆز پىكرى بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا چۈشىنىش تەس بولغان ئايەتلەرنى ئۆزى چۈشەندۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن «مۇپەسسىر» دەپ ئاتالغان ئالىملار بۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغان. ئىسلام دۇنياسىدا كۆپلىگەن مۇپەسسىر يېتىشىپ، 100 دىن كۆپ تەپسىر يازغان. مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا تەبەرى، زەمەخشەرى، پەخرىددىن رازى، بەيزاۋى، قۇرتۇبى، ئىبنى كەسىر، ئەبۇ سۇئۇد قاتارلىق مەشھۇر مۇپەسسىرلەر بار.

قىرائەت ئىلمى قۇرئاننىڭ ئوقۇش شەكلى بىلەن ئەڭ گۈزەل ئوقۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئىلىم ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە مىسىر، ئەندەلۇس ۋە تۈركىيەدە ئەڭ تەرەققى قىلغان.

#### ھەدىس

ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى تېما قىلىپ رىۋايەت قىلىدىغان ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ باھالايدىغان بىر ئىلىمدۇر. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى قۇرئاندىن كېيىنكى ئىككىنچى مەنبە دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن 8-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ بۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان يۈزمىڭلىغان رىۋايەت ئىچىدىن توغرا ياكى توغرىغا ئەڭ يېقىن بولغانلىرىنى تاللاپ، بۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىس كىتابلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى ئالتە كىتاب دەپ ئاتالغان «كۇتۇبى سىتتە»دۇر. بۇلار، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ سەھىھى، ئەھمەت ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەدى، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىنىڭ سۈنەنىدۇر.

**فىقھ (ئىسلام قانۇنى)**

شەخس ۋە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىمدۇر. بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار فاقىھ دېيىلىدۇ. فىقھ دىنىي بىلىملەر ئارىسىدا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان بىر ئىلىمدۇر. 8 ـ ۋە 12 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدا بۇ ئىلىم ساھەسىدە ئالاھىدە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىپ بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق فىقھ ئالىملىرى يېتىشىپ چىققان. بۇلار ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلار كېيىنكى يىللاردا ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان فىقھ مەزھەپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. پەرقلىق مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى.

جۇغراپىيە جەھەتتىن ھەنەفىي مەزھىپى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئاناتولىيە، بالقان، ھىندىستانغا؛ مالىكى مەزھىپى شىمالىي ئافرىقا، ئەندەلۇسقا؛ شافىئىي مەزھىپى مىسىر ۋە ھىندونېزىيەگە؛ ھەنبەلىي مەزھىپى ئەرەبىستانغا كەڭ تارقالغان.

**كالام**

كالام ئىلمى، ئېتىقادىي (ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، پەيغەمبەرلىك، قازا ۋە قەدەر، جەننەت، جەھەننەم قاتارلىق) مەسىلىلەردە ئىنسانلار دۇچ كەلگەن شۈبھە ياكى بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن. مۇسۇلمانلار فەتىھلەر ئارقىلىق ھەر خىل تۇپراقلارنى ھاكىمىيەت دائىرىسىگە قوشقاندىن كېيىن ھەر خىل دىنلاردىن كۆپ سانلىق ئىنسانلار ئىسلامىيەتكە كىرگەن. بۇ ئىنسانلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى دىنلىرىنىڭ ئادەتلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتەلمىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلام ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى قاراشلارنى ھىمايە قىلىدىغانلار كېلىپ چىققان. ئۇلار قۇرئاننى بۇ قاراشلار ئاساسىدا ئىزاھلاشقا باشلىغان. بۇ خەلقنىڭ ئىچىدىن چىققان بەزى ئالىملار بۇ قاراشتىكىلەرنى تەنقىد قىلىپ، بۇ قاراشلارنىڭ خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن كالام ئىلمىنىڭ ئاساسى قۇرۇلغان. تۈرك قەۋمىدىن بولغان ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ۋە ئەبۇ ھەسەن ئەشئەرى كالام ئالىملىرىنىڭ ئالدىن قاتارىدىكى كىشىلىرىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇلارنىڭ قاراشلىرى ئەتراپىدا ئىككى بۈيۈك ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىملار ماتۇرىدىلىق ۋە ئەشئارىلىقتىن ئىبارەت.

**تەسەۋۋۇپ**

تەسەۋۋۇپ ئىسلامنىڭ ئەخلاقى پرىنسىپلىرىنىڭ شەخسلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئەمىلىيەتتە ئىجرا قىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدىغان بىر ئىلىمدۇر. تەسەۋۋۇپى قاراشلار ئاباسىيلار دەۋرىدە تەرەققى قىلغان. بولۇپمۇ ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇنداق بولۇشتا تەسەۋۋۇپتا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسىنى ئاساسي مەقسەت قىلغان تەبلىغ ئۇسۇلى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىسلام دۇنياسىدا كۆپ ساندا مۇتەسەۋۋۇپ يېتىشىپ چىققان. كۆپ ساندا تەسەۋۋۇپقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر يېزىلغان. بەيازىدى بەستامى، جۇنەيدى بەغدادى، مەۋلانا رۇمى، يونۇس ئەمرە، ھاجى بەكتاشى ۋەلى قاتارلىق كىشىلەر تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىدا يېتىشكەن مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپلاردۇر. تەسەۋۋۇپنىن باتىل، خۇراپى ئەقىدىلىك شەخس ۋە گۇرۇپلار پايدىلىنىپ كەتكەن ۋاقىتلارمۇ بولغان. مەسىلەن، ئىشلەش، ئەمگەك قىلىش ئىسلامنىڭ قاتتىق تەكىتلەيدىغان تەۋسىيەلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى تەسەۋۋۇپ ئەھلى دەپ قارايدىغان بەزى كىشىلەر، ئۆز پىكىرلىرى بىلەن ئىنسانلارنى يوقسۇللۇشۇشقا تەشۋىق قىلغان. يەنە بۇ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خىرىستىئانلارنىڭ ھەزرىتى ئىسانى مۇقەددەسلەشتۈرۈەتكىنىدەك، چېكىدىن ئاشقان ماختاشلار بىلەن يېرىم ئىلاھ دەرىجىسگە كۆتىرىۋەتكەن. لېكىن ھەقىقى مۇتەسەۋۋۇپلار بۇخىل پىكىرلەرگە قارشى چىققان.

### 2.1.2. باشقا بىلىملەر

**تارىخ**

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارىخ ھەققىدە تۇنجى ئەسەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى بىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئېشتىياق نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار بايان قىلىنغان سىيرەت، مەغازى ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تارىخقا كەڭ دائىرىدىن قاراشقا باشلىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمان ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخى بىرلىكتە يېزىلغان ئومۇمي تارىخ ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھەر، رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ئاساسى تېما قىلغان ئەسەرلەرمۇ يېزىلغان. بۇلار شەھەر، رايون ۋە خاندان تارىخى دەپ ئاتالغان.

مۇسۇلمان تارىخشۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىخ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مەقسىدىنىڭ ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىش ئىكەنلىگىنى بايان قىلغان.

ئۇلار ھادىسىلەرنى سەۋەپ ۋە نەتىجە بىلەن تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سەۋەپ ـ نەتىجە ئۇستىدە توختالماي، ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى پەقەت خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن كۇپايە قىلغان تارىخچىلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

## جۇغراپىيە

جۇغراپىيە، مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن ۋە دۇنيا مىقياسىدا تۆھپە قوشقان بىر ئىلىم تۈرىدۇر. بۇ ساھەدە ئەرەب، پارىس (ئىران) ۋە تۈرك قەۋملىرىدىن جۇغراپىيىشۇناس ئالىملار كۆپ ساندا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. مۇسۇلمان جۇغراپىيىشۇناسلار گرېك ۋە رىم جۇغراپىيىشۇناسلىرىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن. مەسىلەن، مەشھۇر تۈرك جۇغراپىيىشۇناسى پىرى رەئىس سىزغان دۇنيا خەرىتىسىنىڭ سىرى كۈنىمىزدىمۇ ئېچىلمايۋاتىدۇ. ئەل ئىدرىسى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەل بەكرى، ئەل بىرونى، ياقۇت ئەل ھەماۋى قاتارلىق كىشىلەر دۇنياغا مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس ئالىملاردۇر.

## پەلسەپە

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پەلسەپە ساھەسىدىكى تۇنجى تەتقىقات، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇنان پەلسەپىسى بىلەن تونۇششىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. كىندى، ئىبنى سىنا، فارابى، ئىبنى باجە، ئىبنى تۇپەيل، ئىبنى رۇشد قاتارلىق مۇسۇلمان پەيلاسوپلار مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ياۋروپالىقلار يۇنان پەلسەپەسىنى ئۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ئىبنى رۇشدنىڭ دىن بىلەن ئەقلنى يېقىنلاشتۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقى يەھۇدى ۋە خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام دۇنياسىدا پەلسەپىگە ياخشى قارىمايدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. بۇ پىكىرنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم غەززالى ئىدى. ئۇ پەلسەپەچىلەرنىڭ تۇراقسىزلىقىنى تىلغا ئېلىپ «تەھاپەتۇل فەلاسىفە» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. ئەندەلۇسلۇق مەشھۇر پەيلاسوپ ئىبنى رۇشد پەلسەپىنىڭ مۇھىملىقى ۋە غەززالىنىڭ كىتابىغا قارشى بىر ئەسەر قەلەمگە ئېلىپ، غەززالىغا جاۋاب بەرگەن.

## ماتېماتىكا

مۇسۇلمانلار كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن ئىلىم ساھەلىرىدىن بىرى ماتېماتىكىدۇر. قىبلىنىڭ بېكىتىلىشى، ناماز ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەش، مىراسنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇسۇلمانلارنى ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشقا تۈرتكە قىلغان. ماتېماتىكا تەتقىقاتى ئەممەۋىيلەر دەۋرىدە باشلىنىپ، ئابباسىيلار دەۋرىگە كەلگەندە تەرەققى قىلغان. دۇنياغا

مەشھۇر ماتېماتىكچىلاردىن خارەزمى، تۈرك ماتېماتىكچىسى ئىبنى تۈركنىڭ تەتقىقاتى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققان.

مۇسۇلمان ماتېماتىكچىلار ئىنسانىيەتكە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. كۈنىمىزدە پۈتۈن دۇنيادا ئىشلىتىلىۋاتقان سان سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى مۇسۇلمانلار قۇرغان. نۆل (0) نى مۇسۇلمانلار كەشپ قىلغان. يەنە ئالگېبرانىمۇ مۇسۇلمان ماتېماتىكچىلار ئىجاد قىلغان.

### ئاسترونومىيە

مۇسۇلمانلار ماتېماتىكىغا ئوخشاش ئاسترونومىيە ئىلمىگىمۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئەمەۋىي ھۆكۈمدارى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە باشلىنىپ، ئابباسىيلار دەۋرىدە تەرەققى قىلغان. بولۇپمۇ 11-ئەسىردە ئەڭ پارلاق دەۋرىگە كەلگەن. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن ئاسترونومى ئالىمى يېتىشىپ، قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئابباسىي سارايىدا مۇھەممەد فەزارى ۋاقىت ئۆلچەش ئەسۋابى ئۇستۇرلاپ (تېلىسكوپ)نى ئىجاد قىلغان. مىسىردا ئەل ھاكىم، ئەندەلۇستا زەركەلى، ئىسلام شەرقىدە بىرونى، نەسىرۇددىن تۇسى قاتارلىقلار ئاسترونومى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملاردۇر. مەسىلەن، تۈركستانلىق بىرونى گالىلىدىن 100 يىل ئىلگىرى يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئوسمانلىلار دەۋرىدە ئەلى قۇشچۇ، سىنان پاشا ۋە قادىزادە قاتارلىق ئالىملار ئاسترونومىيە ساھەسىدە مۇھىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

### فىزىكا

ئىسلام ئىلىم تارىخىدا فىزىكا تەبىئەت بىلىملىرى ئىچىدە تەرەققى قىلغان. مۇسۇلمان ئالىملار بۇ ساھەدە مۇھىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، مۇسۇلمان ئالىمى كىندى «ئىسپىلىك نەزىرىيىسى»نى ئەينشتېيىندىن 100 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى ھەيسەم كۆرۈش سىستېمىسى ھەققىدىكى كۈنىمىزدىكى مەلۇماتلارنى 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تىلغا ئالغان. ئىبنى رۇشد كەپلەردىن 400 يىل ئىلگىرى كۆزنىڭ تور تەبىقىسىنىڭ كۆرۈش فونكسىيىسى بارلىقىنى ئېيتقان. مىخانىكىلىق ھەرىكەت قىلىدىغان تۇنجى سائەتنىمۇ مۇسۇلمانلار ئىجاد قىلغان. تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش سىناقلىرىنىمۇ يەنە مۇسۇلمانلار قىلغان. ئەندۇلۇسلۇق ئىبنى فىرماس، ئوسمانلى دۆلىتى ئالىملىرىدىن ھەزارفەن ئەھمەت چەلەبى ياسىغان سايمان ئارقىلىق مەلۇم ئېگىزلىكتە ئۇچۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

**خىمىيە**

ھازىرقى زامان خىمىيە ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا يەنە مۇسۇلمان ئالىملار باشلامچىلىق قىلغان. جابىر ئىبنى ھەييام، رازى قاتارلىقلار بۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. نىترىك كىسلاتىسىنى تۇنجى قېتىم جابىر ئىبنى ھەييام ئىشلەتكەن. يەنە بەزى مۇسۇلمان خىمىيەچىلەر خىمىيەۋى ماددىلارنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن نازۇك تارازىلارنى ئىجاد قىلغان. يەنە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تېمىتىش ئۇسۇللىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن.

**تىب (مېدىتسىنا)**

مۇسۇلمانلار تىببى ئىلىملارغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ بىر قىسمى ھەكىم (دوختۇر) ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تىببى ساھەدىكى تەتقىقاتى غەربنى ھەيران قالدۇرغان. بۇنىڭ تەسىرى 18 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان.

دەسلەپتە مۇسۇلمان دوختۇرلار تىببى ساھەدە گرېك ۋە ھىنت دوختۇرلارنىڭ تەتقىقاتىدىن پايدىلانغان. لېكىن قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن بۇ تەتقىقاتتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يېڭى تەتقىقاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئىبنى سىنانىڭ «قانۇن» ناملىق كىتابى بۇ جەھەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تىب تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قان ئايلىنىش سىستېمىسىنى مۇسۇلمان دوختۇر ئىبنى نەفىس كەشىپ قىلغان. مىكروپنى تۇنجى قېتىم پاستەردىن 400 يىل ئىلگىرى تۈرك ئالىم ۋە مۇتەسەۋۋۇپ ئاقشەمسەددىن ئىجاد قىلغان. كۈنىمىزدىكى زامانىۋى مېدىتسىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇسۇلمان ئالىملار بۈيۈك تۆھپە قوشقان.

## 2.2. تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەڭ ئەۋۋەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتنى تەربىيلەشكە مەسئۇل بولغان بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە دەۋرى (610 ـ 622)دە ئىنسانلارغا ئىسلامىيەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى ساھابىلارنىڭ ئۆيلىرى، كەبە ھويلىسى، بازار ۋە يەرمەنكە قاتارلىق يەرلەرنى ئىشلەتكەن.



قاراتاي مەدرىسىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

ھىجرەتتىن كېيىن تۇنجى ئىشنى پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى)نى سېلىشتىن باشلىغان. بۇ مەسجىدنىڭ «ئەسھابى سۇففە» دەپ ئاتىلىدىغان قىسمى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئايرىلغان. «ئەسھابى سۇففە»دە بەزى ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاستە دەرس بەرگەن. ساۋاتنى چىقىرىدىغان، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆگۈتۈپ ئىزاھلايدىغان ئوقۇتقۇچىلار بارلىققا كەلگەن.

«ئەسھابى سۇففە»نىڭ يېنىدا مەسجىدلەرنىڭ ناماز ئۈچۈن ئايرىلغان قىسمىدا ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى قىلىنغان. ئىسلام دۇنياسىدا جامى، مەسجىدلەر ئەسىرلەردىن تارتىپ ئىبادەت ماكانى بولۇش بىلەن بىرگە مەكتەپلىك ۋەزىپىسىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. جامىلاردا تەپسىر، ھەدىس، فىقھ، قاتارلىق دىنىي بىلىملەر بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىيات، تىب، ئاسترونومى، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرمۇ ئۆگىتىلگەن.

ئىسلام تارىخىدا «ئەسھابى سۇففە» ۋە مەسجىدلەرنىڭ سىرتىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان يەرلەرمۇ قۇرۇلغان. بۇلار كۈتتابلار، سارايلار، كىتاب دۇكانلىرى، ئالىملارنىڭ ئۆيلىرى، ئەدەبى سورۇنلار، تەككە، زاۋىيە ۋە مەدرىسە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

**كۈتتابلار:** بۇلار كۆنىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ يەرلەردە ئوقۇش-يېزىش، ماتېماتىكا ئاساسى بىلىملىرى، قۇرئانى-كەرىم ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرى ئوقۇتۇلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا كۈتتاپلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

**سارايلار:** دۆلەت رەئىسلىرى ۋە باشقا رەھبەرلەر تۇرىدىغان سارايلاردا مۇئەددىپ دەپ ئاتىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار مەۋجۇت ئىدى. بۇ كىشىلەر ھۆكۈمدارلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىگەن.

**كىتابچى دۇكانلىرى:** ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ پۈتۈن شەھەرلەردە كىتابچى دۇكانلىرى ئېچىلغان. بۇ دۇكانلاردا زىيالىلار بىر يەرگە كېلىپ ھەر خىل مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان. بۇ سەۋەپتىن دۇكانلار تىجارەت ئۈچۈن مۇھىم بولغىنىدەك، تەلىم تەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم بولغان.

**ئالىملارنىڭ ئۆيلىرى:** بەزى ئالىملار ئۆيلىرىنى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇرغان. بۇيۈك تۈرك ھەكىمى ئىبنى سىنا ئاخشاملىرى ئۆيىدە كۆپلىگەن كىشىلەرنى تىبقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئوقۇتقان.

**ئەدەبىي سورۇنلار:** ئاbباسىيلار دەۋرىدە كەڭ تارقالغان بۇ سورۇنلاردا خەلىپە ۋە ۋەزىرلەرنىڭ نازارىتىدە دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغان.

**مەدرىسلەر:** ئىسلام دۇنياسىدا تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئەتراپلىق ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەدرىسلەر قۇرۇلغان. كۆنىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشايدىغان

بۇ ئەسلىھەلەرنى تۈنجى قېتىم سەلجۇق سۇلتانى ئالپارسلان قۇرغان. بۇ مەدرىسلەر نىزامىيە مەدرىسلىرى دەپ ئاتالغان. ئالپارسلاندىن ئىلگىرى غەزنەلىك ماخمۇت غەزنىدە، ئىنىسى ئەمىر ناسىر نىشاپۇردا مەدرىسگە ئوخشاش مائارىپ ئەسلىھەلىرى قۇرغان. ئەمما بۇلار مەدرىسگە ئوخشاش سىستېمىلىق بولمىغان. مەدرىسلەردە دىنىي، پەننىي بىلىملەر، تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇلغان. بۇ مۇئەسسەسەلەر ناھايىتى تېزلىكتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە تارقالغان. مەدرىسلەر دەرسخانىلىرى، ئوقۇغۇچى ياتاقلىرى، مەسجىد، دوختۇرخانىلىرى، ھاماملىرى، ئاشخانا ۋە كۇتۇپخانىلىرى بىلەن كۆنمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشىغان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن مائارىپ ئورگانلىرىدا تەلەم-تەربىيە خىزمەتلىرى بىلەن بىرگە ئېتىقادلىق، تەشەببۇسكار، مەسئۇلىيەتچان، ئىشچان، ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان، خاتالىقتىن يىراق تۇرىدىغان ئىنسانلار يېتىشتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن. ئاياللارمۇ تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىدىن پايدىلانغان. ھەر تۈرلۈك بىلىم ساھەلىرىدە مەشھۇر بولغان بەزى ئاياللار تەلىم-تەربىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان.

تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىنى دۆلەتكە قارىغاندا خەلق تېخىمۇ كۆپ راۋاجلاندۇرغان. بۇ خىزمەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن كۆپ ساندا ۋەقىپ قۇرۇلغان.

## 2.3. ئىسلام دۇنياسىدا كىتاب ۋە كۇتۇپخانىلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئانى-كەرىم نازىل بولغان چاغدا جەمئىيەتتە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتتە يېزىق مەدەنىيىتىمۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان بىر تەرەپتىن يېزىقچە تېكىستلار بىلەن قوغدالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشرىك ئەسىرلەر ئىچىدىن ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا مەسئۇل قىلىنغان. يەنە مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملارنىڭ يېزىقچە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. دۆلەت رەئىسلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مەكتۇپلار يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېزىق مەدەنىيىتى تېزلىكتە تەرەققى قىلغان. تۆت خەلىپە دەۋرىدە ئالدى بىلەن قۇرئانى-كەرىم كىتاب شەكلىدە كۆپەيتىلىپ، مۇسۇلمانلار ھاكىم بولغان يەرلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە سۈننىتىنى توپلاش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش نەتىجىسىدە سىيرەت (تەرجىمھال) ۋە ھەدىس كىتابلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. ۋاقتىنىڭ

ئۆتىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئالىملار، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ساھەلەردە كۆپلىگەن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

ئابباسىيلار دەۋرىدە يۇنان، پارىس (ئىران) ۋە ھىندى مەدەنىيىتىدىن پەلسەپە، ئاسترونومىي، تىب ۋە ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئابباسىيلارنىڭ پايتەختى باغدادتا «بەيتۇل ھىكمەم» (ھېكمەت ئۆيى) دەپ ئاتالغان تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغان. مەركەزنىڭ يېنىغا كۆپ كىتابى بار بىر كۈتۈپخانا سېلىنغان. يەنە ھۆكۈمرانلار ۋە ئالىملارمۇ خۇسۇسى كۈتۈپخانە سالغان. نەتىجىدە باغداد ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپ مىقداردا كۈتۈپخانىسى بار بىر شەھەرگە ئايلانغان. باغداد بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ۋە پۈتۈن دۇنيادا كىتاب ۋە كۈتۈپخانىسى ئەڭ كۆپ بولغان شەھەر دەپ تونۇلغان.

1258 ـ يىلى موڭغۇللار باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشى بىلەن كىتاب ۋە كۈتۈپخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى كۈلگە ئايلانغان. ئىسلام دۇنياسىدا باغدادقا ئوخشاش ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان ھەر شەھەردە چوڭ كۈتۈپخانىلار سېلىنغان. فاتىمىلار دەۋرىدە قاھىرەدىكى ساراي كۈتۈپخانىسى، 10 ـ ئەسىردە ئەندەلۇس ئەمەۋىلەرىنىڭ پايتەختى قۇرتۇبادىكى ساراي كۈتۈپخانىسىغا مىڭلىغان كىتابلار قويۇلغان ئىدى. كايراۋان، ماراكەش، ئىشبىلىيە، تۇلەيتۇلا، بۇخارا، سەمەرقەنت، ھىرات، غەزنە قاتارلىق ھاكىمىيەت مەركەزلىرىدىمۇ كىتابى كۆپ بولغان كۈتۈپخانىلار قۇرۇلغان.

سەلجۇق تۈركلىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نىزامىيە مەدرىسىسىنى قۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. مەدرىسە قۇرۇش بىلەنلا قالماي، نىشابۇر، مەرۋى، ئىسپاھان، ھەمەدان، ھىرات، رەي، بەلىخ، بەسرە، مۇسۇل ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ھەر مەدرىسىنىڭ يېنىغا بىر كۈتۈپخانا سالغان.

ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىمۇ ئوخشاش پائالىيەت قىلغان. مەدرىسە ۋە كۈتۈپخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋەقىپلەر قۇرغان. ھىندىستاندا ھاكىمىيەت قۇرغان تۈرك مىللىتىدىن بولغان بابۇر سۇلتانلىرى ناھايىتى ياخشى تەربىلەنگەن. بۇ سۇلتانلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئالىم ۋە ئەدەبىياتچىلارنى سارايلىرىغا تولدۇرۇپ، بۈيۈك بىر كۈتۈپخانا سالدۇرغان.

مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئىچىدە ئوسمانلى دۆلىتى كىتاب ۋە كۈتۈپخانىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىستانبۇلدىن باشلاپ بوسنادىن بۇرساغىچە، بۇرسادىن باغداتقىچە بولغان ئوسمانلى شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كۆپ ساندا كۈتۈپخانا سېلىنغان. بۇ كۈتۈپخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ ساندا ۋەقىپ قۇرۇلغان. كۈنىمىزدە ئوسمانلىدىن قالغان ئىستانبۇل كۈتۈپخانىلىرىدا يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا.

## 2.4 تىل ۋە ئەدەبىيات

### تىل

ئىسلام دۇنياسى ئىلگىرى كۆپ خىل دىنلارغا مەنسۇپ بولغان تۇپراقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە كۆپ تىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ئەرەبچە بىلەن بىرگە پارىسچە، تۈركچە، بەربەرىچە، ئىسپانچە، سانسكرىتچە، بۇلغارچە، يۇنانچە، لاتىنچە، بوشناكچە قاتارلىق تىللار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن. ئانا تىلنى ئىشلىتىش مەسىلىدە مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار بىر چەكلىمە قويمىغان. ئەرەبچە، پارىسچە، تۈركچە كۆپراق ئىشلىتىلىپ، مەدەنىي ھاياتتا باشقا تىللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

ئەرەبچە باشلانغۇچتىن باشلاپ كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي تىلى بولغان. يەنە ئەدەبىيات ئىلىم تىلى بولۇشتىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىلمىي تەتقىقات ۋە مەدرىسە ئوقۇتۇشى ئەرەب تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇنىڭغا پاراللىل پارىسچە ئەدەبىيات تىلى بولغان. پارىسچە سەلجۇقلار دەۋرىدە تەرەققى قىلىپ، ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى ۋە ئوسمانلىلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. پارىسچە تۈركلەر ھاكىم بولغان جۇغراپىيەدە بىر تەرەپتىن خەلق ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمانلىلار دەۋرىدە رەسمىي تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركچە، پارىسچە، گىروزىنچە، ئەرمەنچە، سىربچە، ئالبانچە، بوشناكچە، يۇنانچە، ۋېنگرىيچە، چېچەنچە قاتارلىق تىللارغا تەسىر كۆرسەتكەن. كۆپ ساندا تۈركچە سۆزلەر بۇ تىللارغا كىرگەن.

### ئەدەبىيات

ئەدەبىيات ئىسلام مەدەنىيتى گەۋدىسىدە شېئىر ۋە نەسىردىن ئىبارەت ئىككى تۈردە تەرەققى قىلغان. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر شېئىرغا كۆپ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىسلامدىن كېيىنمۇ شېئىرغا ئەھمىيەت بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مەدھىيلەيدىغان شېئىرلارنى ئىشتىياق بىلەن تىڭشاپ، كۆڭۈلگە ياققان شېئىر يازغان شائىرلارنى مۇكاپاتلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتە ئۇرۇش-جېدەل، نەپرەت، ئەخلاقسىزلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، كىبىر، ھاراق، قىمارنى ئاساسى تېما قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ئىپپەت ۋە نومۇسىغا تىل تەككۈزىدىغان شېئىرلارنى ياخشى كۆرمىگەن.

شېئىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ كۆپ تەرەققى قىلغان. ئەمەۋىي ۋە ئابباسىي دەۋرلىرىدە ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك شائىرلىرى يېتىشىپ چىققان.

ھۆكۈمدارلاردىن باشلاپ مۇسۇلمان رەھبەرلەر ساراي ۋە تەختلىرىنى شائىرلار ئۈچۈن ئاچقان. چۈنكى ئۆتمۈشتە شېئىر ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىي ئىشتىياقىنى قوزغاش بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى كۈچلۈك تەشۋىقات ۋاستىسى بولغان ئىدى. ھۆكۈمدارلار ھاكىمىيەتنى ساقلاپ، خەلقنى ئەتراپىغا تارتىش ئۈچۈن شائىرلارنى يېنىغا تارتقان. كۈچلۈك بىر شائىرنىڭ قەلىمىدە ماختالغان ئادەم ماختىلىپ، تەنقىد قىلىنغان ئادەم پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى.

ئىسلام تارىخىنىڭ كىلاسسىك دەۋرى دەپ ئاتالغان ئەمەۋىي ۋە ئاببالسىي دەۋرلىرىدە شېئىرغا ئوخشاش نەسرمۇ تەرەققى قىلغانىدى. رەسمىي كېلىشىملەردە ۋەزىپە ئالىدىغان مەمۇرلار ئەدەبىياتى كۈچلۈك كىشىلەر ئارىسىدىن تاللانغان. رەسمىي توختام ۋە ئالاقىلاردا پاساھەتلىك تىل ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئاببالسىيلار دەۋرىدە كىلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىيات كىتابلىرى قەلەمگە ئېلىنغان. مەرتلىك، ئەلچىلىك، ماقال-تەمسىللەر، ئىنسان ۋە ھايۋان خارەكتېرى، جاخچاق، پارچە، خۇتبە، يالغانچى پەيغەمبەر قاتارلىق كۆپلىگەن تېمىلار يېزىلغان. بۇ سەۋەپتىن بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇش بىلەن بىرگە ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم مەنبەلەر بولغان. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەسر قىسمىدا پاساھەتلىك ۋە قاپىيىلىك تىل ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە جاھىزنىڭ «ئەل بايان ۋەت تەبيىن»، ئىسپاھانىنىڭ «ئەل ئەغانى»، ئىبنى ئابدۇرراخمانىنىڭ «ئىكدۇل فەرىد» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىسلام دەۋرىدە پارس تىلىدىمۇ مۇھىم تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. مەسنەۋىگە ئوخشاش ئەسەرلەر بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدۇر. فىردەۋسى، شىرازى، ناسىرى ھۇسرەۋ، ھاقانى، شەيخ سەئىد قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ بۇ دەۋردە يېتىشكەن.

كۈنىمىزدە ئىسلامى دەۋر تۈرك ئەدەبىياتىغا ئائىت ناھايىتى مول مىراسىمىز بار. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات، كۆپ مەنبەلەردىن ئوزۇق ئالغان. قۇرئان، ھەدىس، پەيغەمبەر ، دىن ئالىملىرىنىڭ ھېكايىلىرى، ئىران، ئەرەب ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر، يەرلىك ۋە مىللى ئەسەرلەر تۈرك ئەدەبىياتىنى ئوزۇقلاندۇرغان مەنبەلەر ئارىسىغا كىرىدۇ.

ئىسلامى تۈرك ئەدەبىياتى 11-ئەسىردىن باشلاپ مۇۋە بېرىشكە باشلىغان. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت-سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم) ناملىق ئەسىرى ئۆلگۈلۈك ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە تۈرك

ئادىتى ۋە ئىسلامنىڭ ئەخلاقى پرىنسىپلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىنىڭ يوللىرى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرى تۈركچە ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت بولۇپ، تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئائىت مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

12-ئەسىردىكى ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكى يازغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق ئەسەرمۇ دىنىي، ئەخلاقىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. 12-ئەسىردە يېزىلغان خوجا ئەھمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق ئەسىرىمۇ مەشھۇر. بۇ ئەسەردە يەسەۋىنىڭ ساپ تۈركچە بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاقىنى بايان قىلغان شېئىرلىرى توپلانغان.

13-ئەسىردىن باشلاپ تۈركلەر ئارىسىدا تەسەۋۋۇپى پىكىرلەرنىڭ تارقىلىشىغا پاراللېل، خەلق ئەدەبىياتىمۇ بۇ پىكىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەتىجىدە تەسەۋۋۇپى خەلق ئەدەبىياتى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئەدەبىيات ئىچىدە يەسەۋى ئۆرنىكىگە ئوخشاش شېئىر ئايرىم بىر ئەھمىيەت قازانغان. تۈركىستاندا يەسەۋىنىڭ تەلىم-تەربىيە مېتودىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئاناتولىيەدە خوراسان يارەنلىرى، ئىسلامىيەتنى خەلققە ساپ تۈركچە شېئىرلار بىلەن تەبلىغ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ھەقتە يونۇس ئەمرىنىڭ شېئىرلىرى بۇ ئەنئەنىنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالىدۇر.

13-ئەسىردىن باشلاپ ئاناتولىيەدە خەلق شېئىرلىرى بىلەن بىرگە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كىشىلەرگە خىتاپ قىلىدىغان دىۋان شېئىرى ئوتتۇرىغا چىققان. ئەرەب ۋە پارىس شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دىۋان شېئىرلىرىدىمۇ دىنىي مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. 16- ۋە 18-ئەسىرلەردە دىۋان شېئىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك شائىرلىرى يېتىشىپ چىققان. بۇلار فۇزۇلى، ھايالى، باقى، نەدىم، شەيخ غالىپ قاتارلىقلار.

دىۋان شېئىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان قەسىدىلەردىمۇ ھەر خىل دىنىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن قەسىدىلەر تەۋھىد، مۇناجات ياكى كۆي دەپ ئاتالغان. تەۋھىدتە ئاللاھنىڭ بىرلىگى ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىگى سۆزلەنگەن. مۇناجاتلاردا ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىگى ئالدىدا بەندىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە گۇناھلىرى ئېيتىلىپ يالۋۇرۇشلار بايان قىلىنغان.

كۆيلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان شېئىرلاردۇر.

دىنىي ئەدەبىيات ئىچىدە مەۋلىت ئايرىم بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. 10-ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى خاتىرلەپ ئەرەبچە، پارىسچە ۋە تۈركچە كۆپلىگەن مەۋلىتلار يېزىلغان.

تۈركچە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر مەۋلىد 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلەيمان چەلەبى تەرىپىدىن يېزىلغان «ۋەسىلەتۇن نەجات» (نىجاتلىق چارىسى) ناملىق مەۋلىتتۇر.

ئىسلامى دەۋر تۈرك ئەدەبىياتى ئىچىدە دىنىي خارەكتېرلىق داستان ۋە ھېكايىلەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئىسمائىل داستانى، ۋەيسەل قارانى ھېكايىسى، ئىبراھىم ئەدھەم داستانى، باتتال غازى داستانى قاتارلىق ئەسەرلەر خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلۈپ ئوقۇلغان.

## 2.5. ئىسلام چۈشەنچىسىدە تەقلىد ۋە تۇرغۇنلۇق

8 ـ 12 ـ ئەسىرلەر ئارىسى ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغان ۋە يېڭىلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەۋرى بولغان. بۇ دەۋرىدە ئىلمىي قاراشلارغا ناھايىتى چوڭ ئەركىنلىك بېرىلگەن. بۇنداق مۇھىتنىڭ بولۇشى ساپ پىكىر ۋە تەتقىقاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەرگەن. ئەمما 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام چۈشەنچىسى تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرگەن. بۇ خىل تۇرغۇنلۇق ئەڭ كۆپ فىقھ (ئىسلام قانۇنى)، پەلسەپە ۋە كالام ساھەسىدە كۆرۈلگەن.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر بىر مەسىلىنىڭ چارىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن تېپىلمىسا، ئۆز ئەقلى بىلەن ھەل قىلىش چارىسى تېپىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. بۇ ئىش ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئىجتىھاد دەپ ئاتالغان. ئىجتىھاد قىلغۇچى ئالىملار مۇجتەھىد دەپ ئاتالغان.

مۇسۇلمانلار ھەر خىل تۇپراقلارغا ھاكىم بولۇپ، ھەر خىل مەسىلىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى تەۋسىيەسى بويىچە ھەرىكەت قىلغان. كۆپ سانلىق ئىسلام ئالىمى قۇرئان ۋە ھەدىستە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەل قىلغان. بۇ مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تاپقاندا بىر ـ بىرىگە قارىتا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بەزى تەنقىتلەرنى قىلغان. لېكىن ئۇلاردىن ھەر قانداق بىرسى ئىسلام دۇنياسىدا باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ چەكلىنىپ، ئۆز پىكرىنىڭ ھاكىم بولۇشىنى ئويلىمىغان. بۇ ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئەخمەت ئىبنى ھەنبەل، شافىئىي، مۇھەممەد، زۇپەر، ئەۋزائى ۋە باشقا كۆپلىگەن مەشھۇر مۇجتەھىتلار بۇ مۇھىت ئىچىدە ئىسمىنى تونۇتقان.

9 ـ ئەسىردىن باشلاپ يۇقىرىدىكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى ئەتراپىدا توپلىنىشلار بارلىققا كەلگەن. ئاخىرىدا ھەنەفىي، مالىكى ۋە شافىئىي قاتارلىق بۈيۈك فىقھ مەزھەپلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ باشلانغۇچتىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە ھەر مەزھەپنىڭ مەنسۇپلىرى پەقەت ئۆز مەزھەپلىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىمى مەزھەپلەردە يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا

ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەش غەيرىتى توختىغان. بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەبۇ ھەنىفە، مالىكى، ئەخمەت ئىبنى ھەنبەل ۋە شافىئىي قاتارلىق مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى ئۆزگەرمەس ھۆكۈملەر دەپ قوبۇل قىلىشقاب باشلىغان. بۇ سەۋەپتىن ئىجتىھات قىلىشنىڭ ئورنىغا دىنىي زاتلارنىڭ قاراشلىرىنى يادلاش ۋە يادلاتتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇنىڭ بىلەن فىقھە ساھەسىدە ئىجتىھاد دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئوتتۇرىغا يېڭى بىر نەرسە قويمايدىغان ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلىشنى خالىمايدىغان تەقلىدچى بىر چۈشەنچە كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال ئىسلام قانۇنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلاتقان.

فىقھە ساھەسىگە ھاكىم بولغان قاراشلار 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ پەلسەپە ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن. بولۇپمۇ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر غەززالى پەلسەپىچىلەرنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىدا پەلسەپىگە قارشى بىر قاراش ھاكىم بولغان. بۇ قاراشنىڭ ئىماملىرى، پەلسەپىنىڭ دىنغا زىيان سالغانلىقى، ئىماننى ئاجىزلاتقانلىقى، تەقۋادار بىر موسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پەلسەپىگە قارىماي قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پەلسەپىگە قارشى چىقىش ئېتىراز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئالىملار ئېنىقلانغاندىن كېيىن، تەتقىقاتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنغان، بەزىلىرى زىندانغا تاشلانغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ توسالغۇلار ئالدىدا ئالىملارنىڭ پەلسەپىگە بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەنلىگەن. ئىلگىرى پەلسەپەچىلەرنى قوللاپ ھىمايە قىلغان باي ياكى ھۆكۈمدارلار جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ئالدىدا پەلسەپەچىلەرنى قوللىمىغان. نەتىجىدە ئەقلىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ۋە ئەتراپلىق ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان پەلسەپە ئىلمى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىۋارىنى يوقاتقان. ئوسمانلىلار دەۋرىدە فاتىھ ۋە دامات ئىبراھىم پاشا قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ئىلىمنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

ئىسلام چۈشەنچىسىنى تۇرغۇنلۇققا قويغان يەنە بىر ئامىل 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەدرىسە ۋاستىسى ئارقىلىق ئەشئارى پىكرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ھاكىم بولىشىدۇر. ئەشئارىلىق ۋە ماتۇرىدىلىق ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئىسلام دۇنياسىدا قوبۇل كۆرگەن ئىككى ئېقىم بولغان.

ئەشئارىلىق ماتۇرىدىلىككە قارىغاندا دىنىنىڭ چۈشىنىلىشى ۋە ئىزاھلىنىشىدا ئىنسان ئەقلىگە تېخىمۇ ئاز ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ سەۋەپتىن ماتۇرىدىلىق كۆپراق ئەقلىگە خىتاپ قىلغان. لېكىن سەلجۇقلار دەۋرىدە قۇرۇلغان مەدرىسىلەردە ماتۇرىدىلىقنىڭ ئورنىغا ئەشئارىلىق قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئەھۋال ئىسلام دۇنياسىدا ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە

ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان ياكى تەرەققى قىلىدىغان ئەقلىچى چۈشەنچىلەرنىڭ ئورنىغا، ئۆتمۈشكە باغلىق ۋە تەقلىدچى بىر چۈشەنچىنىڭ ھاكىم بولۇشىغا يول ئاچقان. ئىلمىي ساھەلەردە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ئەمما تەسەۋۋۇپى ساھەلەردە بوزۇلۇش كېلىپ چىققان. بۇ ساھەدە ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى ئېنىقتۇر. لېكىن ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ماسلاشمايدىغان، ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىش، ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ھورۇنلۇق ۋە يوقسۇللۇققا تەشۋىق قىلىدىغان قاراشلارمۇ تەسەۋۋۇپ نامى ئاستىدا پائالىيەت كۆرسەتكەن.

ياۋرۇپا ئىسلام دۇنياسىدا تەپەككۇر توختىغان ۋاقىتىدا ئىسپانىيە، سىجىلىيادا ئېلىپ بارغان تەرجىمىلەر ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تونۇش ۋە بۇلاردىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. بۇ جەۋھەرلەر ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى قالمىغان پەلسەپى ئەسەرلەرمۇ بار. ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەقلىچى چۈشەنچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا بۇ تەرجىمىلەر مۇھىم رول ئوينىغان.

## 3. سەنئەت ۋە بىناكارلىق

### 3.1. سەنئەت ۋە ئىسلام

ئىنسان تەبىئىتىدە سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئىجاد قىلىش روھى بار. يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئالەمشۇمۇلدۇر. بىر جەمئىيەت ئىجاد قىلغان سەنئەت تۈرىنى، باشقا بىر جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشى، سەنئەتنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىستانبۇلغا كەلگەن بىر چەتئەللىك ساياھەتچى سۇلتان ئەھمەد جامىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، پارىژغا بارغان بىر تۈرك ئېفىل تۆمۈر مۇنارىنى كۆرگەندە ھەيران قېلىشى سەنئەتنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



سۇلتان ئەخمەد جامە سۇ تۇرۇبىسى

ئىسلامدا سەنئەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغان پۈتۈن گۈزەللىكلەرنىڭ مەنبەسى ئاللاھتۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى «گۈزەل» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «جەمىل»دۇر. قۇرئاندا «ئاللاھنىڭ ئۆزى گۈزەل بولغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىمۇ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە

ياراتقانلىقى»نى زىكىر قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلىشى ۋە ئىنساننى ئۈستۈن قابىلىيەتلەر بىلەن بېزىشى، ئۇنىڭ گۈزەللىكلەرنى چۈشىنىش، بۇلاردىن لەززەت ئېلىش ۋە گۈزەل ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇشقا تۈرتكە بولغان.

ئىسلامدا سەنئەت ئەسەرلىرى تەقدىرلەنگەن. مەسىلەن، قۇرئاندا ھەزرىتى سۇلەيماننىڭ سارايى ۋە قازان-قومۇچلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى باشقا خەلقلەرنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئۆتمۈشتىكى خەلقلەرنىڭ سەنئەت ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇلاردىن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئىگەللەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەڭ قورساق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە باشقا خەلقلەرگە ئائىت تارىخى ئەسەر، سەنئەت ئەسەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاسراپ قالغان. مەسىلەن، 642-يىلى مىسىرنى فەتھە قىلغان مۇسۇلمانلار بۇ دۆلەتتىكى پىرئەۋنگە ئائىت فىرامىدا ۋە ھەيكەللەرنى چېقىشقا ئورۇنمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ گۈزەللىك ۋە سەنئەتكە تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى ھاكىم بولغان تۇپراقلاردا جامى، مەدرىسە، خان، ھاممام، مېھمانخانا، ھەيكەل، رەسساملىق، خەتتاتلىق قاتارلىق سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەرلەر سايىسىدا ئۆتمۈشتە بىر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلىشى ئەمەلگە ئاشقان.

## 3.2. ئىسلام سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتى

ئىسلام سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئېتىقادىدۇر. ئىسلامدا ئاللاھ سوبيېكتىپ بىر مەۋجۇدلۇق بولۇپ، يەر شارىدىكى ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىسلام سەنئىتىدە ئاللاھنى رەسىم ياكى ھەيكەللەرگە ئوخشۇتۇشقا بولمايدۇ. ئىسلام سەنئىتىنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيەتلىرىدىن يەنە بىرى سوبيېكتىپ بولىشىدۇر. بۇ ئەھۋال ئەڭ كۆپ بېزەش سەنئىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، جامىلەردىكى بېزەشلەردە تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئەسلىسى بىلەن ئوخشاش قىلىنمىغان. جامىلاردىكى يوپۇرماق ۋە چېچەك رەسىملىرىگە قارىغان ۋاقتىمىزدا يوپۇرماق ۋە چېچەكلەرنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھايۋان ۋە ئىنسان پىگورىلىرى ھەقىقى ئىنسان پىگورىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇسۇلمان رەسساملار رەسىمدىكى كىشى ۋە ھايۋان مەنزىرىلىرىنى ئوخشاش قىلىپ سىزىشنىڭ ئورنىغا بىر ئاز پەرقلەندۈرۈپ سىزغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەسىلەن، كېچىنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەردە مەنزىرىلەر كۈن نۇرى ئاستىدا باردەك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مەنزىرىلەر ھەقىقى رەڭگى بىلەن بويالمىغان. مەسىلەن، كۆك يۈزى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە، ئايلار كۆك ۋە سوسۇن رەڭدە بويالغان.

ئاللاھقا يېقىنلىشىش چۈشەنچىسى ئىسلامىي دەۋر سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولۇپمۇ بېزەش سەنئىتىدە كۆرۈلگەن. ئەمىنلىك ۋە ئەبەدىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان گېئومېترىيىلىك بېزەش، بولۇپمۇ مەسجىد، گۈمبەزلەرنىڭ ئىچكى يۈزى ۋە ئىشىكلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئىسلام سەنئىتىنىڭ مەقسىدى، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە مەرھەمىتىنى ئىنسانلارغا ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان سەنئەتچىلەر گېئومېترىيىلىك شەكىللەر، يۇلتۇز تۈركۈملىرى ۋە ئۆسۈملۈك مەنزىرىلىرىدىن پايدىلانغان. چۈنكى گېئومېترىيىلىك شەكىل ۋە يۇلتۇز مەنزىرىلىرى كۆك ئاسمان ۋە ئەبەدىيلىكنى ئەسلىتىدۇ. قۇرئاندىمۇ كۆك يۈزىگە قاراپ ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىشقا خىتاب قىلىدىغان بىر نەچچە ئايەت بار. ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە ناھايىتى زىچ بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئارقىلىق بېزەلگەن سەنئەتلەر ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە ئەبەدىيلىكنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئاللاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئىسلام سەنئىتى بېزەش ساھەسىدە سوبۇكتىپ بولسىمۇ ئەمما بىناكارلىق جەھەتتە ئوبيېكتىپتۇر. مۇسۇلمانلارغا ئائىت بولغان بىناكارلىق ئەسەرلىرى بىر ئېھتىياجنى ھەل قىلالايدىغان شەكىلدە پىلانلىنىپ سېلىنىدۇ. بەك ھەشەمەت ۋە ئىسراپ بولىدىغان ئەھۋاللارغا يول قويۇلمايدۇ. مىسالغا ئالساق شەھەر مەيدانلىرىغا زىننەتلىك قۇرۇلۇشلار سېلىنمىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسانلارنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان تۇربا، فونتانلىق كۆل، سۇ قاپلىرى ياسالغان. ئىسراپ ۋە ھەشەمەتتىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمدار سارايلىرىمۇ ئاددىي-ساددا ياسىلىپ، تاشقى قىسمى زىننەتلەنمىگەن. ئىستانبۇلدىكى توپكاپى سارىيى بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە باشقا دۆلەتلەردە ئوخشاش ۋاقىتتا سېلىنغان بىنالار چوڭ ھەم ھەشەمەتلىكتۇر.

ئىسلام سەنئىتى قىسقا ۋاقىتتا تەرەققى قىلمىغان. ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ ۋاقىت كەتكەن. ئىسلامنىڭ ئاساسى ئىبادەتلىرىدىن بىرى بولغان نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلۇش ئېھتىياجى جامى ۋە مەسجىتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. مۇسۇلمانلار ھەر خىل يەرلەرنى فەتىھ قىلغان ۋاقىتدا بۇ تۇپراقلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ چىركاۋغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك مابەد (ئىبادەتخانا)لىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مابەدلەرنىڭ ئۇدۇلىغا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ ۋە كۆركەم جامىلەرنى بىنا قىلغان.

قۇرئانى-كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ جامى ۋە مەسجىدلەرگە گۈزەل كىيىملەر بىلەن بېرىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال مابەدلەرنىڭ گۈزەل گىلەملەر بىلەن زىننەتلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بونىڭغا ئەگىشىپ جامى ۋە مەسجىدلەر ئۆسۈملۈك، گېئومېترىيىلىك شەكىل ۋە گۈزەل خەتلەر بىلەن بېزەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە بۇتپەرەسلىكنىڭ تىرىلىشىغا سەۋەپ بولۇش خەۋپى بىلەن رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىشىغا يول قويۇلمىغان. بۇ قاراشنىڭ

نەتىجىسىدە دىنىي بىنالاردا ئىنسان رەسىمى ۋە ھەيكەللەرگە زىننەت ۋاستىسى دەپ قاراشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. لېكىن بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە سارايلارغا رەسىم ۋە ھەيكەللەر قويۇلغان.

ئىسلام دۇنياسىدا رەسساملىققا يول قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن «ھۆسنىخەت» دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بېزەش سەنئىتى كېلىپ چىققان. پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش نەتىجىسىدە ھامماملار ئومۇملاشقان. ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىش ئېھتىياجى، جاملارنىڭ ھويلىسىغا سۇ تۇربىلىرىنى ئورنىتىش ئېھتىياجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرمۇ، ئىسلام سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر خىل تۈرلەرگە ئايرىلىشىدا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى مۇنارلاردۇر.

مۇسۇلمان خەلقلەر ياشىغان ھەر جۇغراپىيەدە مۇنار سېلىنغان. لېكىن ھەر مىللەت مۇنارلارغا ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئەت ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدىغان مىللىي خاسلىقنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

مەسىلەن، ئىستانبۇلدىكى مۇنارلارنىڭ شەكلى سىلىندىر، قەلەمگە ئوخشاش نېپىز ۋە ئۇزۇن ياسالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇنارلار كەڭ ۋە بىر ئاز قېلىن ياسالغان.

مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن قېلىپ قالغان بەزى ئەنئەنىلىرىمۇ، ئىسلام سەنئىتىنىڭ مولluشۇپ، رەڭگارەڭ بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، قەدىمقى تۈركلەردىكى جەسەت كۆمۈش ئادىتى، ئىسلام دەۋرىدە گۈمبەز بىناكارلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئومۇملىشىشىغا سەۋەپ بولغان.

## 3.3. ئىسلام سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى

### 3.3.1. بېزەكچىلىك

قو يازما ئەسەرلەرنىڭ بەت، لەۋھا ۋە ئىسىم- پاملىسىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈللۈك يېزىقلارنى كېپەك ئالتۇن ۋە رەڭلەر بىلەن بوياپ زىننەتلەش تەزھىپ



16 ـ ئەسىرگە ئائىت تەزھىپلەنگەن قۇرئانى ـ كەرىم نۇسخىسى

دېيىلىدۇ. تەزھىپ ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇزەھھىپ، تەزھىپلەنگەن ئەسەر مۇزەھھەپ دېيىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى كىتابلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يازغان كىتابلىرىنى گۈزەل شەكىللەر بىلەن زىننەتلىگەن. تەزھىپ ئەڭ كۆپ قۇرئان يېزىقلىرىدا ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە ئايەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن كىچىك يۇلتۇزلار، چېچەك پارچىلىرى ۋە سەجدە ئايەتلىرىنى ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن گۈل شەكىللىك زىننەتلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. تەزھىپنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تارقىلىشىدا ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر بۈيۈك رول ئوينىغان. موڭغۇل ۋە تۆمۈرلەڭ دەۋرىدە ئىراندا ئوتتۇرىغا چىققان تەزھىپ سەنئىتىدە ئۇيغۇر-تۈرك تەسىرى روشەن كۆرۈلىدۇ. بۈيۈك سەلجۇق ۋە ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى دەۋرىدە تەزھىپ سەنئىتى تەرەققى قىلىشقا باشلىغان. سەمەرقەنت، بۇخارا، ھىرات، تەبرىز ۋە ھىراتتىكى زىننەت يەرلىرى ناھايىتى مۇھىم ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئوسمانلى دۆلىتى تەزھىپ سەنئىتى ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ تەرەققى قىلغان. قانۇنى سۇلتان سۇلەيمان دەۋرىدە ھىرات ۋە تەبرىزدىن كەلگەن تەزھىپ ئۇستىلىرى ئوسمانلى زىننەتلەش سەنئىتىگە تۆھپە قوشقان.

تەزھىپتە ئەڭ كۆپ چېچەك ۋە يوپۇرماق شەكىللىرى ئىشلىتىلگەن. ئاسما يوپۇرمىقى، يۇلتۇز چېچىگى، نىلۇپەر، لالە گۈل ۋە باشقا چېچەكلەر ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىتىلگەن. 19-ئەسىردە لوڭقا، تەشتەك ياكى سۇۋەت ئىچىدە قويۇلغان يوپۇرماق ۋە چېچەكلەر كۆپ قوللىنىلغان ئۆرنەكلەردۇر.

### 3.2.2. خەتتاتلىق

خەت لۇغەتتە «يېزىق» ۋە «شەكىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتالغۇ جەھەتتىكى مەنىسى «ئەرەب يېزىقلىرى بىلەن گۈزەل يېزىش سەنئىتى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز بۇ مەنا ھەققىدە توختىلىمىز. بۇ سەنئەت (ھۈنەر) تۈرى «ھۆسنىخەت» دەپ ئاتىلىدۇ. خەت سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر خەتتات دېيىلىدۇ.

ئەرەب يېزىقى ئۆتمۈشتىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى بولۇپ ئىشلىتىلگەن. 8-ئەسىردىن باشلاپ بۇ يېزىقنى بىر سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە تەرەققى قىلدۇرۇش باشلانغان. خەت ئۆرنەكلىرى كىتابلاردىلا بولۇپ قالماستىن، كىتابە، پارچە، قاچىلار، مەدىنى يادىكارلىقلار ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغا يېزىلىدىغان بولغان. خەت سەنئىتىدە ھەرپلەرنىڭ شەكىللىرى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئىشلىتىدىغان يەرلىرىگە قاراپ يېڭى نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە كۆپى دەپ ئاتالغان بىر خەت تۈرى (نۇسخىسى) ئوتتۇرىغا چىققان. يېڭى خەت نۇسخىلىرىنى

تېپىش ئۈچۈن تەتقىقاتلار داۋاملاشتۇرۇلغان. 13-ئەسىردە باغدادتا ئالتە خىل خەت نۇسخىسى ئىجاد قىلىنغان. بۇلار: سۇلۇس، نەسىھ، مۇھەققەق، رەيھانى، تەۋكى ۋە رىكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سەلجۇقلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن خەت نۇسخىلىرىنىڭ بېشىدا كۇپى دەپ ئاتالغان بۇرجەك خەت تۈرى بار. يومۇلاق شەكىللىك سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ دېكوراسيون شەكلىگە كەلتۈرۈلشى تەۋكى نۇسخىسىنىڭ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. دىنىي ۋە ئىلمىي خەتلەردە 10-ئەسىردىن كېيىن ئىشلىتىلگەن يومۇلاق خەت نۇسخىسىغا نەسىھ ئىسمى بېرىلگەن. خەت سەنئىتىدە ئىشلىتىلىدىغان خەتلەردىن باشقا دىپلوملاردا رىكال، پەرمانلاردا دىۋانى، ئوسمانلى دۆلىتى مالىيە تىزىملىكىدە سىيا خەت نۇسخىلىرى ئىشلىتىلگەن. كۇپى نۇسخىسىدىن كېلىپ چىققان مۇھەققەق، مۇھەققەق نۇسخىسىنىڭ كېچىكلىتىلگەن رەيھانى ۋە ھەرپلەرنىڭ شەكلى ئۆزگەرتىپ ياسالغان رەسىم نۇسخىسى قاتارلىق تۈرلىرى بارلىققا كەلگەن.

### 3.3.3. مىنىياتۇر (نەققاشچىلىق)

قول يازما كىتابلارنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆپ رەڭلىك ۋە كىچىك تېپتىكى رەسىملەر مىنىياتۇر دېيىلىدۇ. تۈرك دۇنياسىدا مىنىياتۇرغا نەقىش، مىنىياتۇر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نەققاش دەپ ئاتالغان.

نەققاشچىلىق زىننەتلەش بىلەن ئىزاھلاشنى ئاسان قىلغانلىقى ئۈچۈن نۇر كۆلەڭگۈسى ۋە ئۈيغۇن رەڭلەرنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىمىغان.

تۇنجى مىياتۇرلۇق قول يازمىلار 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا ئائىت. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىسىردا ھايۋان تېرىسى ئۈستىگە سىزىلغان بەزى رەسىملەر قەدىمقى زامانلاردىمۇ بىر مىنىياتۇر سەنئىتىنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

ئىسلام نەققاشچىلىق سەنئىتىدە ئۇيغۇر رەسىمىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى بار. ئۇيغۇر رەسساملار 9-ئەسىردىن باشلاپ باغدات، مەراگا، تەبرىز قاتارلىق مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە بېرىپ، نەققاشچىلىق سەنئىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. سەلجۇقلار، ئىلخانلىلار ۋە ئوسمانلىلار بۇ سەنئەتنى تەرەققى قىلدۇرغان. ئىلخانلىلار دەۋرىدە باشقا كىتابلارغا ئوخشاش دىنىي كىتابلارمۇ نەققاشلار بىلەن بېزەلگەن. سەلجۇقلار باغدادتا تۇنجى ئىسلام نەققاشچىلىق مەكتىۋى قۇرغان. ئوسمانلىلار دەۋرىدە بابا نەققاش، نەققاش ئوسمان، لەۋنى قاتارلىق بۈيۈك نەققاش ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان.

نەققاشلار ھېكايە، شېئىر ۋە تارىخنىڭ جانلىق مىسالى بولغان. بىر نەققاشقا قاراپ سەنئەتكار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئوسمانلى نەققاشچىلىقىدا

ئومۇمىي جەھەتتىن ئىنسان رەسىملىرى، تارىخىي ۋەقەلەر، ساراي ھاياتى ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرى تەسۋىرلەنگەن.

### 3.3.4. رەسىم ۋە ھەيكەل

ئىسلام بارلىققا كەلگەن دەۋرىدە ئىنسانلار ئىلگىرى ئادەتلىنىپ قالغان بۇتلارغا چوقۇنۇپ قېلىش ئەندىشىسى بىلەن رەسىم ۋە ھەيكەلچىلىك چەكلەنگەن. بۇ چەكلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆنىمىزگىچە ئىبادەتخانىلاردا ئىجرا قىلىنغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرىنىڭ ئوخشىشىنى سىزىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە مابەدلەرنىڭ سىرتىدىكى بىنا ۋە تۇرمۇش بويۇملىرىغا رۇخسەت قىلىنغان.

ساھابىلار دەۋرىدە چوقۇنۇشنى مەقسەت قىلمىغان ئىنسان ۋە ھايۋان رەسىملىرى بار نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر باستۇرغان تەڭگە پۇللارنىڭ بىر تەرىپىدە كەلىمە تەۋھىد، يەنە بىر تەرىپىدە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ رەسىمى بار ئىدى.

ھۆكۈمدار سارايلىرى ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە رەسىم ۋە ھەيكەللەر مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، بەزى ئەمەۋىي سارايلىرىدا ئەر-ئايال ۋە ھايۋان رەسىملىرى بار ئىدى. مىسىردا تولۇنئوغۇللىرى دۆلىتىنىڭ 2-ھۆكۈمدارى ھەمرا ۋەيج (883-895) سارايىدا بىر ئۆي ياغاچتىن ياسالغان ئايال ھەيكىلى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئەندەلۇسنىڭ گىرناتا شەھرىدە ناسرىلار تەرىپىدىن سېلىنغان ئەلھامرا سارايىنىڭ ھويلىسىدا يولۋاس ھەيكىلى، تاملىرىدا ئىنسان رەسىملىرى بار ئىدى. كۆنىمىزدىمۇ بۇنداق رەسىم ۋە ھەيكەللەر مەۋجۇتتۇر. سەلجۇقلار دەۋرىدە جامى، مەدرىسە، مازار، كارۋان ساراي ۋە قەلئە قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتقى يۈزىدە ھايۋان ۋە قۇش رەسىملىرى بار ئىدى.

### 3.3.5. مۇزىكا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە توي ۋە بايرام قاتارلىق خۇشاللىق كۈنلەردە داپ چېلىنىپ ناخشا ئېيتىلغان. چۈنكى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ھىجرەت جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى داپ چېلىپ قارشى ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنى چەكلەش پوزىتسىيىسىدە بولمىغان. ئۇ قۇرئاننىڭ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئوقۇلۇشىنى تەۋسىيە قىلغان.

بۇ دەۋردە بەزى مۇزىكا سايمانلىرى ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە مۇزىكا ساھەسىدە مۇھىم تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. مۇزىكا ئەسىرلىرىدە ئىرانلىقلار ئىشلىتىدىغان ئۇد ۋە تارىلىق ساز مىزاپە قوشۇلغان. ئۇدنى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئىبنى سۇرەيج ئىسىملىك بىر تۈرك ئەكىرگەن. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە

مەككە ۋە مەدىنە ئىسلام دۇنياسىدا مۇزىكىنىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغان شەھەرلەر ئارىسىغا كىرگەن. بولۇپمۇ مەدىنىدە مۇزىكا دەرسى بېرىدىغان كونسەرۋاتورلارغا ئوخشايدىغان ئەسلىھەلەر بارلىققا كەلگەن.

مەدىنىدە تەربىيلەنگەن ئەر-ئايال مۇزىكانتلار ساراي ۋە مېھمانخانىلاردا ئىشلەپ، يۇقىرى ئىش ھەققى ئالغان.

ئەمەۋىيلەرگە ئوخشاش باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردىمۇ مۇزىكا ۋە مۇزىكانتلارغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. مەسىلەن، ئابباسىي خەلىپىسى ھارۇن رەشىد (786-809) دەۋرىدە سارايدا بىر گۇرۇپ مۇزىكانتلار بار ئىدى. بەزى ئابباسىي خەلىپىلىرى بىۋاستە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان.

مەسىلەن، خەلىپە ئەل ۋاسىق (842-847) يۈزگە يېقىن ئاھاڭ ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە ياخشى بىر ئۇد چالغۇچىسى ئىدى.

ھەج مەۋسۇمى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن كەلگەن مۇزىكانتلار ھۈنەر ۋە قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر مەۋسۇم ئىدى. مەككە ۋە مەدىنىلىك شائىرلار ھاجىلارنى دىنىي كۈيلەر بىلەن قارشى ئالغان. ھەج ۋاقتىدا مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە مۇزىكا نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر كىشىلەر بار ئىدى. بۇ ھەقتە فارابى، ئىبنى سىنا ۋە ئىبنى رۇشدقا ئوخشاش پەيلاسوپلارنى مىسال قىلالايمىز.

ئىسلام دۇنياسىدا مۇزىكا بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپى ساھەدە كەڭ ئىشلىتىلگەن. مەۋلەۋىلەردە سەما، بەكتاشىلاردا سەماھ مۇراسىملىرىنى مىسال قىلالايمىز. مۇزىكا ساھەسىدە ئوسمانلى دەۋرىنىڭ ئايرىم بىر ئەھمىيىتى بار. بۇ دەۋردە مۇزىكا دىنىي مۇزىكا ۋە دىنىنىڭ سىرتىدىكى مۇزىكا دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. دىنىي مۇزىكا ھەققىدە جامىلەردە ئوقۇلغان قۇرئانى-كەرىم، مەۋلىد، ئەزان، قامەت، خانىقالاردا ئېيتىلغان مۇناجات، مەۋلەۋى مۇراسىملىرى، بەكتاشىلارنىڭ جەم مۇراسىملىرى ۋە كۈيلەرنى مىسال قىلالايمىز. ھەربىي مۇزىكا ۋە كىلاسسىك مۇزىكىلار دىن سىرتىدىكى مۇزىكىلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

كىلاسسىك تۈرك مۇزىكىسى ئوسمانلى دۆلىتى بەرپا قىلغان ئورگىنال بىر تۈردۇر. ئەندەرۇندا ئۆگىتىلىدىغان بۇ مۇزىكا تۈرى ئىچىدە سولاقزادە، يۇسۇپ دەدە، دەرۋىش ئۆمەر، ئىترى ۋە ھاجى ئارىف قاتارلىق بۈيۈك مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىققان. بۇ مۇزىكا تۈرلىرى بالقاندىن ھىندىستانغىچە، كاۋكازدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان ئوسمانلى دۆلىتى ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇزىكا چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. كىلاسسىك تۈرك مۇزىكىسىغا ئوخشاش، مەھتەر مۇزىكىسىنىڭمۇ تاشقى دۇنياغا تەسىرى بولغان. ئوسمانلى دەۋرىدە كۆپ خىل مۇزىكا چالغۇلىرى ئىشلىتىلگەن.

كەمان، راۋاپ، كىلاسسىك كەمەنچە، قاباق كەمانە، كوپۇز، تەمبۇر، ئۇد، قانۇن، قوڭغۇراق، قوشۇق،كۆس، دۇمباق، قۇدۇم قاتارلىقلارنى مىسال قىلالايمىز.

ئىسلام دۇنياسىدا بولۇپمۇ تۈركلەردە مۇزىكا روھى كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىپ، كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇزىكا چېلىنغان.

## 3.4 بىناكارلىق

مۇسۇلمانلار مۇۋاپپىقىيەت قازانغان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بىناكارلىقتۇر. بىناكارلىق سەنئىتى ئەينى ۋاقىتتا بېزەش، تەزھىپ، نەققاشچىلىق قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىگە ئايرىلىپ تەرەققى قىلغان.

ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىگى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىسلام بىناكارلىقى دىنىي مەنبە قىلىدۇ. مەسىلەن، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش جامىنى، پاكىزلىقا بېرىلگەن ئەھمىيەت هاممامنى، يولۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان خان كارۋان-سارايىنى، مائارىپ، ئىلىمگە تەشۋىق مەدرىسىنى، نەپىس تەربىيەسى تەككىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

2. ئىسلام بىناكارلىقى ۋاقتى ۋە ئورنى پەرقلىق بولسىمۇ ئاساسى خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن پۈتۈن دۇنيادا ئوخشاش بولغان. بۇ بىرلىكنى تەسىس قىلغان ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپىدۇر. مەسىلەن، ئىسلامىيەت هاكىم بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سېلىنغان ئىسلام بىناكارلىق ئۆرنەكلىرى بىلەن ئىسپانىيەدىكى ئۆرنەكلەر ئوخشاش ئامىللارغا ئىگە.

3. ئىسلام بىناكارلىقى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پايدىلانغان. ئىران ۋە مېزاپوتامىيەدە ساسانى، سۇرىيە ۋە مىسىردا كوپت، رىم ۋىزانتىيە، ئەندەلۇستا ۋىزىگوت، هىندىستاندا چىن (جۇڭگۇ) هىندۇ بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ئۆز بىناكارلىقىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن.

ئىسلام بىناكارلىقى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان خەلقلەرنىڭ تۆھپىسى بىلەن تەرەققى قىلغان. بۇ تەرەققىياتتا پارىس، تۈرك، هىنت ۋە بەربەرىلەرنىڭ تۆھپىسى بار. بۇ جەھەتتىن ئىسلام بىناكارلىقى پەقەت ئەرەبلەرنىڭ بىناكارلىقى بولۇپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتىدۇر.

4. ئىسلام بىناكارلىقى ئىقلىم ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا قاراپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، جامىلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى، ئىسسىق ئىقلىملاردا كەڭرى، سوغۇق يەرلەردە تار ۋە كىچىك ياسالغان. ئەينى شەكىلدە ئۆگزە قىسمى ئىسسىق ۋە هۆل يېغىن ئاز بولىدىغان ئىقلىملاردا تۈز ياكى يانتۇ، قىشتا قار كۆپ ياغىدىغان مەزگىللەردە تىك قىلىپ سېلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىمۇ ھەر خىل. مەسىلەن،

ياغاچ كۆپ بولغان يەرلەردە ياغاچ، تاش كۆپ بولغان يەرلەردە تاش، بۇلار بولمىغان يەرلەردە كېسەك ئىشلىتىلگەن.

ئىسلام بىناكارلىقى قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئاساسى مەركەزلەر سۈرىيە، شام، ئىراق، مىسىر، ھىندىستان، مەغرىپ، شىمالىي ئافرىقا، ئەندەلۇس ۋە تۈركىستاندىن باشلانغىچە بولغان تۈرك دۇنياسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا مەدىنىدە سېلىنغان جامى كېيىنكى دەۋرلەردە بىنا قىلىنغان جاملارنىڭ تۇنجى ئۆرنىكىدۇر. ئەمەۋىيلەرنىڭ ئىسلام بىناكارلىقىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ئابباسىلار، تۈركلەر، پارىسلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تەرەققى قىلدۇرۇلۇپ داۋاملاشتۇرۇلغان.

**ئەمەۋىيلەر:** ئەمەۋىلەر دەۋرىدىكى بىناكارلىقتا يېڭى بىر نەرسە ئىجاد قىلىشقا قارىغاندا باشقا بىناكارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر ئۇسلۇپ ئىجاد قىلىنغان. بۇ خانىدان شامدىن باشلاپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۇپراقلاردا كۆرگەن ئەسەرلەر ئالدىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بىناكارلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بىر مەنادا پارىس ۋە ھەلەن سەنئىتى ئالدىدا ئىسلام سەنئىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەسئۇلىتىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ دەۋردە بىناكارلىق بىلەن بىرگە ئىسلام سەنئىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇپ ئاساسى پىرىنسىپ ۋە قائىدىلىرى بەلگىلەنگەن. ئەمەۋىيلەر بىناكارلىق ئاساسى ماتىرىياللىرىدا تاشنى ئاساس قىلغان. زىننەتلەشلەردە ئەرەب ئۇسلۇبى، ئىنسان ۋە ھايۋان پىگورىلىرىنى ئاساس قىلغان. يەنە گۈمبەز بىلەن ئات تاقىسى ۋە يومۇلاق تىلىملىق سۇ كەمەر (ئەسلەھەلىرى)نى مۇۋاپىقىيەتلىك ئىشلەتكەن. تۆت چاسىلىق مۇنارلار ياسىغان.

ئەرەب، بەربەرى ۋە ئىسپانىيەلىكلەردىن تەركىپ تاپقان ئەندەلۇس جەمئىيىتىمۇ ئۆزگە خاس ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەندەلۇس بىناكارلىقى ئاساسى جەھەتتىن ئەمەۋى بىناكارلىقىنىڭ داۋامى بولغان. بۇنىڭ بىلەن قۇرتۇبا ئۇلۇ جامەدىكى قوش قەۋەتلىك بوشلۇق ئەگمىسى ۋە يومۇلاق شەكىللىك ئەگمىلەر يېڭى ھۈنەرلەر ئىدى. بۇ بىناكارلىق سەنئىتى رىم سەنئىتىنىڭ داۋامى بولغان ۋىزىگوت بىناكارلىقىدىن قالغان.

**ئاببासىيلار:** ئاببासىيلار پايتەختىنىڭ شامدىن باغدادقا، يەنى پارىس، ئەرەب دۇنياسىنىڭ كېسىشىدىغان نۇقتىسىغا يۆتكىلىشى بىلەن ئىسلام سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىدە كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەر بولغان. بۇ تارىختىن باشلاپ ئىسلام بىناكارلىقىدا پارىس (ساسانى) ۋە تۈرك تەسىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزىنى نامايەن قىلغان. ئاببासىيلار بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدا مېزاپوتامىيە ئەنئەنىسى بولغان كېسەك بىلەن خىشنى؛ زىننەتلەشتە ئاھاك، چىنى قىش، گۈل بېزەكى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن. ئەگمە تامنىڭ ئورنىغا تۈز تام ئىشلەتكەن.

**پارىسلار:** پارىسلارنىڭ ئىسلام بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاببासىيلار بىلەن باشلىنىغان. قىش بىلەن كىسەكنى ئاساسى

ماتېرىيال قىلغان. ئىران ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۆرنەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن ۋە قوغدالمىغانلىقى ئۈچۈن يىقىلىپ قالمىغان. بۇ بىناكارلىقنىڭ كۆنىمىزدىكى ئۆرنەكلىرى كاسپى دېڭىزى قىيىسىدىكى دامگان جامى، ئىسپاھاننىڭ شەرقىدىكى نايىن جامى ۋە بۇخارادىكى ئىسمائىل سامانى قەبرىسىدۇر.

**تۈركلەر:** تۈركلەرنىڭ ئىسلام بىناكارلىقىغا قوشقان تۆھپىسى سامارra شەھرى ۋە تولۇن ئوغۇللىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مىسىردا ئوتتۇرىغا چىققان. تۈركلەر ئىسلامدىن ئىلگىرىكى سەنئەت ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىگىنى ئىسلام بىناكارلىقىغا قوشۇپ، تۈر، پىلان، بېزەش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىقلار ئىجاد قىلغان. ئىچكى زىننەتلەدە تۈز كېسىم تېخنىكىسى، ستۇك (stuk)، مازار، مەدرىسە، مەسجىد، كارۋان-ساراي، تۈرك چېدىرىدىن گۈمبەز، گۈمبەزلىك مازار ۋە نېپىز سېلىندىرلىك مۇنار قاتارلىقلار تۈركلەرنىڭ ئىسلام بىناكارلىقىغا قوشقان يېڭىلىقلىرىدۇر. بولۇپمۇ گۈمبەز ۋە گۈمبەزلىك جاملارنىڭ سېلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

## 3.4.1. ھەربىي بىناكارلىق

مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار تۇپراقلىرىنى قوغداش ۋە ۋاقتى كەلگەندە ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ھەربى بىناكارلىققا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ بىناكارلىقنىڭ ئاساسى تۈرلىرى، ئوردۇگاھ، ياتاق، قەلئە، سېپىل، خەندەك، ئىستىھكام، ئوق مەيدانى، كۆزىتىش ۋە خەۋەرلىشىش يەرلىرىدىن ئىبارەت.

**ئوردۇگاھلار:** ئەرەبلەر بىر دۆلەتنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، يەرلىك خەلققە ئارىلاشماسلىق، ھۇجۇملارغا قارشى ئورتاق ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن ئوردۇگاھلار قۇرغان. دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىسلام ئوردۇگاھلىرى كۇفە، بەسرە، فۇستات، قايراۋان، سامارra قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

**رېباتلار:** (پۇختا قۇرۇلۇشلار) رىبات دەپ ئاتالغان قۇرۇلۇشلار چېگرا ۋە تىجارەت يوللىرىدا بىخەتەرلىكنى ساقلاش، قونالغۇ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان. قوغدىنىش تاملىرى بولغان رېبات، مەسجىد، ئامبار، ئېغىل، كۆزىتىش ئورنى قاتارلىقلار تۈرك بىناكارلىقى تەرەققى قىلدۇرغان قۇرۇلۇش



خوشاپ قەلئەسى (كۈنىمىزدە تۈركىيەنىڭ ۋان ۋىلايىتىدە)

تۇرلىرىدۇر. 9 ـ ئەسىر ھەربىي ۋە دىنىي خارەكتېرلىق رىباتلار كۆپ سېلىنغان ئەسىر بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي ۋە مۇھىم بولغىنى ئابباسىيلارنىڭ 796 ـ يىلى سالدۇرغان ماناستىر رىباتىدۇر.

**قەلئە ۋە سېپىللار:** ئىسلام تۇپراقلىرىدا قوغدىنىشقا ئاسان، ئېگىز ۋە ئۆتۈش قىيىن بولغان يەرلەرگە قەلئە ۋە سېپىللار بىنا قىلىنغان. مەسىلەن، بۇ ھەقتە فاتىمىلارنىڭ تۇنىس ساھىلىدىكى مەھدىيە قەلئەسى، ئەندەلۇس ئەمەۋىلىرىنىڭ ئوماز قەلئەسى بىلەن قاياقىل قەلئەسىنى مىسال قىلالايمىز. ئاناتولىيەدىكى ئاھالە جايلاشقان يەرلەردىمۇ كۆپ ساندا قەلئە ياسالغان. ئوسمانلىلار دەۋرىدە يىلدىرىم بەيازىت تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان ئاناتولىيە ھىسارى ۋە فاتىھ سۇلتان مەھمەت تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان رۇمەلى ھىسارى ئەقلىمىزگە كەلگەنلىرىدۇر. بىر قەلئەنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى يەر شەكلىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان قېلىن تاملىرى، پوتەي ۋە ئىستىھكاملىرىدۇر.

## 3.4.2. خەلق بىناكارلىقى

### 3.4.2.1. سارايلار

ئەمەۋى خەلق بىناكارلىقىنىڭ مۇھىم قۇرۇلۇشى بولغان چۆل سارايلىرى خەلىپىلەر تەرىپىدىن ھاكىمىيەت مەركىزىنىڭ سىرتىغا بىنا قىلىنغان. ئەمەۋىي سارايلىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى تاش ۋە كىسەكتى. بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بىرى ئىئوردانىيەدىكى قۇساي ئامرا سارايىدۇر. خەلىپە ۋەلىد تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بۇ ساراي ئوۋ ۋە ھاممام قەسرى قىلىپ بىنا قىلىنغان. ئىككىنچى بىر مىسال، قۇددۇسنىڭ شەرقىدىكى چۆلدە 2 ـ ۋەلىد تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مەشاتتا سارايىدۇر. خەلىپە ھىشامىمۇ شام ـ پالمىرا يولىدا «قەسرۇل خەيرىل غەربى» (غەربىي خەيرى قەسرى) ۋە «قەسرۇل خەيرىل شەرقىي» (شەرقىي خەير قەسرى) ناملىق قەسرلەرنى بىنا قىلغان.

ئابباسىيلارمۇ ساراي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ دەۋرنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بىرى كەربالا يېقىنىدىكى ئۇخەير سارايىدۇر. سامارra يېقىنىدىكى يالكۇۋارا سارايىمۇ خەلىپە مۇتەۋەككىل تەرىپىدىن 854 ـ يىلى دىجلە قىرغىقىدا بىنا



باغداتتىكى ئوردا

قىلىنغان. جەۋساقۇل خاقانىمۇ خەلىپە مۇتاسىمنىڭ مەشھۇر تۈرك قوماندانىغا سالدۇرغان سارايىدۇر.

ئەندەلۇستىكى ئەلھامرا سارايى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ شاھ ئەسەرلىرىدىن بىرىدۇر. گىرناتادا 14-ئەسىردە بىنا قىلىنغان بۇ ئەسەر ئۈچ بۆلۈمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار سۇلتانىنىڭ داۋالارغا قارايدىغان ۋە خەلقنى قوبۇل قىلىدىغان مەشۋەر (مەسلىھەتلىشىدىغان يەر) تەخت ھويلىسى، رەسمىي كىشىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان دىۋان ۋە ھەرەمدىن ئىبارەت. چىرايلىق تەخت ۋە كۆركەملىك دېكوراتسىيەلەر بۇ بىنالارنى ئەھمىيەتلىك قىلغان.

ساراي بىناكارلىقى سەلجۇقلاردىن ئىلگىرىكى تۈرك ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ داۋاملاشقان. قاراخانىلارنىڭ تىرمىزى سارايى، تۆت ئايۋانلىق چاسا ھويلا، زىننەتلەش قاتارلىقلار ئاناتولىيە تۈرك بېزەكچىلىك سەنئىتىگە باشلامچىلىق قىلغان. غەزنەلىكلەرنىڭ لەشكىرى بىزر سارايى، ساراي بىناكارلىقىغا مۇھىم بىر ئۈرنەكتۇر. سارايدا ئايۋانلىق ھويلا ۋە بۇلۇڭ چوقىلىرى سىلىنغان. سەلجۇقلاردىن كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن ساراي ئۈرنىگى كونيادىكى ئالائاددىن تەختىدۇر. ئوسمانلى دۆلىتى ساراي بىناكارلىقىنىڭ مۇھىم ئۈرنىگى بولغان توپكاپى سارايىنىڭ تۇنجى قىسمى فاتىھ سۇلتان مەھمەت تەرىپىدىن بىنا قىلىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەر قايسى بۆلۈملەر قوشۇلۇپ كېڭەيتىلگەن. ئارقا تەرىپىگە تىزىلغان تۆت ھويلىدا تەخمىنەن 60 قا يېقىن بىنا بار. بۇلار تەخت، دىۋان، ھەرەم، ئىش ئورنى، جامى ۋە ھەربىي بىنالاردىن ئىبارەت. سارايىنىڭ ئەتراپى سېپىللار بىلەن قورشۇلۇپ، ئىگىز سېپىللار بىلەن زىننەتلەنگەن. سېپىلغا 7 ئايرىم ئىشىك ئورنىتىلغان. ھويلىسىدا چىنى قىشلىق تەخت، باغداد ۋە رەۋان تەختلىرى قاتارلىق ئەسلىھەلىرى بىلەن كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ئەڭ باي مۇزېيلىرىدىن بىرى ھېسابلانماقتا.

### 3.4.2.2. مەدرىسلەر

ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى مەدرىسە چۈشەنچىسى ۋە مەدرىسە بىناكارلىقىنى تۈركلەر ئىجاد قىلغان. تۈركلەر مەدرىسە بىلەن خەلق بىناكارلىقى ۋە دىنىي بىناكارلىقتا يەنە بىر تۈر قوشقان. مەدرىسىدە مۇئەللىم، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن سەيلى قىلىدىغان بىر ھويلا سېلىنغان. يەنە يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئايۋان، سوغۇق كۈنلەردە دەرس بېرىدىغان دەرسخانا، مەسجىد، مازار ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بولۇش تەلەپ قىلىنغان.



ئۇلۇغ بەگ مەدرىسىسى

تۈنجى مەدرىسە تۈركىستاندا قۇرۇلغان. غەزنەلىك ماخمۇت غەزنەدە، ئىنىسى ناسىر ئىبنى سەبۇكتېكىن نىشاپۇردا بىردىن مەدرىسە بىنا قىلغان. سەلجۇق ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك ئالپارسلان مەلىك شاھنىڭ ئەمرى بىلەن نىشاپۇر، تۇس (كۈنىمىزدىكى ئىسپاھان) ۋە باغدادتا مەدرىسە ئاچقان. مەدرىسلەر كېيىن تىزلىكتە ئەتراپقا تارالغان. 1232 ـ يىلى سېلىنغان مۇستانسىرىيە مەدرىسىسى ئۇزۇن ۋە تىك تۆت بۇلۇڭلۇق، بىر ھويلىنىڭ يېنىدا ئايۋان، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچلۇق ئىشكلىك راۋاقلىرى بولغان بىر قۇرۇلۇش ئىدى. راۋاقلارنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىككى قەۋەتلىك ھوجرىلار بىنا قىلىنغان.

ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىمۇ مەدرىسە قۇرۇلىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئاناتولىيە سەلجۇق مەدرىسلىرىدە تاش ئىشچىلىگى، زىننەتلەش، چىنى قىش ۋە ھەيۋەتلىك پورتاللار (portallar) دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ مەدرىسلەر پىلان جەھەتتىن ئايۋانلىق ۋە گۈمبەزلىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. گۈمبەزلىك قىسىملارغا نىكسار ياغى باسان، توكات ياغىباسان، ئاپيون بويالىكوي، كونيا قاراتاي ۋە قىرشەھىر جاچا بەي مەدرىسلىرىنى مىسال قىلالايمىز.

ئايۋانلىق مەدرىسلەردىن ئەرزۇرۇم قوش مۇنارىلىك مەدرىسە، سىۋاس كۆك مەدرىسە، بۇرۇچىيە مەدرىسى، كونيا سىرچالى مەدرىسى، قەيسەرى خۇئاند خاتۇن مەدرىسى، قوش مەدرىسە، قەيسەرى ساھىبە مەدرىسى قاتارلىقلار.

ئوسمانلى دۆلىتىمۇ مەدرىسە سېلىشنى داۋاملاشتۇرغان. تۇنجى ئوسمانلى مەدرىسىسى ئورخان گازى تەرىپىدىن 1330 ـ يىلى ئىزنىكتە سېلىنغان. فاتىھ ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن سەھنى سەمان مەدرىسلىرىنى قۇرغان. ئىستانبۇلدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە كۆپلىگەن مەدرىسلەر قۇرۇلغان. 1453 ـ يىلى فەتىھتىن كېيىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پەقەت ئىستانبۇلدىلا 500 دىن ئارتۇق مەدرىسە قۇرۇلغان.

### 3.4.2.3. مەسجىدلەر



ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ناماز ئوقۇيدىغان مەخسۇس يەرلەر مەسجىد دېيىلەتتى. كېيىن جۈمە ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان يەرلەر جامى، ۋاقىت نامازلىرى ئوقۇلىدىغان يەرلەر مەسجىد دەپ ئاتالغان. ئوسمانلى پادىشاھلىرى بىنا قىلغان جامىلەرگە سەلاتىن جامى ئىسمى بېرىلگەن. شەھەردىكى مەركىزى جامىلەرگە ئۇلۇ جامى ياكى جامئى كەبىر، يول بويىدىكى ئۈستى ئوچۇق مەسجىدلەر نامازگاھ دېيىلگەن.

يەر شارىدىكى تۇنجى مەسجىد قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن مەسجىدى ھەرەم يەنى كەبىدۇر. كەبە چاسا شەكىلدە تاشتىن بىنا قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت جەريانىدا تۇنجى جۈمە نامىزىنى قۇبادا يەنە سالىم مەسجىدىدە ئوقۇغان. مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا مەسجىدى نەبەۋىنى بىنا قىلغان.

ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان خەلقلەر ياشىغان يەرلەردە مەسجىد بىنا قىلغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى قەدىمقى ئىبادەتخانىلارنى مەسجىدكە ئايلاندۇرغان، بىر قىسمى يېڭىدىن سېلىنغان. جامىلار بىناكارلىقى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، زىننەتلەش، پىلانلاش جەھەتتىن دەۋرى ۋە رايۇنغا قاراپ ھەر خىل بولغان. جامەدە ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، تاش، خىش، كىسەك، ياغاچ، بېزەش، ئۆسۈملۈك شەكىللىرى، گېئومېترىيەلىك شەكىللەر ۋە يېزىقتىن ئىبارەتتى. بىر جامى ھويلا، ناماز ئوقۇلىدىغان يەر، مىھراب، مۇنبەر ۋە مۇناردىن تەشكىل تاپقان. ھويلىغا تاج ئىشىك دېيىلىدىغان بۈيۈك ئىشىكتىن كىرىلىدۇ. ئىچكى ھويلىنىڭ ئەتراپىدا تۈۋرۈكلەر بىلەن سېلىنغان راۋاقلار بار. جامىگە كىرىش تەرىپىدىكى راۋاق ئاخىرقى جامائەت يېرى دەپ ئاتالغان. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەتتە فونتانىلىق كۆل بولىدۇ. ئاساسلىق ئىبادەت يېرى ھارىم دېيىلىدۇ. ھارىمنىڭ جەنۇبى قىسمىدا مىھراپ بولىدۇ. مىھراپ نامازنىڭ قىبلە تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. مىھراپنىڭ سول تەرىپىدە مىنبەر بار. جامىگە يەنە مۇنار سېلىنىدۇ. جامىلەر ئەينى ۋاقىتتا ۋاقىتنى بەلگىلەش ئۆيى (مۇۋاققىتانە)، مەدرەسە، كۈتۈپخانا، مازار، دوختۇرخانا، كارۋان ـ ساراي، سەبىل، ئىچىملىك سۇيى، تاماقخانا، ئىمارەت ۋە بازار قاتارلىق قىسىملار قوشۇلۇپ بىر كۇللىيە (فاكۇلتېت) شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە تۇنجى سېلىنغان جامىلەر كىچىك تىپتا ۋە مەسجىد ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ كېڭەيتىلىپ تۇنجى جامى شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن. مەدىنە جامى دەپ ئاتالغان تۇنجى قۇرۇلۇش چاسا شەكىلدە، كىسەك بىلەن سېلىنغان ئاددى بىر جامى ئىدى. باشلانغۇچ دەۋر ئىسلام جامىلىرىدە مەدىنە جامى قۇرۇلۇشى تەكرارلانغان. تۆت خەلىپە دەۋرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى جامىلىرى مېزاپوتامىيە، بەسرە، كۇفە، پۇستات ئامىر جامىلىرىدۇر.

تۇنىس، شام، قۇددۇس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەردە بىنا قىلىنغان جامىلار تىرانسەپت (transept) قۇرۇلۇشلىرىدۇر.

ئەمەۋىي جامىلىرىنىڭ تۇنجىسى بولغان قۇببەتۇس سەھرا قۇددۇستا 691 ـ 692 ـ يىللىرى ئارىسىدا سېلىنغان. مەركىزى سەككىز قىرلىق قىلىپ پىلانلانغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ زىننەتلىنىشىدە ئاكانتۇس (akantus)، ئاسما يوپۇرماق، ئۈزۈم ساپلىرى ۋە قاناتلىق ھايۋان پىگورىلىرى قوللىنىلغان. ئەمەۋى دىنىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆرنىكى، تاشقى گۈزەللىكى ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىشى بولغان شام ئەمەۋىي جامىسىدۇر،

بۇ قۇرۇلۇش 706 ـ 715 ـ يىللىرىدا جوھاننەس چىركاۋى يىقىلىپ ئورنىغا سېلىنغان. كەڭ ھويلىسى بار بولۇپ، ئۈچ تەرىپىدە راۋاق بار. ھويلىنى ئوراپ تۇرىدىغان راۋاق ئەگمىنىڭ يۈزىدىكى گۈل بېزەكلىرىدە مەنزىرە، تەخت ۋە سارايلار بار.

ئەندەلۇستا ئىسلام بىناكارلىقىنى يەرلىك بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن مۇھىم ئەسەر قۇردۇبا جامەسىدۇر. ئەندەلۇس جامەسى ۋە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرنەكلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ قۇرۇلۇش شام ئەمەۋىي جامەسىگە ئوخشايدۇ. بۇ جامەنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى ئىككى قەۋەتلىك ئات تاقىسى، تىلىملىق ۋە ئۈچلۈق كەمەرلىرى بىلەن قىزىل، ئاق رەڭلىك تاشلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدۇر.

ئابباسىي جامى بىناكارلىقىنىڭ مۇھىم ئۆرنەكلىرى ساماررا ئۇلۇ جامى بىلەن ئەبۇ دۇلەپ جامەسىدۇر. ساماررا ئۇلۇ جامى خەلىپە مۇتەۋەككىل تەرىپىدىن 848 ـ 852 ـ يىللىرىدا بىنا قىلىنغان. كۇفە پىلانلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مېھراپ تېمىدا 25 ساكنى (sak ـ ni) بار ئىدى. ھويلىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە راۋاق سېلىنغان. سىرتىدىكى تاش تاملىرى بىلەن مالۋىيە شەكلىدىكى مۇنارىسى كۆنىمىزگىچە مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مالۋىيە دەپ ئاتالغان مۇنار سىلىيو شەكلى بىلەن بابىل زىگگۇراتلىرى (ziggurat)نى خاتىرلىتىدۇ. تېشىدىن كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدىغان ئەگرى يول، ئېگىزلىكى 53 مېتىر بولغان بۇ مۇنارغا ئات ياكى ئېشەك بىلەن چىققىلى بولىدۇ.

ئابباسىيلارغا ئائىت تولۇن ئوغۇللىرى بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تۈركلەر تەرىپىدىن يوغۇرۇلغان شەكلىدۇر. تولۇن ئوغلى ئەھمەت بەي قاھىرەدە 877 ـ 879 ـ يىللىرىدا ئۆز ئىسمىغا بىر جامى سالدۇرغان. جامى پۈتۈنلەي تۈرك ئەسىرى بولۇپ، ساماررا ئۇلۇ جامەسىگە ئوخشايدۇ. پەلەمپەيلەر ئېغىر، ئۈچلۈق كەمەرلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان. بۇ شەكلى بىلەن ياۋروپا چىركاۋ قۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

مىسىردا ھاكىمىيەت قۇرغان فاتىمىلەر (969 ـ 1171)دە تولۇن ئوغلى ئەھمەت بەي ۋە قايىراۋان سەيدى ئۇقبا جامىلىرىنى ئۆرنەك كۆرسىتەلەيمىز. ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەزھەر جامەسى بىلەن ئاقمەر جامەسى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ مۇھىم مۇۋەپپىقىيەتلىرىدۇر.

جامى قۇرۇلۇشىدا ئىران ئۇسلۇبىمۇ ئۆزىنى نامايەن قىلغان. بۇ ئۇسلۇپنىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنەكلىرى كاسپىي دېڭىز قىرغىقىدىكى دامگان جامى ۋە ئىسپانىيەنىڭ شەرقىدىكى نايىن جامەدۇر.

تۈركلەر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش جامى بىناكارلىقىدىمۇ مۇۋاپپىقىيەتلەر قولغا كەلتۈرگەن. تۈنجى جامەلەردە مەلۇم ئۇسلۇپلارنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركلەر ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇپ ياراتقان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا باشلامچىلىق قىلغان. قاراخانىلاردىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ئۇسلۇپ ئوسمانلىلاردا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان.

قاراخانىلار جامى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدا خىش، زىننەتلەشتە ستۇك (stuk) ئىشلەتكەن. قاراخانىلار جامى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ئۆرنەكلىرى ھازارا دەگۇران جامى، مەرۋى يېقىنىدىكى تالخاتان بابا جامى ۋە بۇخارا قاليان جامى قاتارلىقلاردۇر. ھازار جامى مەركىزىي پىلان چىرتىيوژىنىڭ تۇنجى ئۆرنەكىدۇر. بۇ بىناكارلىق ئىسلام بىناكارلىقىدا يېڭى بىر جامى پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

غەزنەلى بىناكارلىقى بىر تەرەپتىن ئىسلام بىناكارلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندىستان ئىسلام بىناكارلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن. سۇلتان ماخمۇتنىڭ ئافغانىستانىنىڭ بۇس شەھرى يېنىدا سالدۇرغان لەشكىرى بازار جامى كېيىنكى جامى قۇرۇلۇشلىرىغا ئۆرنەك بولغان. تۆت ئايۋان ۋە ئوچۇق ھويلا سەلجۇقلار ئىجاد قىلغان جامى قۇرۇلۇشىدۇر. سەلجۇق جاملىرىدا بۇرجەك تاشلىرىدىن بىرسى ئىسپاھاندىكى مەلىكشاھ نامىغا بىنا قىلىنغان مەسجىدى جۇمە ياكى جۇمە جامىسىدۇر. بۇ جامىدە بىنا قىلىنغان تۆت ئايۋانلىق ھويلا كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك بولغان. بۇنىڭدىن مەدرىسە ۋە مەدرىسىلىك جاملەر بارلىققا كەلگەن. ئىران ۋە تۈركىستاندىكى جاملەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ شەكىلدە بىنا قىلىنغان.

ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىنىڭ جامى قۇرۇلۇشمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى تۈگرۈكلۈك جامى تىپىدىكى ئاناتولىيە سەلجۇق جاملىرى ياغاچ ۋە تاش ئىشلىتىپ بىنا قىلىنغان. بەيشەھەر ئەشرەپ ئوغلى جامى (1296) ئەنقەرە ئارسلانخانا جامى، ئەپيون ئۇلۇ جامى (1272) ياغاچ جاملەرگە ئۆرنەك بولالايدۇ. تاش جاملارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى نىغدە ئالائاددىن جامى (1244)، قەيسەرى خۇئاند جامى (1238)، سىۋاس ئۇلۇ جامى، دىۋرىگى ئۇلۇ جامى (1228)، دىيەر باقىر ئۇلۇ جامى، مالاتيا ئۇلۇ جامى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بەيلىكلەر بىناكارلىقى ئوسمانلىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كەڭرى يەرلەرگە جامى سېلىش باشلانغان. مۇسۇلمانلار



ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىن باشلاپ جاملاردا كەڭرى يەر ئىزدەشكە باشلىغان. پۈتۈن ھارىمنى بىر گۈمبەز بىلەن ئېتىش ۋە يېرىم گۈمبەزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كوللېكتىپ ۋە كەڭرى يەر قاپلاش ئوسمانلىلار دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان. بىر گۈمبەزلىك جاملار سىناق قىلىنغان جاملاردۇر. ئاناتولىيە سەلجۇقلار دەۋرىدە كىچىك تىپتا سېلىنىشقا باشلىغان جاملار ئوسمانلىلار دەۋرىدە يۇقىرى پەللىگە چىققان. تۇنجى ئوسمانلى جامىسى 1333 ـ يىلى سېلىنغان ئىزنىك

ھاجى ئۆزبەك جامىسىدۇر. بۇ كاتېگورىيە ئىچىدە ئىزنىك يېشىل جامى، بۇرسا ئۇلۇ جامى، خۇداۋەندىگار جامى، يىلدىرىم جامى، يېشىل جامى، مۇرادىيە جامى، ئەدىرنە قەدىمقى جامى، ئەدىرنە ئۈچ شەرەپەلى جامى، ئەدىرنە بەيازىت جامىسى قاتارلىق جاملارنى مىسال قىلالايمىز.

جامى بىناكارلىقى ئوسمانلىلاردا ئەڭ يۇقىرى ۋە كەڭرى ھارىم (ناماز ساھەسى)غا ئىگە بولغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى ئوسمانلى بىناكارلىقىنىڭ باش ئىنژېنېرى مىمار سىنان لايىھەلىگەن. بۇنىڭ يېنىدا سىنان ئەنئەنىسىدىن كەلگەن مىمار مەھمەت ئاغا 17-ئەسىردە 1-ئەھمەت نامىغا سۇلتان ئەھمەت جامىسىنى بىنا قىلدۇرغان. بۇ جامى ماكان جەھەتتىن سۇلەيمانىيەدىن كەڭرىدۇر. ئالتە مۇنار قويۇلغان. گۈزەل گۈمبىزى ئايا سوفىيادىن ئېشىپ چۈشكەن.

جاملار بىلەن بىرگە سېلىنغان مۇنارلار تۈركلەرنىڭ جامى قۇرۇلۇشىغا قوشقان بىر يېڭىلىقىدۇر. بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكلىرىنى ئىستانبۇلدا كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىستانبۇلغا مۇنارلار شەھرى دەپ نام بېرىلگەن.

### 3.4.2.4. باشقا ئەسەرلەر

ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت بىناكارلىق ئەسەرلىرىنىڭ باش ئورۇنىدا تۇرىدىغانلىرى ئارىسىدا شەھەرلەر، گۈمبەز، مازار، خان، ھامام، دوختۇرخانا، خانىقا، سۇ يولى ۋە ئىبادەتخانىلار كېلىدۇ.

**ئىسلام شەھەرلىرى:** يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك كۇفە، بەسرە، پۇستات، قايراۋان قاتارلىق ئاھالە يەرلىرى تۇنجى دەۋر ئوردۇگاھ شەھەرلىرى بولغان. بۇ شەھەرلەر مەركەزدە ئۇلۇ جامى ۋە ئىدارە بىناسى، ئەتراپىدا مەھەللىلەر بەرپا قىلىنغان. شەھەر قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن يوللار مەركەزگە ئوچۇق.

ئابباسىي خەلق بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۈرنىگى باغدادتۇر. بۇ بىنالار پىلانلىق سېلىنغان. ئەتراپى قوش سېپىللار بىلەن ئېتىلگەن. شەھەرنىڭ تۆت چوڭ ئىشىگى بار. ئوتتۇرىسىدا «قۇببەتۇل ھادرا» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق سارايى ۋە يېنىدا جامى سېلىنغان. ئابباسىيلار قۇرغان شەھەرلەردىن بىرى سامارادۇر. خەلىپە مۇتاسىم ئىشەنچە قىلىدىغان تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان مەخسۇس قۇشۇن بىلەن بىرلىكتە تۇرۇش ئۈچۈن



836 ـ يىلى دىجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا سامارا يېقىنىغا ئۆز نامىغا جافەرىيىيە دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر شەھەر بىنا قىلغان.

**مازارلار**: ئىسلام سەنئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدىن بىرى مازارلاردۇر. تۇنجى مازار ساماررادىكى قۇببەتۇل سۇلەيبىيەدۇر. بۇخارادا سامانئوغلى ئىسمائىل مازىرى، مەرۋىدە سۇلتان سەنجەر مازىرى، سۇلتانىيە ئۇلجاتيۇ خۇدابەندە مازىرى، سەمەرقەنتتە تۆمۈر مازىرى، ھىندىستاندا تاج ماھال، بۇرسادا يېشىل مازار ۋە باشقا ئىسمى ئېيتىلمىغان كۆپلىگەن مازارلار مازار بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىدۇر.

**گۇمبەزلەر**: بۇ بىناكارلىق تۈرى ئىسلام دۇنياسىغا تۈركلەر تەرىپىدىن تونۇتۇلغان. گۇمبەزلەر، پاشا (گېنرال) دۆلەت رەئىسلىرىدىن باشلاپ خانىدان ئەزالىرىنىڭ مازارى قىلىنىپ بىنا قىلىنغان. گۇمبەزلەر قەدىمقى تۈرك چېدىرلىرىنىڭ رەخت يوپۇرماقلىرىدىن پايدىلىنىپ بېزەلگەن.

**خان ۋە كارۋان ـ سارايلار**: مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي خىزمەت قىلىدىغان خان ۋە كارۋان ـ سارايلار بىنا قىلغان. بۇ يەرلەردە تىل، دىن ۋە ئىرق دەپ ئايرىماي ھەممە ئادەمگە خالىس ئۈچ كۈن خىزمەت قىلىنغان. كېيىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرغانلاردىن پۇل ئېلىنغان. خان (ئۆتەڭ)لاردا يولوچىلارنىڭ سالامەتلىكى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان ياتاقخانا، ئاشخانا، ئاشلىق ئامبىرى، ئېغىل، سامانلىق، مەسجىد، ھاممام، سۇ كۆلچىكى، دۇختۇرخانا ۋە دورىخانا قاتارلىق قىسملار ياسالغان.

**دوختۇرخانىلار**: ئىسلام بىناكارلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى دوختۇرخانىلاردۇر. دارۇش شىفا، دارۇسسىھھا، دارۇلئافىيە، بىمارىستان قاتارلىقناملار بېرىلگەن بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ بىناكارلىق شەكلىمۇ ئۆزگە خاس ئىدى. ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى دوختۇرخانا شامدا خەلىپە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن 707 ـ يىلى سېلىنغان. كېيىن ئابباسىيلار بۇ قۇرۇلۇشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ كۆپ ساندا دوختۇرخانا بىنا قىلغان. ھارۇن رەشىد ھەر جامىنىڭ يېنىغا بىردىن دوختۇرخانا سېلىشنى ئەمر قىلغان. سەلجۇقلارمۇ ئەينى شەكىلدە دوختۇرخانا سېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شام، باغداد، مۇسۇل ۋە مارىدىندا سېلىنغان دوختۇرخانىلار مەشھۇردۇر. سەلجۇقلار دەۋرىدىمۇ كۆپ ساندا دوختۇرخانىلار سېلىنغان. بۇ ئەھۋال ئوسمانلىلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان.

## 4. مۇئەسسەسەلەر

### 4.1. خەلىپىلىك

ھەر مەدەنىيەتكە ئوخشاش ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ چىققان. بۇلارنىڭ بېشىدا خەلىپىلىك كېلىدۇ. خەلىپىلىك «بىرسىنىڭ ئورنىغا



ئوسمانلى سىمۋولى

ئۆتكەن، كەينىدىن كەلگۈچى» دېگەنلىك بولىدۇ. خەلىپىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇنۋان ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا سايلانغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭغا خەلىپەتى رەسۇلىللاھ (رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى) دېيىلگەن. خەلىپىلىك ماقامىغا كەلگەن رەھبەرگە ئەمىرۇل مۇئمىنىين (مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى) ۋە ئىمامى دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلگەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى رەھبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ پەيغەمبەر بولۇش بىلەن بىرگە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ رەئىسلىگىنى ئۈستىگە ئالغان. دىنىي ئىشلار بىلەن بىللە سىياسىي، ھەربىي، ئىدارىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئەڭ يۈكسەك ئورۇندىكى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى.

قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كىمنىڭ كېلىدىغانلىقى، يەنى خەلىپىنىڭ كىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر كۆرسەتمە بولمىغانغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە ھەر قانداق بىر كۆرسەتمىدە بولمىغان. ھاكىمىيەت ۋە سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تامامەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە قويۇپ بېرىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىككە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سايلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلار خەلىپە بولغان. بۇلارغا تۆت خەلىپە ياكى خۇلەپائى راشىدىن دېيىلگەن. تۆت خەلىپىدىن كېيىن ئەمەۋىيلەر (661-750)، ئابباسىيلار (750-1517) (بۇنىڭ 1258-يىلىغىچە بولغان دەۋرى باغداد، قالغان قىسمى مىسىر مەملۇك دەۋرىدۇر) ۋە ئوسمانلىلار (1517-1924) خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسىر فاتىمى ۋە ئەندەلۇس ئەمەۋىيلىرىمۇ يېڭى خەلىپە دۆلەتلىرىنى قۇرغان. ئوسمانلى پادىشاھى ياۋۇز سۇلتان سەلىم 1517-يىلى مىسىرغا كىرىپ مەملۇك دۆلىتىگە خاتىمە بەرگەن. ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا «خادىمۇل ھەرەمەينى شەرەپەين» (ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتچىسى) دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ بېشى ۋە خەلىپىسى بولغان. خەلىپىلىك تۈزۈمى 1924-يىلى 3-مارتتا تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**خەلىپىنىڭ سايلىنىشى:** خەلىپە ئىككى باسقۇچلۇق سايلام بىلەن تەيىنلىنەتتى. بىرىنچى باسقۇچتا خەلىپە نامزاتى مۆتىۋەرلەر مەجلىسى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا مۇسۇلمانلارنىڭ تەستىقى ئېلىنىدۇ. تۇنجى تۆت خەلىپە بۇ شەكىلدە سايلانغان. ئەمەۋىي سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيە هايات ۋاقتىدا ئوغلى يەزىدنى ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپە دەپ ئېلان قىلىپ، خەلىپە تەيىنلەشنى ۋەسىيەت يولى بىلەن پادىشاھلىققا ئايلاندۇرغان.

**خەلىپىلىك ۋەزىپىسى:** دىنىي ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ماقامدۇر. خەلىپە ئاخىرقى قارار بېرىش ماقامى بولۇش بىلەن بىرگە چەكسىز هوقۇق ۋە هاكىمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ هۆكۈم قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى قۇرئاننىڭ دائىرىسىدە قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مەھكىمىدە جاۋاب بېرىش مەسئۇلىيىتى بار.

## 4.2. ۋەزىرلىك

ئىسلامىيەتنىڭ هاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىن بىرى ۋەزىرلىك ماقامدۇر. ۋەزىرلىك هۆكۈمدار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان بىر ماقام ئىدى. بۇ ماقامنىڭ بېشىدىكى ۋەزىر هۆكۈمدار ۋەكىلى سۈپىتىدە دۆلەت ئىشلىرىغا قارىغان. ۋەزىرلىك ماقامى تۇنجى قېتىم ئابباسىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەرگە ئىسلام دۇنياسىدا هەر خىلناملار بېرىلگەن. ئىسلام تارىخىدا ۋەزىرلەر ۋەزىرى تەفۋىز (زاكاس قىلىنغان ۋەزىر) ۋەزىرى تەنفىز (ئىجرا قىلغۇچى ۋەزىر) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بولاردىن بىرىنچىسى دۆلەت ئىشلىرىنى خەلىپىگە ۋاكالىتەن ئۆز پىكرى ئەتراپىدا يۈرگۈزىدۇ ۋە سانى بىر بولىدۇ. ئىككىنچىسى مەلۇم مەسىلىلەردە مەسئۇل كىشى بولۇپ، سانى كۆپتۇر. ۋەزىر بولىدىغان ئادەمدە يىراقنى كۆرىدىغان، قانۇنىي، هەربى، ئىقتىسادىي مەلۇماتى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر تەلەپ قىلىنغان. تەنفىز ۋەزىرلىرىدە مۇسۇلمان بولۇش شەرتى تەلەپ قىلىنغان. كۆپىنچە ۋەزىرلەر مۇسۇلمانلاردىن تاللىنىش بىلەن بىرلىكتە بەزى ۋاقىتلاردا باشقا دىن مەنسۇپلىرىدىنمۇ ۋەزىرلەر سايلانغان.

ۋەزىرلەرنىڭ مائاشلىرى زامانغا ۋە دۆلەتلەرگە قاراپ پەرقلىق بولغان. بۇلار دۆلەتتىن مائاش ئالغىنىدەك، هۆكۈمدار تەرىپىدىن ئېپتا دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ يەرلەر بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلغان.

ۋەزىرلىك مۇئەسسەسەسى تۈرك-ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ مەۋجۇد بولغان. قاراخانىلاردا ۋەزىر، دىۋانى ئالىينىڭ (يۇقىرى دىۋان) رەئىسى ئىدى. سەلجۇقىلاردا ۋەزىر هۆكۈمداردىن كېيىن كېلىدىغان ئەڭ هوقۇقلۇق كىشى ئىدى. دىۋانلاردىن تەركىپ تاپقان مەركەز تەشكىلاتى كۈنىمىزدىكى مىنىستىرلار كېڭەشىگە ئوخشايدۇ. هەر دىۋاننىڭ بېشىدا «ساھىبى دىۋان» دەپ ئاتالغان شەخس بار. دىۋانلارنىڭ

بېشىدا «دىۋانۇل ۋىزىرا» نامىدىكى جەمئىيەتنىڭ بېشى بولغان ۋەزىر بولىدۇ. سەلجۇق ۋەزىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پارسلاردىن تەيىنلەنگەن.

مەشھۇر سەلجۇق ۋەزىرلىرىدىن ئامىدۇلمۇلك كىندۇرى ۋە نىزامۇلمۇلكنى كۆرسىتەلەيمىز. ۋەزىرلەر پادىشاھلار تەرىپىدىن مەنشۇرى ۋەزارەت دېيىلىدىغان بىر پەرمان بىلەن ئۆزىگە يېزىق قۇتىسى، تاج ياكى كۇلاھ بېرىلىپ تون كېيگۈزۈلگەن. بۈيۈك سەلجۇقلارنىڭ داۋامى بولغان ئاناتولىيە سەلجۇقلىرىدىمۇ ۋەزىرلەر ماقام جەھەتتە ئوخشاش ئىدى.

ئوسمانلىلاردا ۋەزىر پادىشاھنىڭ مۇتلەق ۋەكىلى ئىدى. تۇنجى ئوسمانلى ۋەزىرى ئورخان گازى (1324 ـ 1362) تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن. ئورخان گازى دەۋرىدە پەقەت بىرلا ۋەزىر بار ئىدى. ۋەزىر، قازى ۋە ھۆكۈمداردىن تەركىب تاپقان دىۋاننىڭ ئەزاسى ئىدى. چەلەبى مەھمەت (1402 ـ 1421) ۋە سۇلتان 2 ـ مۇرات (1421 ـ 1451) دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن باش ۋەزىر ماقامىدىكى ۋەزىرگە ۋەزىرى ئەزەم دېيىلگەن. قانۇنى دەۋرىدىن باشلاپ سادرازام دەپ ئاتالغان. ئوسمانلى ۋەزىر ئەزامى دۆلەت، دىن، قانۇن، مائارىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ھەربى ئىشلاردىن باشلاپ پۈتۈن ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. ۋەزىرى ئەزاملار دۆلەت ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ كۆرۈشۈلۈپ قارار قىلىنىدىغان دىۋانى ھۇمايۇنغا پادىشاھ بولمىغان ۋاقىتلاردا رەھبەرلىك قىلغان.

قانۇنى سۇلتان سۇلەيماننىڭ ۋەزىرى لۇتپى پاشا (1539 ـ 1541) ۋەزىردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلىغان:

ۋەزىر، دۇنيا ھەۋەسىدىن يىراق بولىشى، ئىشلىرىنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىشى، پادىشاھقا قارىتا توغرا ۋە سادىق بولىشى، پارىخورلۇققا يېقىن كەلمەسلىكى، ئەھلى بولمىغانلارغا ئىش بەرمەسلىگى، خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، پېقىر ـ يوقسۇللارنى ھىمايە قىلىشى كېرەك.

## 4.3. شەيخۇل ئىسلاملىق

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان شەيخۇل ئىسلاملىق ئوسمانلىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئىسلام تارىخىدا ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك دىن ئالىمى شەيخۇل ئىسلام ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان. ئوسمانلى دۆلىتىدە ئىلىم ئەھلى كىشىلەرنىڭ بېشىدىكى شەخسكە شەيخۇل ئىسلام، شەيخۇل ئىسلام تەشكىلاتىغا شەيخۇل ئىسلاملىق دېيىلگەن.

ئوسمانلى دۆلىتى كۆپ ساھەلەردە بولۇپمۇ، بىلىم ۋە مائارىپتا تۈرك ئىسلام سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئورخان بەي بۇرسادىن باشلاپ مۇھىم يەرلەرگە قازى تەيىنلەش بىلەن بىرگە 1330 ـ يىلى ئىزنىكتە تۇنجى ئوسمانلى مەدرىسىسىنى ئاچقان. بۇ خىزمەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملاشقان. ئوسمانلى دۆلىتى 1362 ـ يىلى قازى

ئەسكەرلىك تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، دىنىي خىزمەتلەر، مائارىپ ۋە سوت رەھبەرلىكىنى ئۇنىڭغا بەرگەن. 2-مۇرات 1425-يىلى موللا شەمسەددىن پەنارىنى تۇنجى شەيخۇل ئىسلام تەيىنلىگەن. فاتىھ سۇلتان شەيخۇل ئىسلاملىق تەشكىلاتىنى تېخىمۇ تەرتىپكە سېلىپ قانۇننامىسىدا شەيخۇل ئىسلاملىقنى ئىلىم ئەھلى سىنىپىنىڭ بېشى (رەئىسى) دەپ بېكىتكەن. شەيخۇل ئىسلاملىق بۇ تارىختىن باشلاپ ئۆزىدىن قەدىمىي ياكى ھوقۇقى ئۈستۈن قازى ئەسكەرلىك تەشكىلاتىدىن تېخىمۇ يوقىرى ئۇنۋانغا ئىگە بولغان.

تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەيخۇل ئىسلاملىقنىڭ ئاساسى ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قازىلىقنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن دىنىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش (پەتىۋا بېرىش)،

2. دۆلەت تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش،

3. دىنىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش،

4. مائارىپ ئورگانلىرىنى باشقۇرۇش،

5. ئەدلىيە ئورگانلىرىنى باشقۇرۇش.

### 4.4. ئەدلىيە ئورگانلىرى

ئىسلام مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاش ئادالەتنىڭ تىكلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىدىن بىرى ئادالەتتۇر. ئادالەتنىڭ زىتتى بولغان زۇلۇم بۈيۈك گۇناھ ۋە ئىنسانلىق ئەيىپى دەپ كۆرسىتىلگەن. قۇرئانى-كەرىمدە زىكىر قىلىنغان ئادالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەردە مۇسۇلمانلانى بۇ ھەقتە سەزگۈر بولۇشقا چاقىرغان.

ئىسلام ئىنساننىڭ مېلى، ئەقلى، دىنى ۋە ھاياتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدلىيە تەشكىلاتى بۇلارنى قوغداشنى ئاساسى ۋەزىپىسى قىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئەدلىيە تەشكىلاتى ئاساسەن قازى ئەسكەرلىك، قازىلىق، مەزالىم (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى) مەھكىمىلىرى ۋە ھىبە ئورگانلىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئەدلىيە تەشكىلاتىنىڭ بېشىدا قازى قۇززات بولىدۇ. ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا ئوخشايدىغان قازى قۇززاتلىق ئابباسىيلار دەۋرىدە قۇرۇلغان.

### 4.4.1. قازىلىق

ئىنسانلار ئىپتىدائى دەۋرلەردىن باشلاپ ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئادالەتنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن مەھكىمە ئورگانلىرى قۇرغان. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۇ مەسىلىلەردىكى سوت ئورگىنى قازىلىق ئىدى.

ئىسلامنىڭ تۇنجى يىللىرىدا قازىلىق ئورگىنىنىڭ رەئىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. قازىلىق تەشكىلاتى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە تەرەققى قىلغان. ئۇ تۇنجى قېتىم بۈيۈك شەھەرلەردە بىۋاستە خەلىپىگە قارايدىغان قازىلار تەيىنلىگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلام تۇپراقلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بەزى مەركەزلەرگە يېڭى قازىلار ئەۋەتكەن. قازىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە قازى قۇززاتنىڭ تەلىۋى ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ تەستىقى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان بولغان. قازىلار ۋىلايەت، شەھەر ۋە يېزا دەرىجىسىدە تەشكىللانغان.

قازىلىق ۋەزىپىسگە تەيىنلەنگەنلەردە ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇش، ئەركىن بولۇش، مۇسۇلمان بولۇش، تىنى سالامەت بولۇش ۋە قانۇننى ياخشى بىلىش قاتارلىق شەرتلەر تەلەپ قىلىنغان.

قازىلارغا رۇشۋەت (پارا)، ئادەم ۋاستىچىلىقى قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئادالەتنى تولۇق تەسىس قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى مائاش بېرىلگەن. قازى تەرەپلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى تىڭشاپ، دەلىللەرنى كۆرىدۇ. ھۆكۈمنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇنجى مەيداندا بېرىدۇ. قازىلارنىڭ ھۆكۈملىرى كەسكىندۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋاگەرنىڭ سۇلتان ياكى مەزالىم مەھكىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ماقاملار بېرىلگەن قاررانى بىكار قىلىۋەتكىنىدەك، قاررانىڭ يېڭىدىن كۆرۈلۈشىنىمۇ تەلەپ قىلالايدۇ.

مۇستەقىل بىر قازىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلىرى بار:

1. سوت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش،
2. شەھەر سىرتىدىكى رەھبەرلەرگە مەسلەھەتچىلىك قىلىش،
3. جامائەت گۇۋاھلىقى بېرىش،
4. ۋەقپلەرنى باشقۇرۇش،
5. پېقىر، ئاجىز ۋە يېتىملارغا غەمخورلۇق قىلىش.

ئىسلام مەدەنىيىتىدە قازىلىق تەشكىلاتىدا سوتنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە مۇپتىلىكمۇ يەر ئالغان. مۇپتى قازىنىڭ ياردەمچىسى ۋە مەسلەھەتچىلىسىدۇر. دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاھالە رايونلىرىغا مۇپتىلار قويۇلغان. مۇپتىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى پەتۋا بېرىش ۋە داۋانىڭ مەھكىمە ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىگىنى كونترول قىلىش ئىدى. قازىلار داۋاگەر ياكى داۋاچىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇپتىدىن پەتۋا سورىغان. كۆپ سانلىق مۇپتىلار دۆلەتتىن مائاش ئالماي، قىلغان خىزمەتلىرىگە قاراپ

دۆلەتتىن ھەق ئالغان. بۇ ئۇسۇل بىر جەھەتتىن مۇپتىلارنىڭ رەسمى بېسىملاردىن يىراق تۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

### 4.4.2. مەھكىمىلەر

#### مەزالىم مەھكىمىلىرى

دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى (خەلىپە، سۇلتان، ۋەزىر، ئەمىر) تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان سوت خىزمىتى ئىدى. مەزالىمنىڭ سۆز مەنىسى، شەخسى ھەقلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەقسىزلىقلارغا قارشى قىلىنغان ھەرىكەت دېگەنلىكتۇر. مەزالىم مەھكىمىلىرى ئەدلىيە ھەم مەمۇرى سوت ئورگىنى ئىدى.

مەزالىم مەھكىمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى:

1. خەلققە ناچار مۇئامىلە قىلىپ ھەق ۋە ئادالەتتىن ئايرىلغان زالىم رەھبەرلەر ھەققىدىكى شىكايەتلەرنى تىڭشاش،

2. مەمۇرلارنىڭ باج ۋە باشقا دۆلەت ماللىرىنى توپلىغان ۋاقىتتىكى خاتالىقلىرىنى تەكشۈرۈش،

3. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىنى نازارەت قىلىش،

4. دۆلەت مەمۇرلىرىغا كەم مائاش بېرىش ياكى مائاشلىرىنىڭ كېچىكىشى ھەققىدىكى شىكايەتلىرىنى تەكشۈرۈش،

5. ھۆرمەتلىك ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان ناھەقچىلىق ۋە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارغا مۇناسىۋەتلىك داۋالارغا قاراش،

6. قازىلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە قارشى بىلدۈرۈلگەن ئېتىرازلارنى تەكشۈرۈش.

#### ھەربى مەھكىمىلەر (قازى ئەسكەرلىك)

ئىسلام مەدەنىيىتىدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەربىي سوت سىستېمىسى قۇرۇلغان. ئارمىيە ۋە ئەسكەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنى مۇناسىۋەتلىك جازا ۋە بەزى قانۇنى داۋالارغا قازى ئەسكەرلىك دەپ ئاتالغان ھەربى مەھكىمە قارىغان. قازى ئەسكەر ھەربى سودىيە دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئوردۇگاھ شەھەرلىرىگە قازىلار تەيىنلەپ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىنى قۇرغان. ئابباسىيلاردا قازى- قۇززاتلىق كېيىنكى دەۋرىلەردە قازى لەشكەرلىك قاتارلىق تەشكىلاتلار قازى ئەسكەرلىك تەشكىلاتىنىڭ باشلامچىسى بولغان. ئوسمانلى دۆلىتىدە قازى ئەسكەرلىك 1-مۇرات دەۋرىدە 1363-يىلى قۇرۇلغان. تۇنجى ئوسمانلى قازى ئەسكىرى چاندارلى ھالىل ھەيرەتتىن پاشا ئىدى. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ساھەسىنىڭ

كېڭەيىشى بىلەن فاتىھ دەۋرىدە 1481-يىلى ياۋروپا قىسمى ئۈچۈن رۇمەلى قازى ئەسكەرلىگى، ئاسىيا قىسمى ئۈچۈن ئاناتولىيە قازى ئەسكەرلىگى تەسىس قىلىنغان.

قازى ئەسكەرلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

1. ھەربى سوتنى باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش. ئارمىيە ۋە ھەربى قوماندانلارنىڭ تىنچلىق، ئۇرۇش جەريانىدىكى قانۇنى ئېھتىياج ۋە كىلىشمەسلىكلىرىنى ھەل قىلىش،

2. ھاكىمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەرلەردە دىۋانى ھۇمايۇنغا قوشۇلۇپ دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش، دىۋانى ھۇمايۇندا ئىسلام قانۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

### 4.4.3. بازار باشقۇرۇش

ھىسبە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئادالەتنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن قۇرغان ئورگانلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ئورگان ئىسلامنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. بۇ ئورگاندا ئىشلەيدىغانلار مۇھتەسىپ دەپ ئاتالغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھىسبە جەمئىيىتى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە تېخىمۇ تەشكىلاتلىق ئورگان شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ تەشكىلات (ئورگان) پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا قۇرۇلغان. بولۇپمۇ ئوسمانلىلاردا ھەر ناھىيىگە بىردىن مۇھتەسىپ تەيىنلەنگەن.

مۇھتەسىپ بولىدىغانلاردىن مۇسۇلمان، بالاغەتكە يەتكەن، ئەر، ئادىل، كۈچلۈك، بىلىملىك، بىلگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان ۋە ئەخلاقلىق بولۇش قاتارلىق شەرتلەر تەلەپ قىلىنغان.

باشقا ۋەزىپىلىكلەرگە ئوخشاش ھىسبە تەشكىلاتىدا ئىشلەيدىغانلارمۇ دۆلەتتىن مائاش ئالماي، خىزمىتىگە قاراپ تىرىكچىلىك قىلغان.

ھىسبە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

1. خەلقنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىش،

2. جامى رەھبەرلىرىنى نازارەت قىلىش،

3. مۇئەززىنلەرگە ۋەزىپە بېرىش،

4. بازار تەرتىپىنى ساقلاش،

5. خەلقنىڭ شىكايەتلىرىنى تىڭشاش،

6. دۆلەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان ياكى ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش،

7. يوللارنى رېمۇنت قىلىش،

8. ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنى جازالاش،

9. ئۆلچەم ۋە تارازىلارغا نازارەتچىلىك قىلىش،
10. خوشنا ھەققىنى ئاسراش.

## 4.5. ساقچى تەشكىلاتى

ئىسلام دۆلەتلىرىدە ساقچى تەشكىلاتى شۇرتا دەپ ئاتالغان. شۇرتا (ساقچى) تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىنى ھەزرىتى ئۆمەر قۇرغان. ئۇ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇش ۋە ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن كېچە نۆۋەتچىلىك تۈزۈمىنى ئورناتقان. شۇرتا (ساقچى) تەشكىلاتى تۇنجى ۋاقىتلاردا قازىلارنىڭ ئەمرىگە بېرىلگەن. كېيىن ئەمەۋىي خەلىپىلىرىدىن ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن ئايرىم ئىدارە قىلىپ قۇرۇلغان.

شۇرتانىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

1. خەلىپە، ۋالى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش،
2. جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش،
3. سوتنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش.

## 4.6. ئوردۇ (ئارمىيە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئارمىيە ئىختىيار قىلغانلاردىن تەشكىل تاپقان. مۇنتىزىم ئارمىيەنىڭ ئاساسى ھەزرىتى ئۆمەر تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە تەرەققى قىلغان.

ئارمىيە باشلانغۇچتا مۇسۇلمان ئەرەبلەردىن تەشكىللەنگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تۈركلەر ۋە پارىسلار بىلەن بىرگە مەۋالى دەپ ئاتالغان غەيرى ئەرەبلەرمۇ ئارمىيەگە ئېلىنغان. بولۇپمۇ تۈركلەر ئابباسىيلار دەۋرىدە ئارمىيەنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. مۇتاسىمغا ئوخشاش بەزى ئاببىاسىي خەلىپىلىرى تۈركلەرنى باش قۇماندانلىققا تەيىنلەش بىلەن بىرگە تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان ئالاھىدە قىسىملارنىمۇ قۇرغان. سەلجۇقلار دەۋرىدىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بۈيۈك مىقداردا تۈركلەر ئۈستىگە ئالغان. ئارمىيەدە ئەرەبلەردىن باشقىلارغىمۇ يەر بېرىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىششى، بىر-بىرلىرىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. كېيىن بەزى ئىسلام جۇغراپىيەلىرىدە ئارمىيەدە بەزى غەيرى مۇسلىم ئەسكەرلەرمۇ ۋەزىپە ئالغان.



بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ كۆپ ئەندەلۇس خانىدانلىرى ۋە مۇسۇلمان تۈركلەردە كۆپ بولغان. مۇسۇلمان ئەسكەر ۋە مەمۇرلارنىڭ ئارمىيەدە ئۆسۈشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇش شەرتى تەلەپ قىلىنمىغان. مۇسۇلمانلار ئۇرۇشقا ماڭغان

ۋە ئۇرۇش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەلىرى بويىچە پۇخرا، دىنى زات، تارىخى مىراس، ئىبادەتخانىلار، تەبىئەت گۈزەللىكى، زىرائەت ۋە ھايۋانلارغا زىيان سالماسلىقنى ئاساسى پرىنسىپ قىلغان.

مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ئارمىيە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز قىسىملىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. دېڭىز ئارمىيىسى تۇنجى قېتىم ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان. تۇنجى كېمە ياساش زاۋۇتى ئەمەۋىي خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن تارسۇستا قۇرۇلغان. ئارمىيەدە ئاساسى قوشۇننى پىيادە، ئوقچى ۋە ئاتلىق قىسىملار تەشكىل قىلغان.

**ئۇرۇش قۇراللىرى ۋە تېخنىكىسى**: پىيادىلەر ۋە ئاتلىقلار ساۋۇتلۇق (تۆمۈر) كېيىم ۋە تۆمۈر قالپاق كەيگەن. قۇرال جەھەتتىن پىيادىلەر قىلىچ، خەنجەر، ئوقيا، كالتەك، تۆمۈر توخماق؛ ئاتلىقلار بولسا قىلىچ، نەيزە قاتارلىق قۇراللارنى ئىشلەتكەن. يەنە تاش ئاتىدىغان مەنجەناق (ئارغامچا بىلەن تارتىپ ئاتىلىدىغان ئارراد)، بۈيۈك تاختا شەكلىدىكى دەببابە (كۆنىمىزدىكى تانكا) ۋە سېپىللارنى يىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قوچقار مۆڭگۈزى قاتارلىق قۇراللارنى ئىشلەتكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ قۇراللىرى ئارىسىدا ئوت كۈچى بار قۇراللارمۇ بار ئىدى. مىلتىق دورىسىنى جۇڭگولۇقلاردىن ئېلىپ تەرەققى قىلدۇرۇپ، 12-ئەسىردە ئىشلىتىشكە باشلىغان. كېيىنكى ئەسىرلەردە توپ ۋە مىلتىقلارمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئارمىيەنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە قۇراللىرىنى ئات، تۆگە، قېچىر ۋە پىللاردا توشىغان. ھىلال ئاساسلىق تاكتىك قۇرالى ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چېكىنىش ئىشارىتى قىلىنغان.

ئىسلام دۇنياسىدا باشلانغۇچتىن باشلاپ ئارمىيەگە ئۈچ خىل ۋەزىپە بېرىلگەن:

1. دۆلەت ۋە خەلقنى تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش،

2. ئىچكى دۈشمەنلەرگە قارشى جەمئىيەت تەرتىۋى، مۇقىملىقى ۋە دۆلەت بىرلىكىنى ساقلاش،

3. سىياسى ھاكىمىيەت يەنى خاندانلىقنى ئىسيان ۋە مۇخالىپەت (قارشى) ھەرىكەتلىرىگە قارشى قوغداش.

## 4.7. ۋەقىپلار

مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن بىرى ۋەقىپ مەدەنىيىتىدۇر. ۋەقىپ بىر مالنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدى بىلەن ئىئانە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ۋەقىپنى قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بەلگۈلىمە ۋەقپىيە دېيىلىدۇ.

ۋەقىپ مەدەنىيىتى ئىسلامىيەت ئەھمىيەت بەرگەن ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىش جەمئىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىسلامنىڭ زاكات، سەدىقە جارىيە، ئۆسۈمسىز قەرز،

ئىئانە، ئېھسان قاتارلىق تەۋسىيەلىرى مۇسۇلمانلارنى ۋەقىپ قۇرۇشقا تۈرتكە قىلغان. قۇرئانى-كەرىم: **«ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر»** (3-سۈرە، 92-ئايەت) يەنە **«گۈزەللىكتە ۋە يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشتا ياردەملىشىڭلار»** (5-سۈرە، 20-ئايەت) دېگەن ئايەتلەر ئارقىلىق ئىنسانلارنى ۋەقىپ قۇرۇشقا تەشۋىق قىلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ئوغلى ۋاپات بولغاندا قىلغۋاتقان ياخشى ئىشلىرى توختايدۇ. ئەمما پايدىلىق ئىلىم مىراس قالدۇرغان، ياخشى ئەۋلاد يېتىشتۈرگەن ۋە داۋاملىق ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئىش قىلغان (سەدىقە جارىيە) كىشىنىڭ ياخشىلىقى داۋاملىشىدۇ.» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ۋەقىپ قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپنىڭ چەكلىنىشى، ئىسلام دۇنياسىدا ۋەقىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. بۇ سەۋەپتىن بۇ پرىنسىپلار ئاساسىدا ئىنسانلارنى ۋەقىپ قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئامىللارنى بايان قىلىمىز.

1. ئاللاھ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدى،
2. ئىنسان سۆيگۈسى،
3. تەبىئەت سۆيگۈسى،
4. ئىنساندىكى ياردەملىشىش ھېس-تۇيغۇسى،
5. نام شۆھرىتىنى ئونۇتتۇرماسلىق چۈشەنجىسى،
6. مال-مۈلكىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش ئارزۇسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە تۇنجى قېتىم قۇرلغان ۋەقىپلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۆپەيگەن. ئابباسىيلار بۇ ۋەقىپلەرنى مەقسىدىگە ئۇيغۇن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدارە قۇرغان.


مۇسۇلمان خەلقلەر ئىچىدە ۋەقىپ قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن مىللەتلەردىن بىرى تۈركلەردۇر. ئىسلامدىن ئىلگىرى كۆچمەن تۈركلەردە ۋەقىپنىڭ باشقا بىر تۈرى بولغان ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىش بار ئىدى. ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يەرلىك ھاياتقا ئۆتكەن تۈرك قەۋملىرىدە ۋەقىپ ئەنئەنىسى ۋە تەجرىبىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. تۈركلەر بۇ تەجرىبىلەرنى ئىسلامنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە دىنىي خىزمەت قىلىدىغان كۆپ ساندا ۋەقىپ قۇرغان. ئابباسىيلارنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇسۇلمان خاندانلاردىن سەلجۇقلار، خارەزىمشاھلار، مەملۇكلار، ئاناتولىيە سەلجۇقلىرى ۋە ئوسمانلى دۆلىتى ۋەقىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ۋەقىپلار ئوسمانلى دۆلىتىدە ناھايىتى تەرەققى قىلىپ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەت ساھەسىگە ئايلانغان.

**ۋەقپلارنىڭ خىزمەت ساھەلىرى**

ۋەقپلەر كۆنىمىزدە زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدىغان مائارىپ، بىناكارلىق، ئىجتىمائىي ياردەم قاتارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ۋەقپلارنىڭ خىزمەت ساھەسىگە قاراپ مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. دىنى خىزمەت قىلىدىغان ۋەقپلار،
2. مائارىپ خىزمىتى قىلىدىغان ۋەقپلار،
3. ئىقتىسادىي خىزمەت قىلىدىغان ۋەقپلار،
4. خەلق ۋە ھەربى خىزمەت قىلىدىغان ۋەقپلار،
5. ئىجتىمائىي خىزمەت،
6. كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغان ۋەقپلار،
7. تەنتەربىيە خىزمىتى قىلىدىغان ۋەقپلار،
8. ھايۋانلارغا خىزمەت قىلىدىغان ۋەقپلار.

بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەردىن بەزىلىرى تۇل ئايال ۋە يېتىم بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆي سېلىش، يېتىم بوۋاقلارغا سۈت ئانا تېپىش، ھېيت-بايراملاردا بالىلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن توپ ئېتىش، خەلقنىڭ سودا-سېتىقتا ئالدىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بازار، دۇكانلارغا تارازىلارنى قويۇش، يوقسۇل قىزلارغا تويلۇق تەييارلاش، توينى قىلىش، تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلارغا ھەر خىل ياردەملەرنى قىلىش، ئىشلىيەلمەيدىغان ياشانغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىش، خەلققە پايدىلىق كىتابلارنى يازدۇرۇش، ھەقسىز تارقىتىش، قىشتا گۆش باھاسىنىڭ يۇقىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يېمەك يېگۈزۈش، يوقسۇللارغا ئۇتان، كۆمۈر ئېلىپ بېرىش، ئىسسىق كۈنلەردە شەربەت، سوغۇق سۇ، قار تارقىتىش، بالىلار ئۈچۈن ئويۇن يەرلىرىنى قۇرۇش، بالىلارغا كىتاب ئېلىش، يېتىملەرگە ئايلىق باغلاش، ئەسكەرنى جابدۇش، ئارمىيەگە ياردەم قىلىش، قىشتا ئۆتكىلى بولمايدىغان يەرلەرگە كەملەر قېزىش، يوللاردا خەلققە زىيان سالىدىغان، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالىدىغان پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش، قىش ئايلىرىدا قۇش، كېسەل تۇرنالارنى بېقىش، داۋالاش، ئىگىسىز ئىت ۋە مۈشۈكلەرنى تويغۇزۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ۋەقپلەر ئاناتولىيەنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. تۈرك


قۇش ئۆيى

دۇنياسىدا سىياسى، دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدىنىي ھەمكارلىقنىڭ ئورنىتىلىشىدىمۇ ۋەقىپلەر مۇھىم رول ئوينىغان.

### ۋەقىپلەرنىڭ باشقۇرۇلىشى

ۋەقىپلەر ۋەقىپ بەلگىلىگەن مۇتەۋەللى ھەيئەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. مۇتەۋەللى ھەيئەت ۋەقىپنى ئەركىن ئىرادىسى بىلەن باشقۇرۇش بىلەن بىرلىكتە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولغان قازىغا ھېساب بېرىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىدە ۋەقىپلەر قازىلار ۋاستىسى ئارقىلىق شەيخۇل ئىسلام تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. سۇلتان 2-ماخمۇت 1826-يىلى ۋەقىپلەرنى مەقسىدىگە ئۇيغۇن باشقۇرۇدىغان ئەۋقاپى ھۇمايۇن نازارىتى قۇرغان. جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە ۋەقىپلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن ۋەقىپلەرنىڭ مەقسىدىگە ئۇيغۇن خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن بەزى تۈزىتىشلەر قىلىنىپ، 1924-يىلى 30-مارتتا ۋەقىپلەر باش ئىدارىسى قۇرۇلغان. كۈنىمىزدە ۋەقىپلەر بۇ ئاساسى پرىنسىپلار ئاساسىدا باشقۇرۇلماقتا.

### بەزى ۋەقىپلەرنىڭ خىزمەتلىرى

**ئىمارەتخانىلار:** دەسلەپتە يوقسۇل ۋە يولۇچىلارغا تاماق بېرىدىغان ئاشخانا سەۋىيەسىدىكى ئىمارەتلەر، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن جامى، مەدرىسە، دوختۇرخانا، مەكتەپ، كارۋان-ساراي، كۈتۈپخانا، خانىقا ۋە ھاممامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك تىپتىكى بىر كۇللىيەگە ئايلانغان.

ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ ھەر تەرىپىدە كۆرۈلىدىغان ئىمارەتلەر ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتلەردىن بىرى ئوسمانلى دۆلىتىدۇر. ئوسمانلى دۆلىتىدە تۇنجى ئىمارەتخانىنى ئىزنىكتە ئورخان بەي (1326-1359) قۇرغان. ئىمارەتخانىنىڭ خىزمەت ساھەسى ناھايىتى كەڭ بولۇش بىلەن بىرگە ئاساسى ۋەزىپىسى تاماق بېرىش ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىستانبۇلدىكى ئىمارەتخانىلاردا كۈنىگە 30.000 مىڭ يوقسۇلغا يېمەك تارقىتىپ بەرگەن. بەزى ئىمارەتلەر يېمەك بىلەن بىرگە موھتاجلارنىڭ كىرىمگە قاراپ كىشى بېشىغا ئۈچتىن 10 ئاقچىغىچە پۇل بەرگەن. يېمەك مۇلازىمىتىنىڭ سۈپەتلىك بولىشىغا دىققەت قىلىغان. يېمەكلەرنىڭ سۈپەتلىك بولىشى ئۈچۈن ئۇستا ئاشپەزلەر چاقىرىلغان. مەسىلەن، ئىستانبۇل ئىدارىسى بىر قېتىم بۇرسادىكى بىر ئىمارەتتە تارقىتىلغان يېمەكنىڭ بوزۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇرسا قازىسىغا مەكتۇپ يېزىپ، يېمەكلەرنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى، ئەڭ ياخشى گۆشنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

### كارۋان ـ سارايلار

كارۋان ـ سارايلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە خىزمەت قىلىدىغان ۋەقىپ ئورگىنىدۇر. كارۋان ـ ساراي ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كېلىپ، ئىراندا تەرەققى قىلىپ، تۈركىيەدە مۇكەممەللەشكەن. تەخمىنەن 40 كىلومېتىر مۇساپىدە قۇرۇلغان كارۋان ـ سارايلار دىن، تىل، ئىرق، رەڭ ئايرىماي رىزىق ئىزدەپ يولغا چىققان تىجارەتچىدىن باشلاپ ھەممە ئادەمگە خىزمەت قىلغان. كارۋان ـ ساراي يولۇچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ياتاق ئېھتىياجىنى ھەمدە يول بىخەتەرلىكىنى ساقلىغان.

### دوختۇرخانىلار

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى دوختۇرخانىلاردۇر. چۈنكى ئىسلام ئىنسانلارنىڭ جان ۋە سالامەتلىكىنى ئاسراشنى ئاساسىي مەقسەتلەردىن بىرى قىلىدۇ. دوختۇرخانىلار ئايرىملىق قىلماي ھەممە ئادەمگە خىزمەت قىلغان.

## 4.8. فۇتۇۋۋەت ۋە ئاھىلىق

كىلاسسىك دەۋرلەردە ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشلار تەشكىلاتى بولغان فۇتۇۋۋەت ياش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان فەتا سۆزىدىن كېلىدۇ. باغدادتىن باشلاپ بۈيۈك ئىسلام شەھەرلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان بىكار تەلەپ ياشلار فۇتۇۋۋەت تەشكىلاتىغا توپلانغان. بۇ تەشكىلات باشلانغۇچتا تەسەۋۋۇپ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ كەسپىي ئورگان شەكلىگە ئۆزگەرگەن.

فۇتۇۋۋەت مۇنداق ئىزاھلانغان: «بىر ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇتىشى، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرمەسكە سېلىشى، ئۆزۈر تىلەشكە سەۋەپ بولىدىغان ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرۇشى، جاپا ـ مۇشەققەتكە سەبرى قىلىشى، ئۆزىنى تۆۋەندە، باشقىلارنى يۇقىرىدا كۆرىشى، ۋەدىسىدە تۇرۇشى، سادىق بولىشى، شەكىلۋاز بولماسلىقى، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىكى قاتارلىقلار.»

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان باغداتتىكى فۇتۇۋۋەت تەشكىلاتى ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن ناسىر لىدىنىللاھ (1180 ـ 1225)نىڭ قاتنىششى بىلەن بۈيۈك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. خەلىپە ئەتراپىدىكى ھۆكۈمدارلارغا مەكتۇپ يېزىپ دۆلەتلەردە فۇتۇۋۋەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئاناتولىيە سەلجۇق سۇلتانى 1 ـ ئىززەتتىن كەيكاۋۇس 1213 ـ يىلى فۇتۇۋۋەت تەشكىلاتى قۇرغان. 1 ـ ئالائاددىن كەيكۇبات (1219 ـ 1236) فۇتۇۋۋەتنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرغان. بۇ تەشكىلات ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئاھىلىق نامى ئاستىدا بىر كەسپىي (ھۈنەرۋەن) تەشكىلاتىغا ئايلانغان. ئاخى ئەرەبچىدە «قېرىندىشىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تۈركچىدىكى «ئاقى» سۆزىدىن ئېلىنغانلىقى

ئېيتىلماقتا. ئاناتولىيەدە ئاھىلىقنىڭ قۇرغۇچىسى خەلق ئارىسىدا ئاھى ئەۋرەن دەپ ئاتالغان شەيخ ناسىرۇددىن ماخمۇتتۇر. (ۋاپاتى 1262) ئۇ ئالائاددىن كەيكۇباتنىڭ ياردىمى بىلەن ئاھىلىقنى تەشكىللاتلاندۇرغان.

ئاھىلىق تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت تەرتىپى ئۇستا، ياردەمچى ۋە شاگىرتلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. شاگىرتلىقتىن باشلاپ تەشكىلاتتا يۇقىرى ئۆرلەشتە ھۈنەر قابىلىيىتى شەرت قىلىنغان. شاگىرت ھۈنەرنى ياخشى ئۆگەنمىگىچە دۇكان ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. ھەر ھۈنەردىن ھۈنەرۋەن، دۇكان سانى، ئىش سايمانلىرى ۋە بايما دۇكانلىرى چەكلىك تۇتۇلۇپ، ئېھتىياجغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىلغان.

ئاھىلىقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئاساسى پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاھىنىڭ مۇتلەق بىر ئىشى بولۇشى كېرەك.
2. ئاھى ھەمكارلىششچان بولۇشى كېرەك.
3. ئاھى تەشكىلاتى خىزمەت ۋە سەرمايە بازىرىنى تەرتىپكە سېلىشى كېرەك.
4. ئاھى داۋاملىق مۇقىملىقنى ساقلىشى كېرەك.

# 8 ـ باپ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرلىرى

## 1. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلۈك سىستېمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى

تارىختا دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە، ھەر خىل دەۋرلەردە مىسىر، ئاناتولىيە، سۇمەر، جۇڭگو، ھىنت، ئىسلام ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرىگە ئوخشاش كۆپ ساندا مەدەنىيەتلەر قۇرۇلغان. بۇ مەدەنىيەتلەردىن بىر قىسمى مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقان بولسا، بىر قىسمى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىش، تەرەققى قىلىش، يۇقىرى پەللىگە چىقىش، توختاپ قېلىش، قايتىدىن تېرىلىش قاتارلىق باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەۋجۇدلۇقىنى كۈنىمىزگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ھەر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن، يۇنان مەدەنىيىتى ئەقلنى، ھىنت مەدەنىيىتى مىستىتىزمنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى ئۆزىگە خاس يەنى ۋەھيي، ئەقىل ۋە ھېس ـ تۇيغۇنى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن ئىشلەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنساننى مەركەز قىلغان بىر مەدەنىيەتتۇر. ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرئاننىڭ ئاساسى تېمىسى بولغان ئىنساننى مەركەز قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ئىچىدە تەرەققى قىلغان بىلىم، سەنئەت، ئەدەبىيات قىسقىسى ھەر ساھەدىكى يېڭىلىق ۋە كەشپىياتلار ئىنساننىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانلارنى قۇرئان پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ھوقۇق، مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇشنى، بۇ خىل ھوقۇق، مەسئۇلىيەتلىرى بىلەن شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى تەركىپچى بىر مەدەنىيەتتۇر. بۇ مەدەنىيەت قەدىمقى مەدەنىيەتلەر قۇرۇلۇپ، يۇقالغان ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا تۇپراقلىرىنىڭ بىر قىسمىدا بارلىققا كەلگەن. مۇسۇلمانلار بۇ زېمىندا ئۇچراشقان مەدەنىيەت ۋە ھازاراتلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ يېڭى بىر بىرىكمە ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، يۇنان مەدەنىيىتىدىن پەلسەپە، پارس مەدەنىيىتىدىن تىب، ھىنت مەدەنىيىتىدىن ماتېماتىكا قوبۇل قىلغان. لېكىن بۇنداق قوبۇل قىلىش ئاددى بىر تەقلىد ياكى كۆچۈرۈش بولمىغان. مۇسۇلمانلار بۇلارنى ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ھالەتتە، ئۆزىنىڭ

بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېڭى بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇللاشقان.

ئىسلام مەدەنىيىتى بىر شەپقەت مەدەنىيىتىدۇر. ئۇ ئىنساننىڭ جېنى، مېلى، ئەقلى، دىنى ۋە نەسلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنسان ئەقىدىسى، چۈشەنچىسى، ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن بەختلىك ياشاش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىدۇ. ئەينى غەيرەتنى مۇھىت ۋە تەبىئەتكىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھازاراتلىرىغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ھەتتا ئۇلاردىن قوبۇل قىلغان بەزى مەدەنىيەتلەرنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ خىزمىتىگە تەقدىم قىلغان. فەتھە قىلىنغان زېمىنلاردا ئۇچراشقان پەلسەپە، ماتېماتىكا، تىب قاتارلىق پەنلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ئەينى شەكىلدە ئىسلام مەدەنىيىتى ھاكىم بولغان يەرلەردىكى قەدىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ دوستانە يېقىنلاشقان. مۇسۇلمانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جامى، چىركاۋ، ھاۋرا (يەھۇدى ئىبادەتخانىسى)نى بىر قاتاردا بىنا قىلىشتىن قورقمىغان. ئەنقەرەدە بىر-بىرىگە يېقىن تۇرغان ھاجى بايرام جامىسى بىلەن ئوگۇست ئىبادەتخانىسى بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالىدۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەر خىل ئىرق ۋە مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتىدۇر. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈنىمىزغىچە يېتىپ كېلىشىدە ئەرەب، پارىس، تۈركلەردىن باشلاپ پۈتۈن مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئورتاق تۆھپىسى بار. ئىسلام مەدەنىيىتى بۇ خىل ئالاھىدىلىگى بىلەن ئىشتىراكچى ۋە كۆپلۈك ئۈستىدە ئۆرلەۋاتقان ئالەمشۇمۇل بىر مەدەنىيەتتۇر.

## 2. غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىسلام مەدەنىيىتى غەربكە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)، ئىتالىيە، سىجىلىيا ۋە ناپولىغا تۆۋەندىكى يوللار بىلەن يېتىپ بارغان.

1. ئىسلام دۇنياسىغا كېلىپ، مەدرىسلەردە ئوقۇش،
2. مۇسۇلمانلار يازغان ئەسەرلەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش،
3. ئۇرۇش ۋە تىنچلىق يولى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىش، (دىپلوماتلار، ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ كۆزىتىشلىرى)
4. ئىشغال قىلغان ئىسلام تۇپراقلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆرۈش ۋە تونۇشۇش. (ئەندەلۇس ئىسلام مىراسىنىڭ ئىسپانىيەنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىگە ئوخشاش)

شۈبھىسىزكى، ئەندەلۇس ياۋروپالىقلار ئاسان كېلەلەيدىغان ۋە ياۋروپاغا يېقىن بولغان بىر ئىسلام توپرىقى ئىدى. ياۋروپالىقلار 9-ئەسىردىن باشلاپ ئەندەلۇس ئەمەۋىيلىرىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ياۋروپا دىن ئادەملىرى ۋە زىيالىيلار ئەندەلۇس مەدرىسلىرىگە كېلىپ ئوقۇغان. ئەينى شەكىلدە ئىسپانىيەلىكلەر ئەندەلۇسنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ۋە بىلىم مىراسىنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، ئىسپانىيەلىكلەر 1085-يىلى تولەدونى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا زەركالىنىڭ بۇ يەردە قۇرغان رەسەتخانا ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىگىمۇ ئىگە چىققان.

مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى تەرجىمىلەردۇر. تىپىكى مۇسۇلمانلار بىر ۋاقىتلاردا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلغىنىغا ئوخشاش، ياۋروپالىقلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان. تەرجىمىدە سىجىلىيا ۋە ئىسپانىيە مەركەز قىلىنغان. 12-ئەسىردە ئىسپانىيەدىكى تولەيتولا (تولەدو) باش ئېپىسكوسى مۇسۇلمان، خرىستىئان ۋە يەھۇدى تەرجىمانلار ئىشلەيدىغان بىر تەرجىمە مەكتىۋى قۇرغان. بۇ يەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىب، خىمىيە، فىزىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئەينى شەكىلدە 13-ئەسىردە ئىشبىلىيە (سەۋىللا) مۇرسىيە (مۇرسىئا)دىمۇ تەرجىمە مەكتەپلىرى قۇرۇلغان. ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئىسلام مەدەنىيىتىگە ھەيران قېلىپ، سىجىلىيادا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرگەن پادىشاھ 2-روگەر ۋە 2-فرەدرىك مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان. 2-فرەدرىكنىڭ 1224-يىلى ناپولىدە قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام چۈشەنچىسىنى غەربكە تونۇتىدىغان بىر ئاكادېمىيە بولغان.

ياۋروپالىقلار بۇ تەرجىمىلەر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كىلاسسىك يۇنان پەلسەپىسىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ چۈشەنچە ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەن. سىسكولاستىك (ئوتتۇرا دەۋر) قاراشنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بوغۇلۇۋاتقان ياۋروپا ئۈچۈن بولۇپمۇ مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ دىن بىلەن بىلىمنى بىرلەشتۈرگەن چۈشەنجىلىرى ئۇلار ئۈچۈن نىجاتلىق يۇلتۇزى بولغان. بۇ تارىختىن باشلاپ ياۋروپادا ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىلىپ ئىلگىرىلەش باشلىنغان.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. پەلسەپە**: ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن بىرى پەلسەپەدۇر. كىندى، فارابى، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد، خارەزمى، ئىبنى خەلدۇن قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ياۋروپادا ھۆرمەت بىلەن ئوقۇلغان. ئىبنى رۇشدنىڭ ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپىلىرى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۇزۇن يىللارغىچە ئوقۇتۇلغان.

**2. تىب:** ئىسلام تىبابىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئەسىردە تىب ئىلمى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ناھايىتى ئىپتىدائى ئىدى. 12-ئەسىرگىچە ياۋروپالىقلار كېسەللىكنىڭ ئىنسانغا كىرگەن شەيتاندىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە داۋالاش ئۈچۈن دىنى زاتلارنىڭ دۇئاسىغا مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇلار ئىسلام دۇنياسىنى تونۇغاندىن كېيىن بۇ قارىشىدىن ۋازكەچكەن. بولۇپمۇ مەشھۇر مۇسۇلمان تىبابەت ئالىمى ئەبۇ بەكرى رازىنىڭ «ئەل ھاۋىسى» بىلەن «كىتابۇل جەدەل ۋەل ھىسابە» ناملىق ئەسىرى ۋە ئىبنى سىنانىڭ «ئەل قانۇنى پىت تىب» ناملىق ئەسىرى غەرب مېدىتسىنا ساھەسىدە ئۇزۇن يىللارغىچە ئاساسلىق تىب كىتابى بولۇپ مۇراجىئەت قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ياۋروپا مېدىتسىناسىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

**3. ماتېماتىكا:** ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپاغا ماتېماتىكا ساھەسىدىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ماتېماتىكىدىكى ئىجاد ۋە رەقەم سىستېمىسى ئىدى. كۈنىمىزدە ياۋروپا تىللىرىدا مەۋجۇد بولغان ماتېماتىكىغا ئائىت ئۇقۇملاردىن ئالگېبرا سۆزى جەبىر كەلىمىسىدىن، ئىنگلىزچىدىكى زېرو (نۆل) كەلىمىسى نۆل كەلىمىسىدىن كېلىپ چىققان. مۇسۇلمانلار نۆل رەقىمىنى كەشىپ قىلىپ، ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بۈيۈك تۆھپە قوشقان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە جەبىرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇۋاپپەقىيەت ساھەلىرىدىن بىرى ئىدى. ياۋروپا مەدەنىيىتى مۇسۇلمان جەبىر (ئالگېبرا) ئالىملىرىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ماتېماتىكىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان. خارەزمىنىڭ جەبىر كىتابىنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىلمي تەرەققىياتىنى تېزلاتقان. ياۋروپا ئىسلام رەقەملىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئىشلىتىشكە سان بولىدىغان بىر رەقەم سىستېمىسى بولمىغاچقا سانلارنى رىملىقلارغا ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن كۆرسەتكەن. بۇ سەۋەپتىن بۇ سىستېمىدا يۇقىرى سەۋىيەدە ماتېماتىكا بېلىمى تەييارلاش ئىمكانسىز ئىدى. غەربلىكلەر مۇسۇلمانلاردىن ئالغان رەقەم سىستېمىسى بىلەن ھازىرقى زامان ماتېماتىكا ۋە پەن بىلىملىرىنى تەرەققى قىلدۇرغان.

**4. گۈزەل سەنئەت:** ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپالىقلارغا گۈزەل سەنئەت جەھەتتىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئىسلامنىڭ چىنى قىش سەنئىتى فرانسىيە ۋە ئىتالىيەگە بارغان. ئىتالىيىلىك رەسساملار ئىسپانىيەگە كېلىپ چىنى قىش سەنئىتىنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن.

**5. ئەدەبىيات:** ئىسلام ئەدەبىياتىمۇ غەرب ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ بېشىدا كۈنىمىزدىكى غەرب ئەدەبىياتىدا فابىل (fabil) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرنىڭ بولۇشىدۇر. بۇ ساھەنىڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىدىن لافونتاينە (La Fontaine) شەرق كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «كەلىمە ۋە دېمنە» ناملىق مەشھۇر ئەسەردىن

پايدىلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېراجى ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىياتمۇ غەربتە ئالقىشقا ئېرىشكەن. دانتە «دىۋىنا كومەدىئا» (divina commedia) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئىسلامنىڭ مېراج ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىپ يازغان.

**6. تىل**: ھەر خىل ساھەدىكى كۆپلىگەن ئىسلامى ئاتالغۇلار غەرب تىلىغا كىرگەن. مەسىلەن، ئىسپانچىغا كىرگەن سۆزلەردىن بەزىلىرى: ئەلقائىدە (alcaide) قۇماندا مەنىسىدە كېلىدىغان ئەل قائىد كەلىمىسىدىن؛ ئالفەرەز شاۋۋى (ھەربى) مەنىسىدە كېلىدىغان ئال فرىس كەلىمىسىدىن؛ لائۇد، ئۇد مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەل ـ ئۇد كەلىمىسىدىن؛ تاپىئا خىش مەنىسىدە كېلىدىغان ئەلتاپىيە سۆزىدىن ۋە ئازۇگۇئە، دۇكان، بازار مەنىسىدە كېلىدىغان ئەسسۇق كەلىمىسىدىن ئېلىنغان. بۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش مۇمكىن.

**7. پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىساد**: ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپا سانائەت تۈرلىرى ۋە يېزائىگىلىك ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ياۋروپالىقلار ئىسلام دۇنياسىدا تەرەققى قىلدۇرۇلغان بەزى سانائەت تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ بېشىدا ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەردىن قەغەز ئىشلەپچىقىرىش، مىلتىق دورىسى، كومپاس، مەتبە ۋە توقۇمىچىلىق كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن شىكەر قومۇشى، گۈرۈچ، بۇغداي، پاختا ۋە پورتىكالمۇ ئەندەلۇس ئارقىلىق غەربكە بارغان.

## 3. بالقان رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىسلام مەدەنىيىتى ئەسىرلەر ئىلگىرى بالقانغا دېڭىز يولى بىلەن كىرگەن. ئاق دېڭىزدىن كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەر بۇ يەرلەرگە ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن. ئىسلامىيەتنىڭ بالقاندىكى مۇقىملىقى ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ غەيرەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ئوسمانلى دۆلىتى تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى بۇ جۇغراپىيىگە ھاكىم بولغان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ئەھمىيەتلىك ئىزلارنى قالدۇرغان.

ئىسلامىيەت بالقان خەلقلىرىدىن ئالبان، بوشناكلاردىن باشلاپ كۆپلىگەن مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە تارتقان. مۇسۇلمان بولغان بۇ خەلقلەر ئەنئەنىۋى بالقان مەدەنىيىتىنى ئىسلامىيەت بىلەن يېڭىدىن يوغۇرۇپ ئۆزىگە خاس بىر ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتى بالقانلاردا ياشايدىغان مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان.

ئىسلامىيەت بالقانلارغا ئالدىدا كەڭ-قورساقلىقنى ئېلىپ كەلگەن. ئوسمانلىلار دەۋرىدە تەرەققى قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەپۇچانلىقى، بالقان رايونىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ھۇزۇر ۋە مۇقىم بولىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

مۇسۇلمان تۈركلەر يەرلىك مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلغان. قەتئى يوقۇتۇش ياكى بۇزۇۋېتىش خىيالىدا بولمىغان. مۇسۇلمانلاردىكى بۇ خىل كەڭ-قورساقلىق 1990-يىلى يۈز بەرگەن بوسنا-ھەرسەك ئۇرۇشىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەن. سىرپلار ئۇرۇش جەريانىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بۇلاپ-تالىغان. سىرپىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ئالدىدا مۇسۇلمانلار قەتئى بالقان مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇش، بالقان خەلقلىرىنىڭ تارىخ مىراسى ۋە باشقا مەدەنىيەتلىرىنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنمىغان.

ئىسلامىيەتنىڭ بالقان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ساھەلەردە روشەن كۆرۈلگەن.

ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى ناھايىتى روشەن بولغان. ئىسلام بالقان رايونىغا بىر دىن سۈپىتىدە كىرمەستىن بەلكى بىر تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە كىرگەن. بۇ جۇغراپىيىدىكى ئالبان، بوشناك، بۇلغار، قاراداغلىق، ماكېدون، سىرىپ ۋە يۇنانلار تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بالقانغا بارغانلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتتا بالقان رايونىنىڭ ئاناتولىيە مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

بالقانلاردا بولۇپمۇ بوسنىيە (بوسنا-ھەرسەك)، يۇگوسلاۋىيەدە مۇسۇلمان بولسۇن، بولمىسۇن ساياھەتكە چىقىدىغان بىر ئادەمنىڭ يېقىن ياكى خوشنىلىرى ئۇنى زىيارەت قىلىپ ئۆيىگە كەلگەندە گىلەم ياكى ئەدىيالىنىڭ ئاستىغا بىر ئاز پۇل قويۇپ «ئاق يول بولسۇن» دەيدۇ. ئەسلىدە بىر تۈرك ئەنئەنىسى بولغان بۇ ئادەتنىڭ مەقسىدى سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئادەمگە ماددى ياردەم قىلىش ئىدى. بالقان خەلقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆي ياساش ۋە زىننەتلەشتە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەقلىد قىلغان.

تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى تەخەللۇسلاردىمۇ ئوچۇق كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بەزى خرىستىئان ئائىلىلەر مۇسۇلمان تۈرك ئىسمى بولغان «مۇتادوۋىچ»، «قويۇندىچ» قاتارلىق شەرق مەنبەلىك تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن. بۇ ئائىلىلەردىن ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ بىر قىسمى «باققالوۋىچ» (دۇكان) «تەرزىچ»(تىككۈچى) «قۇيۇمجى» (زەرگەر) قاتارلىق تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بالقاندىكى خرىستىئانلارنىڭ دىنىي ئاتالغۇلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. سىربىستاندا 19-ئەسىردە قۇددۇسنى زىيارەت قىلغان خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش «ھاجى» دەپ چاقىرىلغان. مۇقەددەس ماكانلىرى كەبىنىڭ يەرلىك ئاتىلىشىدا «كەبە» (cabe)دەپ ئاتالغان.

بالقان تىللىرىغا كۆپ ساندا تۈركچە سۆزلەرمۇ كىرگەن. كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردە تەخمىنەن 30%، 40% ئەتراپىدا تۈركچە كەلىمىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇمدۇر. بولۇپمۇ بوشناكچىغا كۆپ مىقداردا تۈركچە سۆز كىرگەن. مەسىلەن، كۈنىمىزدە بوشناكلار ئىشلىتىدىغان شورپا، بەرەكەت، ساباھ (ئەتىگەن) ۋە دۇكان قاتارلىق سۆزلەر تۈركچىدىن كىرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنغان بىر سىربچە لۇغەتتە 8.000 دىن 10.000 غىچە تۈركچە كەلىمىلەرنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ رايۇندا سەنئەتكار ۋە سودىگەرلەرنىڭ تەشكىللىنىشىدىمۇ تۈركلەرنىڭ تەسىرى مەۋجۇد. كۈنىمىزدە بوسنادا «ئاياقچىلار يولى» ناملىق بىر يول بار. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رايۇندىكى دۆلەتلەرنىڭ بەزى شەھەرلىرىدىكى «بەدەستەن» ۋە «بىزىستانلار» ئەينى ئەنئەنىنىڭ داۋامىدۇر. ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى باشقا بىر ئەنئەنە فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئىستانبۇلنى فەتھە قىلىش ئالدىدىكى مۇسۇلمان تۈرك ئۇقەتچىلىرىدا كۆرگەن ئېسىل ئەخلاقتۇر. بالقان دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە ئەگەر بىر دۇكان ئەتىگەن دەسلەپ قىلغان بولسا ئىككىنچى مۇشتەرىگە: «مېنىڭ يېنىمدىكى دۇكاندىن ئېلىڭ، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە دەسلەپ قىلمىدى» دەپ مۇشتىرىنى دۇكان قوشنىسىغا ئەۋەتىدۇ.

بالقان رايۇنىدا كۆپ ساندا تۈرك ئىسلام بىناكارلىق ئەسەرلىرى بىنا قىلىنغان. بۇلار شەھەرلەرنىڭ ۋە باشقا ئولتۇراق مەركەزلىرىنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلغان. بالقاندىكى كۆپلىگەن شەھەرلەر ئوسمانلى ھاكىمىيىتى بىلەن ياۋروپادىن ئىلگىرى سۇ توسمىلىرى ۋە قانال قاتارلىق ئاساسى سۇ قۇرۇلۇشلىرىغا ئىگە بولغان. بالقان دۆلەتلىرىدە ئىبادەتخانا، خانىقا، مازار، بازار يەرلىرى، زەرگەر بازىرى، ئۈستى يېپىق بازارلار، سائەت راۋاقلىرى، ھامماملار، ئۆتەڭ، كارۋان ـ ساراي قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلماقتا.

بالقان مىللەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئىسلام مىراسى ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ. بۇلاردىن بىرىنى مىسالغا ئالساق، خىرۋات مەدەنىيىتىگە قارىغان ۋاقتىمىزدا ئاجايىپ ئالامەتلەرنى كۆرەلەيمىز. بالقان تىللىرىغا ئوخشاش خىرۋات تىلىغىمۇ تۈركچە سۆزلەر كىرگەن. كۈنىمىزدە خىرۋاتىستاندا رەسمىي ئالاقىلاردا بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردە تۈركچە سۆزلەر ئىشلىتىلمەكتە. تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ھايات شەكلى كۆپلىگەن خىرۋات شائىرلىرىغا ئىلھام مەنبەسى بولغان. مەسىلەن، مەشھۇر خىرۋاتىستان شائىرلىرىدىن ئىۋان گۇندۇلىق (ۋاپاتى1638) 2 ـ ئوسماننىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەپ، ئوسمان نامىدا بىر شېئىر يازغان. ئەينى شەكىلدە ئىۋان مازۇرانىچ 1846 ـ يىلى ئىسمائىل ئاغا چەمگىچنىڭ ۋاپاتى (smrt smail

(age cengica) ناملىق خاسلىق ۋە مۇستەقىللىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ئېپىك بىر شېئىر يازغان. بۇنىڭ يېنىدا ئوسمانلى ۋەنەدىك چېگرا ئۇرۇشىنى تېما قىلغان شېئىرلارمۇ بار. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىردە جەنۇبى دالماچىيادا قەلەمگە ئېلىنغان ھەسەن ئاغىنىڭ ئايالى (Hasanaginica) ناملىق شېئىر بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدۇر.

## 4. ھىندىستان ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىسلام مەدەنىيىتى ھىنت ۋە چىن (جۇڭگو) مەدەنىيەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار 712 ـ يىلى ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ھىندىستانغا كىرگەن. لېكىن بۇ جۇغراپىيىدە ئىسلامنىڭ سىياسى ھاكىمىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسلىق تۈركلەر تەرىپىدىن تەمسىل قىلىنغان. ھىندىستاندا غەزنەلىك ماخمۇت بىلەن 11 ـ ئەسىردە باشلىغان تۈرك ھاكىمىيىتى 16 ـ ئەسىردە بابۇرىلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن. بۇ ۋاقىتلاردا ھىندىستان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. ھەتتا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان تاج ماھالغا ئوخشاش ئەسەرلەر بۇ تۇپراقلاردا ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىسلام ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ھازارىتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ھەتتا بۇ تەسىر دىنىي ساھەلەرگىچە كىرگەن. ھىندىستاندا بولۇپمۇ، كۆپ خۇدالىق ۋە قاست سىستېمىسىدىن بىئارام بولغان مەلۇم خەلق پەيدا بولغان. بۇ خەلق چىقىش يولى ئىزدەپ ئىجتىمائىي جەھەتتە باراۋەرلىكنى ئاساس قىلىدىغان ۋە بىر ئاللاھقا ئىشىنىشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىسلامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىسلامنىڭ روشەن ۋە چۈشىنىشلىك ئاللاھ ئەقىدىسى ھىندۇلارنى ئۆزىگە تارتقان. بۇ تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە ناناق (ۋاپاتى 1539) ئىسلامنىڭ بەزى تەۋسىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىخ دىنىنى ئىجاد قىلغان. ناناق ھىندۇئىزمنىڭ ئاساسى بولغان كۆپ خۇدالىق، بۇتپەرەسلىك، قاست سىستېمىسى ۋە بەزى ئادەتلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىسلامغا مۇراجىئەت قىلغان. ناناق ئىسلام مۇتەسەۋۋۇپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەبلىغ ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلامنىڭ بىر ئاللاھلىق ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئاللاھ بىردۇر، ئەبەدىيدۇر، كۆرۈنمەيدۇ، سۆز بىلەن ئاڭلاتقىلى بولمايدۇ. ھەر يەردە ھازىر ۋە بەندىلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.» ناناق قاس سىستېمىسىغا قارشى چىقىپ، ئىسلامىيەتنىڭ تەقۋا پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىگى ۋە ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان جۇڭگوغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ جۇغراپىيىدە ئىسلام بىر تەرەپتىن يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنى قولغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئادەتلىرىنى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە

كۆتىرىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئامىللىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا توشىغان.

ئىسلامىيەت جۇڭگوغا 7-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا كىرگەن. ھەزرىتى ئوسمان مىلادى 651-يىلى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت ئەۋەتكەن. بۇ تارىختىن كېيىن بولۇپمۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەر جۇڭگوغا قىلغان سەپەرلىرى جەريانىدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان. بولۇپمۇ 751-يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن سىياسى مۇناسىۋەت قىسمەن ئۈزۈلسىمۇ ئەمما ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت داۋاملاشقان. جۇڭگودا ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ ئەڭ جانلىق ئۆرنىگى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بولغان. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى «خۇي خۇي» دېيىلگەن. بۇ سۆز ئۇيغۇر سۆزىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىشىدىن كېلىپ چىققان. مۇسۇلمانلار بۇ تۇپراقلاردا جۇڭگو ئاياللىرى بىلەن ئۆيلىنىپ، قۇدا-باجا بولۇش بىلەن بىرگە ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. يەرلىك مۇسۇلمان ۋە سىرتتىن كەلگەن مۇسۇلمانلار جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ساھىلىدە كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان. خەنزۇلار بۇ مۇسۇلمان مەھەللىسىگە فاڭ-فاڭ (ئەجنەبى) دەپ نام بەرگەن. بۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ خەنزۇلىشىش بىلەن بىرلىكتە كۈنىمىزدە جۇڭگو تۈرك ئىسلام مەنبەلىك كۆپلىگەن ئىسىم ۋە فامىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئىسلام مەدەنىيىتى جۇڭگونى مەدەنىي ساھەلەردىمۇ تەسىرى ئاستىغا ئالغان. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە يېڭى ئامىللار قوشقان. ئەسلى مۇسۇلمان بولغان ئەدەبىياتچى، سەنئەتكار ۋە ئالىملار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئەسلى ئىسمى تەخمىنەن رىزا بولغان مەشھۇر لىيەنشىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىياتچىسى ئىدى.

ئىسلام مەدەنىيىتى جۇڭگوغا ئەڭ كۆپ يۈئەن سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىر كۆرسەتكەن. موڭغۇل يۈئەن سۇلالىسى (1271-1368) جۇڭگونى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان ۋاقتىدا قۇبىلاي خان (1260-1294) پايتەختنى تاتۇ يەكنىگە يۆتكىگەن.

قۇبىلايخان موڭغۇللارغا نىسبەتەن مەدىنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان جۇڭگولۇقلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراندىن مۇسۇلمان ۋە تۈركلەرنى سارىيىغا چاقىرىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان. ھاكىمىيەت تەجرىبىسى مول بولغان بۇ سىنىپ ئىسلامنىڭ باج سىستېمىسى، تىجارەت ۋە ھاكىمىيەت تەجرىبىسىنى جۇڭگوغا تونۇتقان.

مۇسۇلمانلار باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن. قۇبىلاي مۇسۇلمان دوختۇر ۋە سەنئەتكارلارنى جۇڭگوغا چاقىرىپ ئىسلام بىناكارلىقى ۋە مېدىتسىناسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ بۈيۈك شەھەرلىرى تاتۇ ۋە شاڭتۇدا مۇسۇلمان دوختۇرلار ئىشلەيدىغان بىر دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا دورىخانىلاردا مۇسۇلمان ھېكىم ۋە دورىگەرلەر ياسىغان دورىلار سېتىلغان. مۇسۇلمانلار جۇڭگو بىناكارلىقىغىمۇ مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. پايتەخت تاتۇنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسىدە مۇسۇلمان قۇرۇلۇشچىلار ۋەزىپە ئالغان.

مۇسۇلمانلار ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگولۇق مۇسۇلمان شائىرلار بۇ دەۋردە شېئىرلار يازغان. ھەتتا بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاھاڭغا سېلىنغان. يۈەن سارايىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە ئەسەرلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ دەۋردە ئىسلام ھۆرمەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن 1289 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن تىل ۋە يېزىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىسلام يېزىق ئىنىستىتوتى قۇرۇلۇپ، تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈلگەن.

مۇسۇلمانلار جۇڭگونىڭ بىلىم ۋە پەن ـ تېخنىكىسىغىمۇ تۆھپە قوشقان. 1267 ـ يىلى تۈرك مىللىتىدىن بولغان ئاسترنوم جامالەتتىن جۇڭگو يۈەن سارىيىغا تەكلىپ قىلىنغان. جامالەتتىن ئاسترونومىيەگە ئائىت سايمانلارنى ئېلىپ ئىسلام ئاسترونومىيە تېخنىكىسى، تەجرىبىسى ۋە سىناقلىرىنى جۇڭگولۇقلارغا ئۆگەتكەن. قۇبىلاي تەرىپىدىن 1271 ـ يىلى ئاسترنومى دەرسى بېرىدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلغان.

جۇڭگولۇق ئاسترونوم گوشوچىڭ جامالەتتىنگە ئوقۇغۇچى بولغان. ئۇنىڭ نازارىتىدە ئىسلام دۇنياسىدىكى ھېسابلاشلاردىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا ئۇيغۇن سايمانلارنى ئىشلەپ چىقارغان. شۇ يىلى شوشخىلى ناملىق كالېندارنى تۈزۈپ چىققان.

ئىسلام مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1644) دەۋرىدىمۇ جۇڭگوغا تەسىر كۆرسىتىشكە داۋام قىلغان. بۇ سۇلالىنىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

ئىسلام مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتى دائىرىسى ئىچىدە بولغان كورىيە مەدەنىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. كورىيەلىكلەر ھىجرى كالېندارىنى قوبۇل قىلغان. جۇڭگولۇق ۋە كورىيەلىكلەر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ياخشى بىر كالېندارغا موھتاج ئىدى. بۇنىڭ بىلەن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن كالېنداردىن پايدىلىنىپ يېڭى بىر كالېندار تۈزۈپ چىققان.

تۈرك ئىسلام مۇزىكا سەنئىتىمۇ يىراق شەرق مەدەنىيىتىنى تەسىرى ئاستىغا ئالغان. مىسال قىلساق: تۈرك مۇزىكىسى كورىيە مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋردە خۇئاك (ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىك)، كورىيە مۇزىكا سەنئىتىنى بېيىتقان. نا ـ پال (بورو) تاۋىيگسۇ (كلارنەتكە ئوخشايدىغان قەدىمقى بىر

چالغۇ) قاتارلىق مۇزىكا سايمانلىرى بىلەن خومۇ (ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىسى) ۋە خو-كا (ئوتتۇرا ئاسىيا ناخشىسى) كورىيەلىكلەر تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ ياساپ چىقىلىشقا باشلىدى.

ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى يېمەكلىكلەرمۇ جۇڭگۇ مەدەنىيىتىگە كىرگەن. بولۇپمۇ ئۈگۈر ۋە خېمىر باقلاۋاسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈندىلىك يېمىكىگە ئايلانغان.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرق مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەسىرى تىل ساھەسىدىمۇ كۆرۈلگەن. 13-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 15-ئەسىرنىڭ تۈنجى چارەك يىلىغىچە كورىيە سارىيىدا ئۇيغۇر ھەرپلىرى ۋە تۈركچە ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى بۇ رايۇنغا موڭغۇللار ئېلىپ كىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ ئاخىرغىچە رەسمى ئېلىپبە سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. بۇ ئېلىپبە 1427-يىلى ئەجنەبىلەرگە قويۇلغان چەكلىمە بىلەن ئىجرا قىلىشتىن توختىتىلغان.

ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئانى-كەرىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەشھۇر ئالىم ماتېشىن (ۋاپاتى 1874) قۇرئاننىڭ تامامىنى تەرجىمە قىلىپ، بىر بۆلۈمىنى تەپسىر قىلغان. قۇرئاننىڭ خەنزۇچە تەرجىملىرى كېيىن يەنە داۋاملاشقان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر خىل ئىسلامى ئىلىملار بىلەن خەنزۇچە كىتابلارمۇ نەشر قىلىنغان.

## 5. روسىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرى

مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن خوشنا بولغان روسلار، 1224-1448-يىللىرى ئارىسىدا 256 يىل تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ ياشىغان. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تۈركلەرنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇزۇن يىللار بىرلىكتە ياشىغان پەرقلىق ئىككى مەدەنىيەت مەنسۇپلىرى بولغان تۈرك ۋە روسلار بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. روسلار تۈرك ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تىل، ئەدەبىيات، بىناكارلىق، ئەشيا، ھايۋان ئىسىملىرى، ئىقتىساد، كىيىم-كېچەك، ئارمىيە، قانۇن، ئەدلىيە، ئېتنوگراپىيە قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روسلارنى ئەڭ كۆپ تەسىر ئاستىغا ئالغان ۋاقتى ئالتىن ئوردا دۆلىتى (1241-1502)نىڭ ھۆكۈمرانلىق يىللىرىدۇر. روسلار بۇ ۋاقىتتا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ھەربى تۈزۈم، پوچتا، باج تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئالتىن ئوردا دۆلىتىدىن ئالغان. بۇ تەسىر كاۋكاز رايۇنىدىكى گروزىنلارغىمۇ كېڭەيگەن.

روس تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە 1480-يىلى ئالتىن ئوردا دۆلىتىدىن مۇستەقىللىقىنى ئالغان روس كىنەزلىگى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە ئالتىن ئوردا دۆلىتىنى تەقلىد قىلغان. موسكۋا كىنەزلىگى روس چارى 1-پېتىرغا قەدەر دىپلوماتىك ئالاقە ۋە ئەلچىلىك پائالىيەتلىرىدە ئالتىن ئوردا دىپلوماتىيىسىنىڭ پۈتۈن

بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلغان. روسلار بۇ يىللاردىن باشلاپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا تۈركلەرگە ۋەزىپە بەرگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ تۈرك ئائىلىرىگە كىنەزلىك ۋە پويار (ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان)لىق ئۇنۋانلىرى بېرىلگەن. كىنەزلىك ۋە پويارلىق روسلارنىڭ ئارىستوكرات ۋە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلىرى ئىدى. 17 ـ ئەسىردە روسىيەدىكى 915 كىنەز ۋە پوياردىن 156 نەپەرىنىڭ تۈركلەردىن بولىشى، بۇ ئائىلىلەرنىڭ روسلار ئارىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت تەسىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ روس ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەسىرى داۋاملاشماقتا. ئىدىل، كاۋكاز ۋە قىرىم رايونلىرىغا كۆچكەن روسلار مۇسۇلمانلاردىن تەسىرلەنگەن. ئالتىن ئوردا دەۋرىدىن باشلاپ رۇس كىنەزلىرى ۋە پويارلار، كېيىم ـ كېچەكلىرىدە تۈرك شاھزادىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى تەقلىد قىلغان. ئەينى شەكىلدە 19 ـ ئەسىردە قىرىمدا تۈركلەر بىلەن قوشنا بولۇپ، تۈركلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. روس يېزىلىرى چىركاۋدىن باشقا يەرلىرى بىلەن تۈرك يېزىلىرىغا ئوخشىغان. روسلارنىڭ يېمەك، كىيىم ۋە ئۆي مەدەنىيىتىدىن باشلاپ پۈتۈن تاشقى كۆرۈنىشلىرى تامامەن مۇسۇلمانلارغا ئوخشىغان. بۇ ۋاقىتتا تۈركىستاندىن باشلاپ تۈرك يۇرتلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان روسلار بۇ رايوندىكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى روس مۇزىكىلىرىدىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. روسلارنىڭ مىللىي چالغۇسى بالالايكا تۈركلەرنىڭ توپۇزىغا ئوخشۇتۇلۇپ ياسالغان. ئەينى شەكىلدە بالالايكا سۆزىمۇ تۈركچىدىن كەلگەن.

روس تىلىدىكى تۈركچە مەنبەلىك سۆزلەرمۇ تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روسلارغا كۆرسەتكەن روشەن تەسىرلىرىنىڭ بىر مىسالىدۇر. تۈركچىدىن روسچىغا كىرگەن سۆزلەر تەبىئى پەن ئاتالغۇلىرىدىن كۆپراق يەرلىك شىۋىلەرگە كىرگەن. چۈنكى بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇھىم مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، روسچىدىكى قالپاق، سۇندۇك سۆزلىرى، تۈركچىدىكى قالپاق ۋە ساندۇق كەلىمىلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن.

# 9 ـ باپ. كۈنىمىز ئىسلام دۇنياسى

## 1. ئاسىيا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار


### 1.1. ئوتتۇرا شەرق ۋە دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر

ئوتتۇرا شەرق ۋە پارس قولتۇقى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرى بىلەن بىرلىشىدىغان بىر جۇغراپىيىدۇر. ئوتتۇرا شەرق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر: تۈركىيە، شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى (سىپرۇس)، ئىران، ئىراق، مىسىر، سۇرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، ئومان، يەمەن، بەھرەين، كۇۋەيت، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، پەلەستىن ۋە ئىسرائىلدۇر.

بۇ جۇغراپىيىدە ئىنسانىيەتنىڭ كۈنىمىزدىكى سەۋىيىگە كېلىشىدە مۇھىم تۆھپىسى بولغان قەدىمقى دەۋرلەرگە ئائىت بۈيۈك مەدەنىيەتلەر بىلەن بىرگە ساماۋى دىنلاردىن يەھۇدىلىق، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامىيەت ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ رايوندىن ئۆتىدىغان يىپەك يولى ۋە ئۆتسۇملۈك تىجارەت يوللىرى دەسلەپكى چاغلاردىن كۈنىمىزگە قەدەر دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرى بولغان. 5 ـ ئەسىردە جۇغراپىيە كەشپىيات جەريانىدا تېپىلغان يېڭى تىجارەت يوللىرى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلەتكەن بولسا 1869 ـ يىلى سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئېچىلىشى ۋە نېفىتنىڭ تېپىلىشى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تەكرار ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئوتتۇرا شەرق بۇ ئالاھىدىلىگى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە ئەسىرلەرچە تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئوتتۇرا شەرق 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن بىرلىكتە يېڭى دەۋرگە كىرگەن. بۇ رايون ئۇرۇش جەريانىدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىدىن ئايرىلغان. بىرىنچى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا بۇ رايونلارنىڭ بۈيۈك بىر قىسمى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۆتكەن. غەرب كۈچلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا چېكىنىپ چىقىپ، ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئوتتۇرا شەرقتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاساسى سەۋەبى بۆلۈنۈشلەمەيۋاتقان مول نېفىت زاپىسى، تارىخى ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان سىياسى بۆلۈنۈشلەر ۋە مەۋجۇد ئەھۋالنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قۇراللىنىش قاتارلىقلاردۇر. دۇنيا نېفىت زاپىسىنىڭ



ئاسىيا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار

60% بۇ يەردىن چىقىدۇ. بۇ نېفىتنىڭ تۆت ياكى بەش پىرسەنتى بۇ رايۇنغا سەرپ قىلىنسا، قالغان 70% ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ رايۇندىكى دۆلەتلەر نېفىت سېتىشتىن قولغا كەلگەن كىرىمنىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردىن قۇرال سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيا سىياسىتىدە نوپۇزى بولغان بۈيۈك دۆلەتلەرنى بۇ رايۇننى كونترول قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رايۇن خارەكتېرلىق ئۇرۇشلارغا يول ئاچقان. بۇلارنىڭ بېشىدا 1948-يىلىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەرەب-ئىسرائىل ئۇرۇشى، 1975-يىلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان لىۋان ئىچكى ئۇرۇشى، 1980-1988-يىللاردىكى ئىران-ئىراق ئۇرۇشى ۋە 1990-1991-يىللاردىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### ئەرەب-ئىسرائىل ئۇرۇشى ۋە پەلەستىن مەسىلىسى

پەلەستىن ياۋۇز سۇلتان سەلىم تەرىپىدىن 1516-يىلى تۈرك ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن قولدىن چىقىپ كەتكەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1947-يىلىغىچە ئەنگلىز ماندىسىغا[2] بېرىلگەن. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بىر يەھۇدى دۆلىتىنى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئەنگلىز ھاكىمىيىتى جەريانىدا پەلەستىندىن تۇپراق ئېلىپ، كوللىكتىپ شەكىلدە بۇ يەرگە يەرلەشكەن. ئەنگلىيەنىڭ بۇ يەردىن چېكىنىپ چىقىشىدىن كېيىن 1948-يىلى تىل ئاۋىۋدا توپلانغان يەھۇدى مىللى كېڭەشى ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.

2. ماندا: بىر دۆلەتنىڭ ئىگدارلىق ھوقۇقىنى مىللەتلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن باشقا بىر دۆلەتكە بېرىشى

ئەرەبلەر پەلەستىنندىكى ئەھۋاللارنى ئەندىشە بىلەن كۆزەتكەن. ئىسرائىلنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىنى ئەرەبلەرگە قىلىنغان دۈشمەنلىك دەپ قاراپ، پەلەستىنگە ياردەم قىلىشنى ئۆزىنىڭ مىللى بىر داۋاسى دەپ قارىغان.

ئىسرائىلنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى بىلەن مىسىر، سۈرىيە، ئىئوردانىيە ۋە لىۋاندىن تەركىپ تاپقان ئەرەب بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىسرائىلغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب ـ ئىسرائىل ئۇرۇشى باشلانغان. بىر يىل سۈرگەن ئەرەب ـ ئىسرائىل ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر يېڭىلگەن. 1949 ـ يىلى ئىمزالانغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بىلەن پەلەستىن زېمىنىنىڭ تۆتتە ئۈچ قىسمى ئىسرائىلغا قالغان ۋە 500.000 مىڭ پەلەستىنلىك ئەرەب ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغان. كېيىنكى ئۈچ قېتىملىق (1956، 1967، 1973) ئەرەب ـ ئىسرائىل ئۇرۇشىدا غەربلىك بەزى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىسرائىل بۇ ئۇرۇشلاردىمۇ غالىپ بولغان. بولۇپمۇ 1963 ـ يىلدىكى ئۇرۇشتا ئىسرائىلنىڭ قۇددۇسنى ئىشغال قىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئىسرائىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەر خىل ۋاقىتتا ئالغان قارارلىرىغا بويسۇنمىغان. 1978 ـ يىلى كەمپ دەيۋىد كېلىشىمى بىلەن ئەرەب ـ ئىسرائىل توقۇنىشى مەلۇم نىسبەتتە ھەل قىلىنغان. لېكىن بۇ كېلىشىم توقۇنۇشنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان.

غەربى شەرىئا ۋە غەززەدە پەلەستىنلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى يېرىم ئەسىردىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ 1956 ـ يىلدىكى ئەرەب ـ ئىسرائىل ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئۇزۇن ۋاقىت قوماندانلىق قىلغان. بۇ تەشكىلات ئۆز خەلقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن پەلەستىنلىكلەرنىڭ قانۇنى ۋەكىلى دەپ تونۇلغان. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى 1988 ـ يىلى 15 ـ نويابىردا مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتىنى ئېلان قىلغان. بۇ دۆلەتنى ئىككى كۈن ئىچىدە سېۋىت ئىتىپاقى بىلەن 40 يېقىن دۆلەت ئېتىراپ قىلغان. ئامېرىكا بۇ قارارنى تونۇمايلا قالماي ئىسرائىل بىلەن پەلەستىن ئارىسىدا تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن پائالىيەتكە ئۆتكەن. 1994 ـ يىلى تىنچلىق پائالىيەتلىرىدىن مۇھىم نەتىجە قولغا كەلگەن. ئىسرائىل ئىشغال ئاستىدىكى زېمىنلاردىن چېكىنىپ چىقىپ، غەربى شەرىئا بىلەن غەززەدىكى پەلەستىنلىكلەرگە ئائىت يەرلەرگە باسقۇچلۇق شەكىلدە ئاپتونومىيە بېرىشنى قوبۇل قىلغان. لېكىن پۈتۈنلەي مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان پەلەستىنلىكلەرنىڭ قارشىلىقى داۋاملىشىۋاتىدۇ.

## قىبرىس (سىپروس) مەسىلىسى ۋە شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئاق دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم ئاراللاردىن بىرى بولغان قىبرىس 1571 ـ يىلى ئوسمانلى ھاكىمىيىتىگە كىرگەن. 300 يىلغا يېقىن ئوسمانلى ھاكىمىيىتىدە

قالغان. ئەنگلىيە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي بوھرانلاردىن پايدىلىنىپ 1878 ـ يىلى قىبرىسنىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋاقىتلىق ئۆستىگە ئالغان. بۇ ئەھۋال 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە دائىملىق ھالەتكە ئۆزگەرگەن. تۈركىيە 1921 ـ يىلىدىكى لوزان تىنچلىق كېلىشىمىدە بۇ قارارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەنگلىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا قىبرىسنى تەركېتىشكە مەجبۇر بولغان.

بۇ باسقۇچتا تۈركىيە ۋە گرېتسىيە نىشانىنى قىبرىسقا قاراتقان. تۈركىيە ئەسلىدە بۇ ئارالنىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارالنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. گرېتسىيە نوپۇس جەھەتتىن رۇملارنىڭ كۆپ ساندا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئارالنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان. قىبرىسنى گرېتسىيەگە قوشۇش پىكرىنى ئارزۇ قىلغان بەزى قىبرىسلىق رۇملار 1955 ـ يىلى ئەئوكا (قىبرىس ھەرىكىتى مىللى تەشكىلاتى) نامىدا تەشكىللىنىپ تۈركلەرگە قارشى قەتلىئام باشلىغان. تۈركلەرمۇ دوختۇر فازىل كۈچۈك رەھبەرلىكىدە رۇم ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن.

بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن ئەنگلىيە، نۇرۋېگىيە ۋە گرېتسىيە ئارىسىدا زۈرىخ ۋە لوندوندا مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ، 1959 ـ يىلى بىر كېلىشىم تۈزۈلگەن. بۇ كېلىشىمدە ئارالدىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە مۇستەقىل بىر قىبرىس جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ئارالنىڭ مۇستەقىللىقى، تۇپراق پۈتۈنلۈگى ۋە قانۇنى ئەھۋالىنى بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ كاپالىتى ئاستىغا بېرىش قارار قىلىنغان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن 1960 ـ يىلى قىبرىس جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. جۇمھۇر رەئىسلىككە رۇملارنىڭ باش ئېپىسكوپۇسى ماكارىئۇس، مۇئاۋىنلىقىغا تۈركلەرنىڭ ۋەكىلى دوختۇر فازىل كۈچۈك سايلانغان.

رۇملارنىڭ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن قىبرىستا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئەمەلگە ئاشمىغان. 1963 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماكارىئۇسنىڭ ئاساسى قانۇننى رۇملارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىشى ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەپ بولغان. رۇملار 1963 ـ يىلى 2 ـ دېكابىردا لەپكوشىدا 24 تۈركنى ئۆلتۈرۈپ قەتلىئام باشلىغان. تۈرك ھۇجۇمچى ئايرۇپىلانلىرى 24 ـ دېكابىردا لەپكوشا ئاسمىنىدا ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇشى قىلىپ، رۇملارنىڭ قەتلىئامنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەمما بىر نەتىجە ئېرىشەلمىگەن. بۇ قەتلىئامنى توختىتىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن 1964 ـ يىلىدا تىنچلىق قىسىملىرى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ئەمما بۇ قەتلىئامنى توختىتالمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن تۈرك ئايرۇپىلانلىرى 9 ـ 8 ـ ئاۋغۇست ئارىسىدا رۇم نىشانلىرىنى بومبىلاش بىلەن قەتلىئامنى ۋاقىتلىق توختاتقان. ئەئوكا گرېتسىيەدە 1967 ـ يىلى

يۈز بەرگەن ھەربى ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ ئەنۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ تۈركلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان. تۈركىيە بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىققان. قىبرىس تۈركلىرى 1967 ـ يىلى 27 ـ دېكابىردا ۋاقىتلىق قىبرىس تۈرك ھۆكۈمىتى قۇرغان. رۇملار كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلمىغان. 1974 ـ يىلى تۈركلەر تەكرار قەتلىئام قىلىنىشقا ۋە قىبرىس پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. 1974 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇلدا نىكوس ساپسۇن رەھبەرلىگىدىكى رۇم ئوفىتسېرلىرى ماكارىئۇسنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئارالنى قىبرىسقا قوشۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن تۈركىيە ئىككى تەرەپ ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەردىكى بەلگۈلىمىلەرگە ئاساسەن، قېرىنداشلىرىنىڭ جان بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ۋە ئەنۇسنى توختىتىش ئۈچۈن 1974 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇلدا قىبرىس تىنچلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. تۈرك ئەسكىرى 22 ـ ئىيۇلغىچە ئارالغا يېتىپ بارغان. ئەينى كۈنلەردە تۈركىيە، گرېتسىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەردىن بىر نەتىجە چىقماسلىقى تۈپەيلىدىن 1974 ـ يىلى 14 ـ 16 ئاۋغۇستتا ئىككىنچى قېتىملىق تىنچلىق ھەرىكىتى باشلىنىپ، شىمالىي رايونلارنىڭ %38 نى قولغا ئالغان. بۇ ۋاقىتتا ساپسون ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى تۈركىيەگە ھەربى ئېمبارگو يۈرگۈزگەن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن.

قىبرىس (سىپىروس) تۈركلىرى ھەل قىلىش چارىسىنىڭ فېدېرال بىر سىستېما بولىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پىكىرگە ئاساسەن 1975 ـ يىلى 13 ـ فېۋرالدا قىبرىس تۈرك فېدېرال دۆلىتىنى قۇرغان. رائۇف دەنكتاش رەئىسلىككە سايلانغان. رۇملارنىڭ ئىككى رايونلۇق فېدېراتسىيەنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا قاراپ 1983 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا شىمالى قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. لېكىن بۇ دۆلەتنى تۈركىيەدىن باشقا دۆلەت تونىمىغان. ب د ت كۈنىمىزدىمۇ خىيالى بىر قىبرىس جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پىلانلىماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن ئادىل بىر چارە تېپىش ئۈچۈن ب د ت باش كاتىپلىقى نازارىتىدە خەلقئارا مۇزاكىرىلەر داۋاملىشىۋاتىدۇ.

### ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى (1980 ـ 1988)

ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىككى بۈيۈك دۆلىتى بولغان ئىران بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ بىر قاتار كېلىشمەسلىكلەر يۈز بەرگەن. 1958 ـ يىلى ئىراقتا پادىشاھلىقنىڭ ئاغدۇرۇلىشى بىلەن ۋەيرانچىلىق باشلىنىپ، 1970 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن تېخىمۇ ئەۋجى ئالغان. ئىران بىلەن ئىراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكلەرنىڭ بېشىدا شاتتۇل ـ ئەرەب سۇ يولى ۋە پارس قولتۇقىدىكى بەزى ئاراللارنىڭ ئىگىدارچىلىق مەسىلىسى بىدار ئىدى. ئىران 1971 ـ يىلى پارس قولتۇقىدىكى ئۈچ ئارالنى ئىشغال قىلغان. 1975 ـ

يىلى ئالجىرىيەدە تۈزۈلگەن بىر كېلىشىم بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا شاتتۇل ئەرەب دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ چېگرا دەپ بېكىتىلىشى قوبۇل قىلىنغان.

1979 ـ يىلى ئىراندا بىر ئىنقىلاپ پارتىلىغان. ئايەتۇللاھ خۇمەينى رەھبەرلىكىدىكى موللىلار شاھ رىزا پەھلەۋىنى ئاغدۇرۇپ، دىننى ئاساس قىلغان بىر ھاكىمىيەت قۇرغان. بۇ ئىنقىلاپتىن ئىراقتىكى نوپۇسىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلىدىغان شىئەلەر ئىلھام ئالغان. ئىراق ھاكىمىيىتى ئىنقىلاپ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىراندىكى ئىنقىلاپتىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار 1971 ـ يىلى ئىشغال قىلىۋېلىنغان ئۈچ ئارالنىڭ ۋە شاتتۇل ئەرەب سۇ يولىنىڭ ئىراققا بېرىلىشى، ئىراننىڭ كوردىستان رايونىدىكى ئەرەبلەرگە ئاپتونومىيە بېرىلىشى، ئىراقتىكى بۆلگۈنچى كورتلارغا ياردەم قىلىنماسلىقى قاتارلىق تەلەپلەر ئىدى. 1980 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل ئىراق دۆلەت رەئىسى ساددام ھۈسەيىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن ئالجىرىيە كېلىشىمىنى تونىمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، 22 ـ سېنتەبىردە ئىران تۇپراقلىرىغا ھۇجۇم باشلىغان. قىسقا ۋاقىتتا 500 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، ئويلىمىغان يەردىن ئىراننىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن. ھەتتا ئىران پۈتۈن سەپلەردە ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن.

بۇ ۋاقىتتا بۇ رايوندىكى مەنپەئەتلىرىگە زىيان يېتىپ قېلىش ئەھۋالىنى كۆرگەن ئامېرىكا ئىراقنى قوللاشنى قارار قىلىپ، پارس قولتۇقىغا ھەربى پاراخوت ئەۋەتكەن. 1988 ـ يىلى ئىيۇلدا ئىرانغا ئائىت بىر يولوچى ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ئىراننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىغان. ئىران بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىر ئىران ـ ئامېرىكا ئۇرۇشىغا ئايلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 1988 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇلدا ب د ت نىڭ تىنچلىق تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغان. تەخمىنەن سەككىز يىل سۈرگەن بۇ ئۇرۇش ھەر ئىككى دۆلەت ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلگەن.

## ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىشى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى

ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشتا 80 مىليارد دوللار قەرزگە بوغۇلغان ئىراق، بۇ قەرزنى تۆلىيەلمىگەچكە باي ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. تەلىۋىنىڭ ئورۇنلانماسلىقىغا قاراپ، نىشاننى قوشنىسى كۇۋەيتكە قاراتقان. ئىراق كۇۋەيتنىڭ ئورتاق چېگراسىدا ئىراققا ئائىت تۇپراقلاردا مەخپى نېفت ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، 24 مىليارد زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. كۇۋەيت بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىراق 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇستتا كۇۋەيتنى ئىشغال قىلغان. بۇ ۋەقە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. 1990 ـ يىلى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىراققا ئىقتىسادىي ۋە ھەربى ئېمبارگو يۈرگۈزگەن. بۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقمىغان. بۇنىڭ بىلەن

ئامېرىكا ئەرەب ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىن 32 دۆلەت بىلەن كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنى تەشكىللەپ، 1991 ـ يىلى 17 ـ يانۋاردا ئىراققا ھۇجۇم باشلىغان. 28 ـ فېۋرالدا ئىراقنىڭ كۇۋەيتتىن چېكىنىشى بىلەن ئۇرۇش توختىغان. لېكىن بۇ تارىختىن باشلاپ ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە رىئايە قىلمىغانلىق تۈپەيلىدىن ئىراقنى بومبىلىغان. ئىراققا يۈرگۈزۈلگەن ئېمبارگو كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ بوھران تۈركىيەگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. پارس قولتۇقى بوھرانى جەريانىدا دۆلەتنىڭ شىمالىدىكى كورتلار تۈركمەنلەر ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ئىراق ھاكىمىيىتىنى 32 ـ پاراللېلنىڭ شىمالىغا ئۆتۈشنى چەكلەپ، بۇ رايوننى بىخەتەرلىك ئاستىغا ئالغان. بۇ بىخەتەرلىكتىن كورتلار پايدىلىنىپ، 1992 ـ يىلى بىر فېدېرال سىستېما قۇرغان. بۇ سىستېما كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

## 1.2. جەنۇبىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرق دۆلەتلىرى

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى كۆپ سانلىق ۋە ئاز سانلىق شەكىلدە بەزى جەنۇبى ئاسىيا ۋە يىرا شەرق دۆلەتلىرىدە ياشايدۇ. بۇ رايوندىكى ئىسلام دۆلەتلىرى: ئافغانىستان، پاكىستان، بېنگال، برونېي، ھىندونېزىيە، مالدىۋ ۋە مالايسىيادۇر. بۇنىڭ يېنىدا ھىندىستان، جۇڭگو، تايلاند ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاز سانلىق شەكىلدە 200 مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچلەنمەكتە.

### پاكىستاننىڭ قۇرۇلىشى ۋە ھىندىستان ـ پاكىستان توقۇنۇشى

ئىسلامىيەت ھىندىستان تۇۋەن قىتئەسىگە 8 ـ ئەسىردە كىرگەن. بۇ زېمىنلار ئالدىدا ئەرەبلەر كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. بۇ رايوندىكى تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى 18 ـ ئەسىردە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە قەدەر سۈرگەن. 18 ـ ئەسىردە چەتئەل تىجارەتچىلىرى سۈپىتىدە بۇ يەرگە كەلگەن ئىنگلىزلار 1857 ـ يىلى بابۇر سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ھىندىستاننى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان. ئىنگلىزلار 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ يەردە قالغان.

ھىندىستان خەلقى مۇسۇلمانلاردىن مۇھەممەد ئەلى جىنناھ، ھىندۇلاردىن ماخاتما گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مۇستەقىللىق كۆرىشى قىلغان. مۇسۇلمانلار 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ئايرىم بىر دۆلەت قۇرۇشقا تىرىشقان. ئەنگلىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 1933 ـ يىلى قۇرماقچى بولغان دۆلەت ئۈچۈن فەنجاپ، ئافغانىستان ۋە كەشمىر سۆزلىرىنىڭ باش ھەرپلىرى بولغان

«پاك» كەلىمىسىگە دۆلەت مەنىسىدىكى «ستان» كەلىمىسىنى قوشۇپ پاكىستان ئىسمىنى بەرگەن.

بۇ رايونda 1947 ـ يىلى پاكىستان ۋە ھىندىستان دەپ ئىككى دۆلەت بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۇ ئايرىلىشتىن مۇسۇلمانلار رازى بولمىغان. چۈنكى پاكىستان شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. كەشمىرنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا مۇستەقىللىق بېرىلمىگەن. يەنە ھىندىستاننىڭ ئىچىدە كۆپ ساندا مۇسۇلمان قالغان. بۇ ئەھۋال ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشقا سەۋەب بولغان. كەشمىر سەۋەبىدىن 1948، 1963 ۋە 1965 ـ يىللىرىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا 1965 ـ يىلى 4 ـ يانۋاردا تاشكەنت كېلىشىمى ئىمزالانغان. لېكىن بۇ كېلىشىممۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغان.

پاكىستاننىڭ شەرقىي قىسمى پەرقلىق بىر مەدەنىيىتى بارلىقى، مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يېتەرلىك ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى ئىدارە قىلىنمىغانلىقىنى سەۋەپ كۆرسىتىپ شەيخ مۇجىبۇرراخماننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ھىندىستان ئىسيانىنى قوللاپ 1971 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا غەربىي پاكىستان قىسمىلىرىنى ئەسىر ئالغان. ھىندىستاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن شەرقىي پاكىستان 1971 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا بىنگال نامىدا مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان. بۇ يېڭى دۆلەت قىسقا ۋاقىتتا ئامېرىكا، سىۋىت ۋە جۇڭگو تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. پاكىستانمۇ لاھوردا توپلانغان ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن بىنگالنى تونىغان.

ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقتا مەۋجۇد بولغان جامۇ ۋە كەشمىر مەسىلىسى تۈپەيلىدىن كىچىك كۆلەمدىكى قوراللىق توقۇنۇش داۋام قىلماقتا.

**ئافغانىستان**

ئىسلامىيەت ئافغانىستانغا ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە كىرگەن. 10 ـ ئەسىردە ئافغانىستاندا غەزنەلىكلەر تۈرك ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بۇنى 13 ـ ئەسىردە موڭغۇل ۋە 14 ـ ئەسىردە تۆمۈر ھاكىمىيىتى داۋاملاشتۇرغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بابۇر قۇرغان تۈرك دۆلىتى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سۈرگەن. بۇ تارىختىن باشلاپ ئافغانىستان يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشىشىغا سەھنە بولغان. 19 ـ ئەسىردە روس ۋە ئىنگلىزلارنىڭ تالىشىش ساھەسىگە كىرگەن. بۇ دۆلەتلەر 1885 ـ يىلى بىر كېلىشىم بىلەن ئافغانىستاننى ئىككى نازارەت رايونىغا ئايرىغان.

ئافغانىستان 20 ـ ئەسىرگە مۇستەقىللىق قەدىمى بىلەن كىرگەن. دۆلەتتىكى پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئۆز ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن

دۇنياغا ئېچىلغان. بۇ تارىختىن باشلاپ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەنگلىيە ۋە سېۋىت بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەن. كېيىن ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئامېرىكا ئالغان. بۇ ھاكىمىيەت تالىشىش ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن سېۋىت دىققىتىنى ئافغانىستانغا قاراتقان. سېۋىتنىڭ ياردىمى بىلەن ماركسچىلار ئافغان خەلقىنىڭ دېمۇكرات پارتىسىنى تەشكىللىگەن. 1973 ـ يىلى ئافغانىستان پادىشاھى زاھىر شاھ جىيەنى داۋۇت شاھ تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن.

بۇ ۋاقىتتا 1978 ـ يىلى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى سېۋىت بىلەن دوسلۇق ۋە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان. 1979 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېلدا سۈرگۈندىكى بابراق كارمال ئافغانىستان دۆلەت رەئىسلىكىگە كەلتۈرۈلگەن. سېۋىت ئىتتىپاقى بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلماي 1979 ـ يىلى 27 ـ دېكابىردا تەخمىنەن 100.000 كىشىلىك بىر قوشۇننى ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئىشغال دۇنيانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. سېۋىت ئىتتىپاقى بۇ ئىشغالى بىلەن ئوتتۇرا شەرق ۋە پارس قولتۇقىدىكى نېفىتلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن مۇھىم قەدەم باسقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشغال روسىيەنىڭ ئىسىق دېڭىزغا ئېچىلىش خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. روس ئىشغالىغا باشتا ئامېرىكىدىن باشلاپ غەرب دۆلەتلىرى، ئىسلام دۇنياسى ھەتتا شەرقتىكى دۆلەتلەردىن قاتتىق نارازىلىق كەلگەن. ئافغان خەلقى ئىشغالغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باشلىغان. بۇ ئۇرۇشتا ئافغانىستاندىن كۆچۈشكە مەجبۇر قالغان 4.000.000 كىشىنىڭ 3.5 مىليونى ئىرانغا ئىلتىجا قىلغان.

ئافغان مۇجاھىدلىرى غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن ئالغان ياردەملەر بىلەن سېۋىت ئىشغالچىلىرىنى ئاجىزلاتقان. سېۋىت 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پاتقاققا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. جەنۋەدە سېۋىت ئىتتىپاقى بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدا 1988 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېل قىزىل ئارمىيە (قىزىل ئوردۇ)نىڭ چېكىنىشنى تەستىقلىغان بىر كېلىشىم ئىمزالانغان. سېۋىت قىسىملىرى چېكىلمە ئىشنى 1989 ـ يىلى 15 ـ فېۋرالدا تاماملىغان. بۇنىڭ بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ بۈيۈك كۆچلىرىدىن بىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغان مۇسۇلمانلار ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان.

سېۋىتنىڭ چېكىنىشى ئافغانىستاندا ئارزۇ قىلىنغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلەلمىگەن. ئافغانلار ئۆز ئىچىدە ئۇرۇشۇشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا 2001 ـ يىلىنىڭ باھار ئېيىدا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە تېرورىسلارغا ياردەم بەرگەنلىك باھانىسى بىلەن ئافغانىستانغا ھەربى ھەرىكەت باشلىتىپ سىياسى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈرگەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىتتىك قۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئافغانىستاننىڭ ئىجتىمائىي تەركىۋى قەبىلىچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. نوپۇسنى پەشتۇ، ئۆزبەك، تاجىك ۋە ھازارلار تەشكىل قىلىدۇ. دۆلەتتىكى بۇ ئىجتىمائىي دېموگرافىك تەركىپ، بىرلىك ۋە تىنچلىقنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسقۇنلۇق بولۇپ كۆرۈلمەكتە.

## جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ياپونىيە

### جۇڭگو

كۆنىمىزدە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار تۇڭگان (خۇيزۇ) مۇسۇلمانلار ۋە جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار 7-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ جۇڭگوغا كېلىشكە باشلىغان. ھەزرىتى ئوسمان مىلادىنىڭ 651-يىلى ئىسلامنى تونۇتۇش ئۈچۈن جۇڭگو سارايىغا ھەيئەت ئەۋەتكەن. 7-8-ئەسىرلەر ئارىسىدا بولۇپمۇ دېڭىز يولى بىلەن ئىران ۋە ئەرەب سودىگەرلەر جۇڭگوغا كېلىپ ئىسلامىيەتنى تارقاتقان. بۇلار جۇڭگونىڭ شەرقى شىمال ساھىللىرىغا ئولتۇراقلىشىپ، بۇ يەرلەردە مۇسۇلمان تىجارەت يەرلىرىنى ئاچقان. بۇ مۇسۇلمان مەھەللىلىرىگە جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن پان-پاڭ دەپ نام بېرىلگەن. جۇڭگودا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى ئارىلاشما ئۆيلىنىش بولغان. مۇسۇلمانلار جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۆيلىنىپ ئىجتىمائىي بىرلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. جۇڭگودا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم دەۋر موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى (1271-1368) دەۋرىدۇر. بۇ دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن مۇسۇلمان تۈركلەر ئىسلامىيەتنى تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ يەرلىك نوپۇسىدىن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلار بارلىققا كەلگەن. جۇڭگودا 20 مىليۇندىن كۆپ مۇسۇلمان ياشاۋاتىدۇ.

جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خۇبېي، يۈننەن، سىچۈئەن، شەندۇڭ، نىڭشىيا قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا ياشايدۇ. بۇ رايونلاردا تۈرك قەۋملىرىدىن ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، سالا؛ موڭغۇل قەۋملىرىدىن دۇڭشيائىڭ، باۋئەن؛ پارس قەۋملىك مىللەتلەردىن تاجىكلار بار. خۇيزۇلار جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جۇڭگو 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ 1990-يىلدىكى سېۋېتنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغان. بۇنىڭدا ئوتتۇرا شەرق ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىشىنىڭمۇ تەسىرى بار.

## ھىندىستان

ئىسلامىيەت ھىندىستانغا مىلادىنىڭ 712 ـ يىلى يېتىپ كەلگەن. ھىندىستان ئۇزۇن ۋاقىت تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان. غەزنەلىك ماخمۇت بىلەن باشلانغان تۈرك ھاكىمىيىتى 16 ـ ئەسىردە بابۇر سۇلتانلىقى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققان. بۇ ۋاقىتتا ھىندىستان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. 1857 ـ يىلى ئىنگلىزلار ئاخىرقى بابۇر ھۆكۈمدارىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.

ھىنت تۆۋەن قىتئەسىدە 1947 ـ يىلى ئىنگلىزلارنىڭ چېكىنىشى بىلەن دىن ئاساسىغا تايىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پاكىستان، ھىندۇ ۋە سىخلار ئۈچۈن ھىندىستان نامىدا ئىككى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلغان. لېكىن بۇ تەقسىمات مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. چۈنكى باشتا جاممۇ ۋە كەشمىر رايونىدىن بۆيۈك بىر مۇسۇلمان ئاھالە ھىندىستاندا قالغان. مۇسۇلمانلار كۈنىمىزدە نوپۇسى بىر مىلياردقا يېقىن كېلىدىغان ھىندىستاندا ئاز سانلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇ رايوندا مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا دىن مەنسۇپلىرى ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق سۈركۈلۈشلەر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سۈركۈلۈشلەردە ھىندىستاننىڭ ھىندۇلار تەرىپىدە تۇرۇشى، باشتا ئىسلام دۇنياسىدىن باشلاپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ كەلمەكتە. بۇ دۆلەتتە مۇسۇلمانلارغا ۋاكالەتلىك قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بىرلىگى، ئىسلام جامائىتى، ھىنت ئۆلىمالار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بار.

## ياپونىيە

ئىسلامىيەت ياپونىيەگە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ غەيرەتلىرى نەتىجىسىدە كىرگەن. 1871 ـ يىلى ئوسمانلى ياپونىيە دوستلۇقى باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ دوستلۇق ئىسلامنىڭ تونۇلۇشى ۋە تارقىلىشىغا ئاساس سالغان. دوستلۇق ئۈچۈن ياپونىيەگە بارغان ئەرتۇغرۇل ئىسىملىك كېمە قايتىشتا بۇرانغا ئۇچراپ 1890 ـ يىلى چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما بۇ پاجىئە ياپون ـ تۈرك مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىگەن. 2 ـ ئابدۇلھەمىت ئىسلامىيەتنىڭ بۇ رايونلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن بۆيۈك غەيرەت كۆرسەتكەن.

ياپونىيەدە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىملىق غەيرەت ئەسلى قازان تاتارلىرىدىن بولغان ئوسمانلى پۇخراسى ئابدۇررەشىت ئىبراھىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ ياپونىيەنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئىسلامىيەت ھەققىدە تەبلىغ قىلىپ، يۇقىرى تەبقىدىكى بىر قىسىم ياپونلارنىڭ ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىشىگە ۋەسىلە بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە روسىيە بولشېۋىك ئىنقىلاۋىدىن قاچقان 200 گە يېقىن تۈركنىڭ كېلىشى بىلەن ياپونىيەدە مۇسۇلمان خەلق شەكىللەنگەن.

كۈنىمىزدە دۇنيادا ئىسلامنىڭ تېز تارقىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن بىرى ياپونىيەدۇر. ياپونىيەدىكى كەبە جامى 1935 ـ يىلى، توكيو جامى 1938 ـ يىلى ۋە ئوساكا جامى 1977 ـ يىلى ئىبادەتكە ئېچىلغان. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى توكيو جامىسىنى بۈيۈك بىر ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 2000 ـ يىلى خىزمەتكە ئاچقان.

كۆپىنچىسى ئاخپارات ۋە ئۇچۇر ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقان ياپون مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى 35.000 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ 40% ياپون، باشقىسى باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ.

## كورىيە

ئىسلامىيەت كورىيەگە 9 ـ ئەسىردە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئارقىلىق كىرگەن. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ تۇپراقلارنى ھاكىمىيەت ئاستىغا كىرگۈزۈش بىلەن ئىسلام دىنى بۇ يەرلەرگە تارقىلىش ئىمكانىغا ئېرىشكەن. موڭغۇل سارايىدا ئىشلەيدىغان بەزى موڭغۇل ۋە سودىگەرلەر بۇ يەردىكى ئىمكانلارنى كۆرۈپ بۇ يەرگە ماكانلاشقان. بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا بىر مۇسۇلمان جامائەت شەكىللەنگەن. لېكىن 1427 ـ يىلى كورىيەدە مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن بىرلىكتە ئىسلامىيەتكە قارشى ھەرىكەتلەر باشلىغان. يېڭى ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەخسى تۇرمۇشىغا ئارىلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى بېسىم ئاستىغا ئېلىپ ئاسسىلىملاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغان. بۇ سەۋەپتىن بۇ رايوندا ئۇزۇن يىللارغىچە ئىسلامىيەت باش كۆتۈرەلمىگەن. بۇ يەرگە روس ئىستىلاسىدىن قاچقان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ كېلىشى بىلەن كورىيەدە ئىسلامىيەت قايتىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جانلىنىشقا باشلىغان. لېكىن 1945 ـ 1950 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك بىر قىسمى كورىيەنى تەركەتكەن.

كورىيەدە كۈنىمىزدە 35.000 مىڭ مۇسۇلمان ياشىماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ كورىيە ئىسلام فېدېراتسىيونى نامىدا رەسمىي جەمئىيىتى بار.

## ھىندونېزىيە

ھىندونېزىيە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىن ئاۋستىرالىيەگىچە سوزۇلغان كۆپلىگەن ئاراللاردىن تەشكىل تاپقان بىر دۆلەت. ئىسلامىيەت بۇ رايونغا ھىندىستانلىق سودىگەرلەر ئارقىلىق كىرگەن. ئىسلامىيەت ئالدى بىلەن سۇماترا ئارىلىغا تارقالغان. 12 ـ ئەسىردە جەنۇپقا، 18 ـ ئەسىردە ئىچكى رايونلارغىچە تارقىلىپ، كۆپ سانلىق خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىرىنچى دىنى بولغان. كۈنىمىزدە ھىندونېزىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلى بولغان جاۋا پۈتۈنلەي مۇسۇلماندۇر. دۆلەت نوپۇسىنىڭ 84% نى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ. كۈنىمىزدە دۆلەتتە ھىندۇ،

يەرلىك دىن مەنسۇپلىرى ۋە براخمانلاردىن كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلماقتا.

ھىندونېزىيە تۇپراقلىرى ياۋروپالىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيەدىكى مۇستەملىكىسىنى 20-ئەسىرغىچە سۈردۈرگەن. ھىندونېزىيەدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە باشقا خەلقلەرمۇ مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ئاتلانغان. ھىندونېزىيە 1943-يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

ھىندونېزىيە نوپۇسى 230 مىليون ئەتراپىدا. نوپۇسىنىڭ 90% مۇسۇلمان. كېيىنكى يىللاردا سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بوھرانغا ئۇچرىغان ھىندونېزىيە تەرەققى قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

### مالايسىيا

مالايسىيا يىراق شەرقتىكى مۇسۇلمان بىر دۆلەت. ئىسلامىيەت بۇ رايونغا ھىندونېزىيە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرگەن. مالايسىيا ئەنگلىيە، پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان. مالايسىيا 1957-يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. دۆلەت نوپۇسىنىڭ 55% مۇسۇلماندۇر. ھاكىمىيەتتە مۇسۇلمانلار ھاكىمدۇر. مالايسىيانىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلامنىڭ تارقىلىشى تېز بولماقتا.

### فىلىپپىن

فىلىپپىندە مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق ھالەتتە. فىلىپپىن 1948-يىلى ئامېرىكىدىن مۇستەقىللىقنى ئالغان. فىلىپپىندە مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ 10%نى ئىگەللەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى مىندانوۋ ۋە سۇلۇ تاقىم ئاراللىرىدا ياشايدۇ. مۇسۇلمانلار سىياسىي، ئىجتىمائى ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

## 1.3. كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى

كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلامىيەت تارقالغان رايونلاردۇر. بۇ رايونلار 19-ئەسىردىن باشلاپ روسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيە ھاكىمىيىتىدە 16، 17 مىليون تۈرك بىلەن بىرگە 20 مىليون مۇسۇلمان بار ئىدى. بۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەلقلەر تۈرك، ئىبەر-كاۋكاز ۋە پارىسلاردىن ئىبارەت ئۈچ قەۋمدىن تەركىپ تاپىدۇ. تۈرك قەۋملىرى: ئەزەرى، ئۆزبەك، قازاق، نوگاي، تۈركمەن، قىرغىز، تاتار، باشقىرت، قاراقالپاق، ئۇيغۇر، قاراچاي، قۇمۇق، بالقار ۋە ئاھىسكاللاردىن ئىبارەت. ئىبەر-كاۋكاز قەۋملىرى: لەزگى، دارگىن، لاك، تاباساران، رۇتۇل، چاقۇر،



ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى

ئاگۇل، چېچەن، كابارد، ئىنگۇش، ئادىگە، چەركەز، ئابھاز، ئابازىن، لاز ۋە گروزىنلەردىن ئىبارەت. پارىس قەۋملىرى: تاجىك، ئوسەت، كورت، بالۇش، ئافغان، تالىش ۋە تاتلاردىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان رايونلار ئىدىل، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادۇر. بۇ رايونلار ھەققىدە تۆۋەندە قىسقىچە توختىلىمىز.

## سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى

سېۋىت ھاكىمىيىتى 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارچىلىنىش ئىشارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. 1985-يىلىدىن باشلاپ ئاخىرقى سېۋىت دۆلەت رەئىسى مىخائىل گورباچېۋ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. گورباچېۋ 1990-يىلى غەرب تۈرىدىكى دېموكراتىيەگە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ئەمما پارچىلىنىشنى توسۇپ قالالمىغان. ئەڭ ئاخىرى رادىكال كوممۇنىستلار 1990-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا سىياسى ئۆزگىرىش قىلغان بولسىمۇ ئەمما مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن. سېۋىت ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردىن ئىستونىيە، لىتۋانىيا ۋە لاتۋىيە 1991-يىلى ئىتتىپاقتىن ئايرىلغان. تۈركلەر بۇنىڭغا ئەگەشكەن. 1991-يىلى ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن 1991-يىلى روسىيە، ئۇكرائىنا ۋە بېلوروسىيە بىر يەرگە كېلىپ سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي پارچىلانغانلىقىنى قوبۇل قىلغان. 1991-يىلى 15-دېكابىردا دۆلەت رەئىسى گورباچېۋنىڭ ئىستىپا قىلىشى بىلەن سېۋىت ئىتتىپاقى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەن. ئۇزۇن ۋاقىت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇستەملىكە ئاستىدا ياشىغان سابىق سېۋىت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى» نامىدا بىر بىرلىك قۇرغان. بۇ بىرلىك پاسسىپ ھالەتتە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

### كاۋكاز

تارىختىن باشلاپ ھەر خىل مىللەتلەر كاۋكاز رايونىنى ماكان قىلغان. بۇ مىللەتلەر ئېتنىك تەركىۋىگە قاراپ مۇنداق ئايرىلىدۇ. تۈركىي مىللەتلەردىن: ئەزەرى، قاراچاي،

قۇمۇق، بالقان، نوگاي ۋە ئاھسكاللار. ئىبەر كاۋكاز قەملىرىدىن: ئاۋار، لەزگى، دارگىن، لاك، تاباساران، رۇتۇل، چكۇر، ئاگۇل، چېچەن، قابارد، ئىنگۇش، ئادەگە، چەركەز، ئابھاز، ئابازىن، لاز ۋە گروزىنلەردىن ئىبارەت. پارىس قەۋملىرىدىن: ئودەت، كورت ۋە تالىش قاتارلىقلار.

كاۋكاز رايۇنى 16 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ روس ئىشغالىغا ئۇچرىغان. روسلار 1556 - يىلى ئەژدەرخان خانلىقىنى ئىشغال قىلىپ كاۋكازغا قەدەم باسقان. كاۋكازنىڭ مەلۇم بىر قىسمى 1758 - يىلى روسىيەنىڭ ئىشغالىغا ئۇچرىغان. روسلارنىڭ كاۋكاز رايۇنىدىكى ئىلگىرلىشى 1783 - يىلىدا قىرىم خانلىقىنى قوشۇۋېلىشىدىن كېيىن تېزلانغان. روسىيە ئەينى يىل ئىچىدە گىروزىيەنى ئىشغال قىلىپ كاۋكازدىكى مۇقىملىقنى مۇستەھكەملىگەن.

رۇسلار 1812 - يىلى ئەزەربەيجاننى ئىشغال قىلغان. 1883 - يىلدىكى گۈلىستان كېلىشىمى بۇ ئىشغالنى قانۇنلاشتۇرغان. 1828 - يىلى تۈركمەن چايى كېلىشىمى بىلەن شىمالىي ئەزەربەيجان روسىيەگە، جەنۇبى ئەزەربەيجان ئىرانغا ئايرىپ بېرىلگەن. ئوسمانلى دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇ رايۇنلارغا ئارىلىشالمىغان.

روسىيە بۇ رايۇندىكى ھاكىمىيىتىنى ئېتنىك تەركىپىنى بوزۇپ يۈرگۈزۈشكە تىرىشقان. ئەينى مېتودنى كاۋكاز رايۇنىغمۇ ئىجرا قىلغان. 1828 - يىلى 70.000 ئەرمەنىنى ئىراندىن يۆتكەپ كېلىپ، بۇلارنى ئەرىۋان، قاراباغ ۋە نەھجىۋانغا يەرلەشتۈرگەن. بىمۇشۇنداق قىلىپ، بۇ رايۇننىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى ئالماشتۇرغان. روسىيەنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى بۇ رايۇندا ئۆزىگە باغلىق خەلق تەشكىل قىلىش، تۈركىيە بىلەن ئوتتۇرىسىغا ئەرمەنى تامپون رايۇننى قۇرۇپ چېگرا بىخەتەرلىگىنى ساقلاش، بۈيۈك تۈرك دۇنياسىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدىكى باغلانتىنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ سىياسەت يۈز يىللارغىچە داۋاملىشىدىغان ئەزەرى-ئەرمەنى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## كاۋكازدا مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى

كاۋكاز خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى رۇسلارغا قارشى مۇستەقىللىق كۆرىشى قىلغان. بۇ كۆرەشنىڭ كۆپ قىسمىغا تۈرك، چەركەز، چېچەن ۋە ئىنگۇشلار رەھبەرلىك قىلغان. 1785 - يىلىدىكى شەيخ مانسۇرنىڭ ھەرىكىتى روسلارغا قارشى ئەڭ بۈيۈك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك ھەرىكەت بولغان. 1835 - يىلى ھەرىكەتنىڭ بېشىغا شەيخ شامىل ئۆتكەن. شەيخ شامىل بۈيۈك بىر ئالىم ۋە ياخشى بىر ئەسكەر بولۇپ، كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىنى بىر ئىدىيە ئەتراپىدا توپلىغان. شەيخ شامىل خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 1869 - يىلىغا

قەدەر سۈرگەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە روسلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراتقان.

روس قىسىملىرى 1859 ـ يىلى شەيخ شامىلنى تۇتقان. شەيخ شامىلغا روس چارى 2 ـ ئالېكساندىرمۇ ھۆرمەت قىلغان. شەيخ شامىلنىڭ قىلىچ كۆتىرىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىپ، كۇلاگۇ شەھرىدە مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرغان. شەيخ شامىل 1869 ـ يىلى رۇخسەت ئېلىپ ئىستانبۇل ئارقىلىق ھەجگە بېرىپ، 1871 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. كاۋكاز قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولىشىدىن كېيىن روس زۇلمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن يۈز مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان ۋە تۈرك ئاناتولىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇ كۆچۈش دولقۇنى 1877 ـ 1878 ـ يىللاردىكى ئوسمانلى ـ روس ئۇرۇشىدا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققان.

كاۋكازدا روسلارغا قارشى قارشىلىق كۆرسەتكۈچى گۇرۇپپىلاردىن بىرى ئەزەرى تۈركلىرى ئىدى. ئەزەرىلەر باشلانغۇچتىن باشلاپ شەكى، چاربالاكەن، قۇبا ۋە لەنكارەن رايۇنلىرىدا مۇستەقىللىق كۆرىشىنى باشلىغان. ھاجى مۇھەممەد مۇستاپا، مىر ھاسان ۋە ھاجى مۇرتازغا ئوخشاش ئەزەرى بۈيۈكلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاملاشقان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەزەربەيجان تۈركلىرىنىڭ مىللى كىملىك ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەزەرىلەر 1917 ـ يىلىدىكى بولشېۋىك ئىنقىلابى ۋاقتىدا تەكرار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشىنى باشلىغان. روسىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشغال قىلغان جەنۇبى كاۋكازدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغاندا ئەزەربەيجان، گىروزىيە ۋە ئەرمەنىستان مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان. مەھمەت ئەمىن رەسۇلزادە رەھبەرلىكىدە 1918 ـ يىلى 28 ـ مايدا ئەزەربەيجان دېمۇكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. بۇ يىللاردا ئەزەرى تۈركلىرى ئاناتولىيەدە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي كۈرەشكە ماددى ۋە مەنىۋى ياردەم بەرگەن. ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىللىقى قىزىل ئوردۇ (ئارمىيە)نىڭ 1920 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېلدىكى ئىشغالىغا قەدەر داۋاملاشقان. ئەزەربەيجان 1922 ـ يىلى ئەرمەنىستان ۋە گىروزىيەدىن تەركىپ تاپقان فېدېرال كاۋكاز جۇمھۇرىيىتىگە ئەزا بولغان. 1936 ـ يىلى سېۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنلۇق بىر ئەزاسىغا ئايلانغان.

سېۋېت ھاكىمىيىتى كاۋكاز رايۇنىدا ئاررۇ قىلىنغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلەلمىگەچكە مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىغان. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارلىق روسىيە ئۇسۇلى بولغان ئېتنىك تەركىپنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا دۈشمەن بىلەن ھەمكارلاشقان دېگەن سەۋەپ بىلەن قىرىم تاتارلىرى بىلەن كاۋكازدىكى قارچاي، بالقار، ئاھىسكا تۈركلىرى، چېچەن، ئىنگۇش ۋە بەزى يەھۇدىلار سىبىرىياغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ سۈرگۈنلەر

رايۇندىكى مۇقىمسىزلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

### سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىنكى كاۋكاز

سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن جەنۇبى كاۋكازدا مۇستەقىل ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە گىروزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قۇرۇلدى. شىمالىي كاۋكازنىڭ ھەممىسى روسىيە فېدىراتسىيونىنىڭ ئىچىدە قالدى.

### ئەزەربەيجان

ئەزەرىلەر كاۋكازدا ياشايدىغان ئەڭ بۈيۈك تۈرك توپلۇلۇقىدۇر. ئەزەربەيجان كەلىمىسىنىڭ ئوت مەنىسىدىكى ئەزەر بىلەن مۇھاپىز مەنىسىدىكى بايگان سۆزلىرىنىڭ بىرلەشمىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

سېۋىت سىستېمىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتىشىغا قاراپ، كاۋكازدا ئەزەرىلەر مۇستەقىللىق كۆرىشى باشلاتقان. سېۋىت ھاكىمىيتىنىڭ ئەزەرىلەر بىلەن ئەرمەنىلەر ئارىسىدىكى ئېتنىك توقۇنۇشنى باھانە قىلىپ ئەۋەتكەن قىزىل ئوردۇ (ئارمىيە) 1990ـ يىلى 10ـ يانۋاردا باكۇغا كىرىپ ئەزەرى قارشىلىق ھەرىكتىنى قانلىق باستۇرغان. بۇ ئەھۋاللاردىن ئۈمىدسىزلەنمىگەن ئەزەربەيجان تۈركلىرى 1991ـ يىلى ئۆكتەبىردە مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان. ئەزەربەيجان تۈركلىرىگە سېۋىت دەۋرىدىن كېيىن خەلق فرونتى رەئىسى ئەبۇل پازى ئەلچىبەي رەھبەرلىك قىلغان. تۈركىيە ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تۇنجى قېتىم تونىغان. تۈركىيە بۇ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتمەكتە. ئەزەربەيجاننىڭ ھاكىمىيەت شەكلى جۇمھۇرىيەت، ھازىرقى دۆلەت رەئىسى ھەيدەر ئالىيەۋنىڭ ئوغلى ئىلھام ئالىيەۋ.

ئەزەربەيجان غەربتە ئەرمەنىستان، غەربى جەنۇپتا تۈركىيە، غەربى شىمالدا گىروزىيە، جەنۇپتا ئىران، شىمالدا روسىيە فېدېراتسىيونى ۋە شەرقتە كاسپى دېڭىزى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

پايتەختى باكۇ، مۇھىم شەھەرلىرى: سۇمگايىت، گۇبا، ئالى بايراملى، گەنجە، شۇشا، ھانكەندى، نافتالان، شەكى، لەنكارەن ۋە مىنگەچەۋىردۇر.

ئەزەربەيجاننىڭ رەسمىي تىلى ئەزەرى تۈركچىسى، پۇل بىرلىگى مانات، نوپۇسىنىڭ 90% ئەزەرى، % 10 تى رۇس، تالىس، لەزگى، يەھۇدى ۋە ئەرمەنىدۇر.

ئەزەربەيجاننىڭ ئىقتىسادىي بۈيۈك نىسبەتتە يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم تەبىئى بايلىقلىرى: دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، نېفت، تەبىئى گاز ۋە تۆمۈردۇر. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى: پاختا، تاماكا، ئۈزۈم، سەۋزە ۋە مېۋىدۇر. سانائەت تۈرلىرى نېفت قېدىرىپ تەكشۈرۈش، سونداژ ماشىنىلىرى

ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترونلۇق ئەشيا، توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە ۋە يېمەك ـ ئىچمەك سانائىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەزا بولغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ب د ت، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، قارا دېڭىز ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### قاراباغ مەسىلىسى

روسىيە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك 1882 ـ يىلى ئېتنىك تەركىپىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزىگە يېقىن بىر خەلق تەشكىل قىلىش ئۈچۈن ئىراندىكى ئەرمەنىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، كۆپ قىسمىنى ئەرىۋان ۋە قاراباغقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئەرمەنىلەر 19 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئوسمانلى ـ رۇس ئۇرۇشىدا روسلار تەرىپىدە تۇرغان. بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە بولشېۋىك روسلار ھاكىمىيەتكە ئۆتىشى بىلەن قاراباغ نەھجىۋان ئاپتونوم رايۇنىنى قۇرغان. بۇنداق ئايرىلىش ئەزەربەيجانلىقلارغا زىيان كەلتۈرگەن. بىر تەرەپتە ئەزەرى تۇپراقلىرىدا ئەرمەنىلەر سۆز ساھىبى بولىدىغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈنلەي ئەزەرى يۇرتى بولغان نەھجىۋان ئەزەربەيجاندىن ئايرىۋېتىلگەن.

ئەرمەنىستان 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قاراباغنى ئۆز تۇپراقلىرىغا قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. بۇ ئەھۋاللاردا مىللەتچىلىك ۋە دىن مۇھىم رول ئوينىغان.

1988 ـ يىلى 18 ـ ئۆكتەبىردە ئەرمەنىلەر ئەرىۋاندا قاراباغنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ، نامايىش قىلغان. 1988 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدا قاراباغ ئاپتونوم رايۇنلۇق مەجلىس ئەرمەنىستانغا قوشۇلۇش قارارى ئالغان. لېكىن سېۋېت مەركىزى ھۆكۈمىتى بۇ قارارنى قوبۇل قىلمىغان. بۇ ئەھۋال ئەزەرىلەر بىلەن ئەرمەنىلەر ئوتتۇرىسىدا دۆلەت ۋە خەلق دەرىجىسىدە زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلغان. 1990 ـ يىلى يانۋاردا ئەرمەنىلەر بىلەن ئەزەرىلەر ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. سېۋېت قىسىملىرى توقۇنۇشنى باستۇرۇش ئۈچۈن باكۇغا كېلىپ كۆپ ساندا ئەزەرىنى ئۆلتۈرگەن.

ئەزەربەيجان 1991 ـ يىلى سېۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قاراباغنىڭ ئاپتونوم رايۇنلۇق دەرىجىسىنى بىكار قىلغان. بۇنىڭغا قارشى قاراباغ ئەرمەنىلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەزەربەيجان مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن قاراباغ ئەرمەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق ئۇرۇش باشلىنىغان. قاراباغ ئەرمەنىلىرى ئەرمەنىستان ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايۇنلىرىدىكى كاپىتالىست ئەرمەنىلەردىن ياردەم ئېلىپ، ئىشغال ساھەسىنى كېڭەيتكەن. 1992 ـ يىلى ئەرمەنىستان ۋە قاراباغ ئوتتۇرىسىدا بىر كارىدور ئېچىش ئۈچۈن لاچىن ۋە ئەتراپىنى ئالغان. بۇ ۋاقىتلاردا ئەزەربەيجاندا يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار ئەرمەنىلەرنىڭ راھەت ئىلگىرىلىشىگە

شارائىت يارىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە ئەرمەنىلەر ئەزەربەيجان تۇپراقلىرىنىڭ 30%نى ئىشغال قىلغان. قاراباغ مەسىلىسى ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمەنىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزغان. بۇ ئەھۋاللاردىن تۈركىيەمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان. تۈركىيە بۇ رايوندا تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر پىلان ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ بۇ پىلان ئەرمەنىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

ئىككى تەرەپلىك ۋە خەلقئارالىق كېلىشتۈرۈشلەر بولسىمۇ ئەمما قاراباغ مەسىلىسى ھەل قىلىنالمىغان.

### كاۋكازدىكى باشقا مۇسۇلمان تۈرك خەلقلىرى

كاۋكازدا روسىيە فېدىراتسىيونىغا باغلىق داغىستان، شىمالىي ئوسەتيا، چېچەن-ئىنگۇش ۋە قاراتاي بالقار ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرى بار. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەتتە دانە ئاپتونوم رايون بار. بۇلار روسىيەگە قارايدىغان ئادىگېي، قاراچاي-چەركەز، ئەزەربەيجانغا قارايدىغان نەھجىۋان، يۇقىرى قاراباغ، گىروزىيەگە قارايدىغان ئابھازىستان ۋە جەنۇبىي ئوسەتيا قاتارلىقلار.

#### 1. چېچەن-ئىنگۇشلار

چېچەن ۋە ئىنگۇشلار كاۋكاز رايونىنىڭ ئەڭ قەدىمقى مىللەتلىرىدىن بىرى. چارلىق دەۋرىدىن باشلاپ روسلارغا قارشى كۈرەش قىلغان بۇ مىللەتلەر سېۋىت دەۋرىدىمۇ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان. 1941-1943-يىللار ئارىسىدا روسلارغا قارشى ئىسيان چىقارغان. 1944-يىلى سىبىريا ۋە قازاقىستانغا سۈرگۈن قىلىنغان. چېچەنلەر سۈرگۈن جەريانىدا كۆپلىگەن ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1950-يىللاردا يۇرتلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن ئىنگۇشلار روسىيە فېدىراتسىيونىدا قېلىشنى تاللىغان بولسا، چېچەنلەر مۇستەقىللىق كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرغان. چېچەن-ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى چېچەنلىرى 1991-يىلى 1-نويابىر روسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل چېچەن جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇنى تونىمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ قايتىدىن ئىشغال قىلغان. چېچەنلەر بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كۆنىمىزگىچە داۋاملاشماقتا.

#### 2. قۇمۇقلار

كاۋكازدا ئەزەرىلەردىن كېيىنكى ئەڭ كۆپ تۈرك قەۋمى قۇمۇقلاردۇر. نوپۇسى 1989-يىلى 282.178 ئەتراپىدا ئىدى. قۇمۇقلارنىڭ 82% تى روسىيە فېدېراتسىيونىغا

قارايىدىغان داغىستاننىڭ ھەسەنيۇرت، بابا يۇرت، قىزىل يۇرت، بويىتاق، قاياكەنت ۋە ماھاچقالە رايونلىرىدا ياشايدۇ.

### 3. قاراچايلار

مىللەت تەركىۋى جەھەتتىن قۇمان تۈركلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان قاراچايلار بالقار تۈركلىرى بىلەن ئوخشاش تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە. بۇ تۈرك قەۋمى 1944 ـ يىلى ستالىن تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان. 1950 ـ يىللاردا ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. قاراچايلارنىڭ نوپۇسى 1989 ـ يىلى 156.140 ئەتراپىدا ئىدى. بۇ نوپۇسنىڭ 80% دىن كۆپ قىسمى كۈنىمىزدە ئۆز يۇرتى بولغان قاراچاي چەركەز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشىماقتا.

### 4. بالقارلار

ھازار ياكى بۇلغار تۈركلىرىنىڭ ئەجدادىدىن بولغان تۈركلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان. 1957 ـ يىلى يۇرتلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. 1989 ـ يىلدىكى نوپۇس تىزىملاشتا 88.000 قابارتاي ـ بالقار ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشىماقتا.

### 5. نوگايلار

نوگايلار چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن نوگاينىڭ ئەجدادىدىن كېلىدۇ. داغىستاننىڭ تەرەك دەرياسى يېنىدا ياشايدىغان نوگايلارنىڭ 1989 ـ يىلدىكى نوپۇسى تەخمىنەن 79.000 ئەتراپىدا.

### 6. قۇندۇر ۋە كاۋكاز تۈركمەنلىرى

قۇندۇرلار نوگايلارغا ناھايىتى يېقىن بولغان بىر تۈرك قەۋمى. كاۋكاز تۈركمەنلىرى 17 ـ ئەسىردە بۇيۇك تۈركمەن خەلقىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان. نوپۇسى تەخمىنەن 15.000 ئەتراپىدا.

### ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى

ئىسلامىيەت ئوتتۇرا ئاسىياغا 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىرگەن. ئىسلامىيەت ئوتتۇرا ئاسىيانى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھازارىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغان. بۇ جۇغراپىيىدە قاراخانلى تۈركلىرى بىلەن باشلىغان ئىسلام ھاكىمىيىتى سەلجۇقلار، غەزنەلىكلەر، خارەزىم شاھلىلار، تۆمۈر ۋە ئۆزبېك خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن داۋاملاشقان.

روسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا 18-ئەسىردە قازان تۇپراقلىرى، 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا باشقا رايونلارنى ئىشغال قىلغان. روسىيە 1854-يىلىدىكى قىرىم ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بالقان، كاۋكاز ۋە ئاناتولىيەدە ئىلگىرلىيەلمەيدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىپ نىشانىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان. روسلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا بۇ رايوندا كېڭىيىۋاتقان ئەنگلىيەگە قارشى چىقىش ۋە سانائەتكە خام ماددا تېپىش، ۋەھشى مەدەنىيەتسىز دەپ بىلىدىغان تۈركلەرگە مەدەنىيەت تونۇتۇپ، خىرىستىئانلىقنى تەشۋىق قىلىشقا ئوخشاش سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن. ئەسلىدە روسلارنىڭ مەدەنىيەت تونۇتۇش پىكرى ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى تۈركلەر مەدەنىيەتسىز بولمىغانغا ئوخشاش يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە روسلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرگە بولۇپمۇ يېزا خەلقىگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ياۋروپالىقلار بۇنىڭغا ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تۈركىستانلىقلارنىڭ ياردەم تەلىۋىگە ئىجابى جاۋاب بەرمىگەن. خىۋە خانلىقى، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە قوقاند خانلىقى دۈشمەنگە قارشى بىرلىك قۇرالماسلىق بىلەن بىرگە بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ ئۆز كۈچىنى ئاجىزلاتقان. روسلارنىڭ مۇنتىزىم زامانىۋى قۇراللىرىغا قارشى تۈركلەرنىڭ چېچىلاڭغۇ قىسىملىرى، قىلىچ، ئوق ۋە چاقماق مىلتىقلىرى بار ئىدى. بۇ باسقۇچتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك دۆلىتى ئوسمانلىلار جۇغراپىيە يىراقلىق، ماددى يېتەرسىزلىكى، غەرب دۆلەتلىرى ۋە ئىراننىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتەرلىك ياردەم قىلالمىغان.

روسىيە 1864-يىلى ئاق مەسجىد (قىزىل ئوردا)، 1865-يىلى تاشكەنت، 1868-يىلى سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغان. 1868-يىلى بۇخارا، 1873-يىلى ھىۋە ۋە قوقاند خانلىقىنى ئۆزىگە باغلىق بىر دۆلەت ھالىغا كەلتۈرگەن. 1876-يىلى قوقاند خانلىقىغا خاتىمە بەرگەن. ئەڭ ئاخىردا تۈركمەنلەر 1884-يىلى ئىمكانسىزلىق ۋە دۇنيانىڭ قول ئۇزارتماسلىقى تۈپەيلىدىن روسلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قالغان.

روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى بوزقىر ئومۇمىي ۋالىلىقى ۋە تۈركىستان ئومۇمىي ۋالىلىقى نامىدا باشقۇرغان. بۇ تۇپراقلارنىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە روس كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈپ ئېتىنىك ۋە ئىقتىسادىي تەركىپىنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنى ئاساسەن روس توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۈچۈن كېرەكلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى قىلىپ تەسىس قىلىپ، خام ئەشيا مەنبەسى قىلغان.

روسىيەدە 1917-يىلى بولشېۋىك ئىنقىلابى پارتىلىغاندا تۈركلەرگە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرستى كەلگەن. لېكىن تۈركلەر يېتەرلىك تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالمىغان. 1917-يىلىڭ 1-15-ماي ئارىسىدا موسكۋادا پۈتۈن روسىيە مۇسۇلمانلىرى بىرىنچى قۇرۇلتىيى توپلىنىپ، كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قارارلار ئالغان. ئەينى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىللىق كۆرىشى

قىلىشۋاتقان مۇھاپىزىكار ئۆلىمالار جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام شۇراسى كېلىشەلمەسلىكتە ئىدى ۋە تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەرنىڭ بىرلىكى بۇزۇلغان.

بۇ ۋاقىتتا لېنىن ۋە ئەتراپىدىكىلەر چارلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىدە مۇسۇلمانلارنى يېنىغا تارتىشقا ئۇرۇنغان. بۇ پىكىر ئەتراپىدا سېۋىت ئىتتىپاقىغا قېتىلىدىغان مىللەتلەرگە خالىسا مۇستەقىللىقنى بېرىدىغانلىقنى ۋەدە قىلغان. ئىلگىرىكى تۈزۈمنىڭ زۇلمى ۋە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىنگىلىز خەۋپىنى خاتىرلاتقان. سېۋىتنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى بىلىدىغان ئۆلىمالار جەمئىيىتى ۋە ئىسلام كېڭىشى تەكرار بىرلەشكەن. بۇ ئىتتىپاق 1918 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردا قوقانتتا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. لېكىن موسكۋا بولشېۋىكلارنىڭ ئەمرى بىلەن 1918 ـ يىلى 14 ـ فېۋرالدا قوقانغا كېلىپ 14.000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بۇ جۇمھۇرىيەتكە خاتىمە بەرگەن. سېۋىت بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ھەرىكەتلەرنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا باستۇرغان. بۇ ۋاقىتتا تۈركىستان خەلقى سېۋىت ئىشغالىغا قارشى باسمىچىلار دەپ ئاتالغان قارشىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. بۇ ھەرىكەت 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرىدا بۇ رايونغا كەلگەن ئەنۋەر پاشانىڭ قېتىلىشى بىلەن كۈچلەنگەن. سېۋىت ئەنۋەر پاشانى 192 ـ يىلى شېھىد قىلىپ باسمىچىلىق ھەرىكىتىنى تۈگۈتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ بۇ ھەرىكەت 1931 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان.

بولشېۋىكلار تۈركىستاندا ھاكىمىيىتىنى باسقۇچ ـ باسقۇچقا بۆلۈپ قۇرغان. 1918 ـ يىلى تۈركىستان ئاپتونوم سېۋىت سوتسىيالىست جۇمھۇرىيىتى ۋە قىرغىز قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەقىللىقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇخارا، ھىۋە خانلىقى، 1920 ـ يىلى قىزىل ئوردۇ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، بۇ يەردىكى ھاكىمىيەت بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ھىۋە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇلغان. 1924 ـ يىلى ستالىننىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەر كومىسارلىقى ۋە موسكۋانىڭ قارارى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنغان. بۇرۇنقى دۆلەتلەر بىكار قىلىنىپ تۈركمەنىستان سېۋىت سوتسىيالىست جۇمھۇرىيىتى، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان ئاپتونوم سېۋىت سوتسىيالىست جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلغان. 1936 ـ يىلى بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ھوقۇقلۇق بىردىن ئەزا دۆلەتكە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ئەھۋال 15 تولۇق ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتتىن تەركىپ تاپقان سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ بەش جۇمھۇرىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى تەشكىل قىلغان.

### 1. قازاقىستان

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك قەۋملىرىدىن بىرى قازاقلاردۇر. قازاق سۆزىنىڭ ئەركىن، ھۆر، مەرت ۋە يىگىت دېگەن مەنىسى بار. قازاقىستان 1991 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىردە سېۋىتتىن ئايرىلغانلىقنى 1991 ـ يىلى 16 ـ نويابىردا مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان.


ئەخمەد يەسەۋى قەۋرىسى (قازاقىستان)

ھاكىمىيەت تەركىبى جۇمھۇرىيەت بولۇپ مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دۆلەت رەئىسى نۇر سۇلتان نازار بايېۋدۇر. تۈركىيە قازاقىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تۇنجى تونىغان دۆلەتلەردىن بىرىدۇر. ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە تەرەققى قىلماقتا.

قازاقىستاننىڭ رەسمىي تىلى قازاقچە، پۇل بىرلىگى تەنگەدۇر. تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك يۈز ئۆلچىمىگە ئىگە. نوپۇسى (1999-يىل) 15 مىليون. نوپۇسىنىڭ 53.40% قازاق، 29.95% رۇس، 2.6% نېمىس، 3.6% ئوكرائىن ۋە 10.63% باشقا ئېتنىك مىللەتلەردۇر.

پايتەختى ئاستانە، مۇھىم شەھەرلىرى: ئالمائاتا، تارز (جامبۇل)، چىمكەنت، تۈركىستان (يەسى) سەمىپالتىنسك (يەتتى تام)، قاراگاندا، كۆكچەتاۋ، كۇستاناي، تۇرگاي، گۇريەۋ ۋە بايقۇنۇردۇر.

قازاقىستاننىڭ قوشنىلىرى شەرقتە جۇڭگو، جەنۇپتا قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، غەرب ۋە شىمالدا روسىيەدۇر. دۆلەتنىڭ غەربى كاسپى دېڭىزىغا ساھىلدۇر. ئەزا بولغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ب د ت، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن ئىبارەت.

قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي بۈيۈك نىسبەتتە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم تەبىئى بايلىقلىرى: نېفىت، تەبىئى گاز، كىروم، ۋولفرام، ئالتۇن، زىنىك، كۈمۈش، تۆمۈر ۋە كۆمۈردۇر. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى: بۇغداي، پاختا، گۆش، سۈت، ياغ ۋە سۈزمە قېتىقتۇر. سانائەت تۈرلىرى: يېزا ئىگىلىك سانائىتى، مېتاللورگىيە، يىنىك سانائەت، نېفىت سانائىتى، يېمەك-ئىچمەك سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىقتۇر.

### 2. قىرغىزىستان

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىلىرىدىن بىرى قىرغىزلاردۇر. قىرغىز قىردا يۈرۈش دېگەنلىكتۇر. قىرغىزىستان 1990-يىلى 15-دېكابىردا سېۋىت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغانلىقىنى، 1991-يىلى 1-ئاۋغۇستتا مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان. ھاكىمىيەت شەكلى جۇمھۇرىيەت بولۇپ مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ 2006-يىلغىچە دۆلەت رەئىسى ئەسقەر ئاقايېۋ. كۈنىمىزدە 2011 دىكى سايلامدا ئالماز

ئاتامبايەۋ جۇمھۇر رەئىسلىككە سايلاندى. تۈركىيە قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تۇنجى تونىغان دۆلەتتۇر. قىرغىزىستان تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتمەكتە.

قىرغىزىستاننىڭ رەسمىي تىلى قىرغىزچە. پۇل بىرلىكى سوم، نوپۇسى (1999يىلى) 4.852.400. نوپۇسنىڭ %56.1 نى قىرغىز، %14.9نى روس، % 5.4 ئۆزبېك، %1.5 ئوكرائىن ۋە %7.8 باشقا ئېتنىك مىللەتلەر تەشكىل قىلماقتا. قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەك. مۇھىم شەھەرلىرى: ئوش، جالالئاباد، تالاس، نارىن، قاراقۇل، قارا بالتا، ئىسسىق كۆل، چۆلپان ئاتا ۋە توقماق.


قوشنىلىرى شەرقىي شىمالدا جۇڭگو، شىمالدا قازاقىستان، غەربىي جەنۇپتا تاجىكىستان ۋە غەربىدە ئۆزبېكىستاندۇر. ئەزا بولغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ب د ت، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى.

### 3. ئۆزبېكىستان

ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. ئۆزبېك ئۆز ئۆزىگە بەگ، ھاكىم، ساغلام دېگەنلىكتۇر. ئۆزبېكلەر تۈركىستاندا تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىپ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۆزبېكىستان 1990-يىلى 20-ئىيۇندا سېۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغانلىقىنى، 1991-يىلى 1-سېنتەبىردە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان. ھاكىمىيەت شەكلى جۇمھۇرىيەت بولۇپ مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ دۆلەت رەئىسى ئىسلام كەرىموۋدۇر.

تۈركىيە ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تۇنجى تونىغان دۆلەتتۇر. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرەققى قىلماقتا.

ئۆزبېكىستاننىڭ رەسمىي تىلى ئۆزبېكچە بولۇپ، پۇل بىرلىكى سومدۇر. نوپۇسنىڭ %75 ئۆزبېك، %10 تاتار، %6 روس، %5 تاجىك ۋە %4 قازاقلاردىن تەركىپ تاپقان.




پايتەختى تاشكەنت، مۇھىم شەھەرلىرى: سەمەرقەنت، بۇخارا، خىۋە، قوقاند، ئەندىجان، نەمەنگان، قارشى، نەۋائى، چىرزاك، ئۈرگەنچ ۋە نۇكۇستۇر.

قوشنىلىرى: شىمال ۋە غەربىي شىمالدا قازاقىستان، شەرقتە قىرغىزىستان، جەنۇپتا ئافغانىستان، شەرقىي شىمالدا تاجىكىستان، غەربىي جەنۇپتا تۈركمەنىستاندۇر. ئەزا بولغان

خەلقئارالىق تەشكىلاتلار: ب د ت، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى.

دۆلەت ئىقتىسادىي بۈيۈك نىسبەتتە يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم تەبىئى بايلىقلىرى: تەبىئى گاز، نېفت، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، كۈمۈش، ۋۇلفرامدۇر. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى: پاختا، بۇغداي، سەۋزە، مېۋە، يىپەك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئاساسلىق سانائەت تۈرلىرى: دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە، خېمىيەلىك ماددىلار ۋە يىمەك سانائىتىدۇر.

ئۆزبېكىستانغا قارايدىغان قاراقالپاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى بار. قاراقالپاقلارنىڭ نوپۇسى 500.00 ئەتراپىدا.

### 4. تۈركمەنىستان

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك قەۋملىرىدىن بىرى تۈركمەنلەردۇر. ئوغۇزلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىرىغا تۈركمەن دېيىلىشى، باشقا بىر قاراشقا ئاساسەن تۈرك كەلىمىسىگە كىشى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مەن سۆزىنىڭ قوشۇمچە قىلىنىشى بىلەن تەشكىل قىلىنغان. تۈركمەنىستان 1991-يىلى 22-ئاۋغۇستتا سېۋىتتىن ئايرىلغانلىقىنى، 27-ئۆكتەبىر 1991-يىلى مۇستەقىل بولغانلىقى جاكارلىغان. ھاكىمىيەت شەكلى جۇمھۇرىيەت بولۇپ مۇستەقىل بولغاندىن باشلاپ 2007-يىلىغىچە ساپار مۇرات تۈركمەنباشىدۇر. تۈركمەنباشىنىڭ ئۆلىشى بىلەن 2007 دىن ھازىرغىچە قۇربان گۇلى بەردىمۇھەممەدوپ جۇمھۇر رەئىسلىكنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. تۈركمەنىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى دۇنيادا تۇنجى تونىغان دۆلەت تۈركىيەدۇر. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە.

تۈركمەنىستاننىڭ رەسمىي تىلى تۈركمەنچە بولۇپ، پۇل بىرلىگى مانات، نوپۇسى (1999-يىل) 4.993.500. نوپۇسىنىڭ 73% تۈركمەن، 9% ئۆزبېك، 7% روستۇر. پايتەختى ئاشخابات، مۇھىم شەھەرلىرى: مەرۋە، تۈركمەنباشى، تاش ھاۋۇز، چارجۇۋ، تەبىتداغ، كۆھنە ئۈرگەنچ، كەركى، دارۋازا ۋە قىزىل ئارۋادۇر.

قوشنىلىرى: شەرقىي شىمالدا ئۆزبېكىستان، غەربى شىمالدا قازاقىستان، جەنۇپتا ئىران ۋە ئافغانىستاندۇر. دۆلەتنىڭ غەربىي كاسپىي دېڭىزىغا ساھىلدۇر. ئەزا بولغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلىرى: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، ب د ت ، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى.

تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى، بولۇپمۇ پاختا تېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم تەبىئى بايلىقلىرى: تەبى گاز، نېفت، قوغۇشۇن، ئىيوت، سۇلفات ۋە تۇزدۇر. ئاساسلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى:

بۇغداي، پاختا، سەۋزە، مېۋە ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئاساسلىق سانائەت تۈرلىرى: توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە، تەبىئىي گاز، يېنىك سانائەت، نېفىت-خىمىيە ۋە يېمەك سانائىتىدۇر.

## 5. سابىق سېۋىت ئىتتىپاقىدا مەۋجۇد بولغان باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۈنىمىزدىكى ئەھۋالى

ئىسلام ھاكىمىيىتى 13-ئەسىردە ئالتۇن ئوردا دۆلىتى ئارقىلىق روسىيە ئىچىگىچە كىرگەن. روسلار 1238-1480-يىللارغىچە تەخمىنەن 200 يىل ئالتۇن ئوردا دۆلىتى ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان. ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ 1480-يىلىدا يىقىلىشىدىن كېيىن ئىنتىقام ھىرسى بىلەن ھەرىكەت قىلغان روسىيە شەرققە قاراپ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپراقلىرىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغان. بۇ ھەرىكەتتە سلاۋ مىللەتچىلىكى ۋە ئورتودوكس مىسسىئونېرلىكى مۇھىم رول ئوينىغان. روسلار مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن كۆرەش قىلىشنى مىللىي ۋە دىنىي بىر ۋەزىپە دەپ قارىغان. ئىدىل، قىرىم، بالقان، كاۋكاز ۋە تۈركىستان رايونلىرىدا ئىشغال ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان.

1552-يىلى قازان خانلىقى، 1556-يىلى ئەژدەرھان خانلىقى (ئاستىرىخانلار) 1628-يىلىدا كۈچۈم خانلىقى، 1681-يىلىدا قاسىم خانلىقى، 1777-يىلى نوگاي خانلىقى ۋە 1783-يىلى قىرىم خانلىقىنى ئىشغال قىلغان. بۇ رايوندا ياشاۋاتقان تۈركلەر چار ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن 1917-يىلى مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىگە ئاتلانغان بولسىمۇ لېكىن مۇۋاپپىقىيەتكە ئېرىشەلمەي، ئاخىرىدا سېۋىتقا تەسلىم بولغان. سېۋىتنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن بۇ تۈركلەر روسىيە فېدېراتسىيونى، مولداۋا ۋە ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردە يېرىم مۇستەقىل ياكى ئاپتونوم ئوبلاست شەكلىدە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

### 1. قىرىم تۈركلىرى

قەدىمىي تۈرك يۇرتى بولغان قىرىم 1774-يىلى كىچىك قاينارجا كېلىشىمى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، 1783-يىلى روسىيە تۇپراقلىرىغا قوشۇۋېتىلگەن. قىرىم تۈركلىرى ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراپ، كۆپ قىسمى تۈركىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇرلۇنۇپ، ئورنىغا رۇس، ئوكرائىن، نېمىس ۋە بۇلغار قاتارلىق مىللەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1917- يىلى بولشېۋىك ئىنقىلابى ۋاقتىدا مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان. لېكىن سېۋىت ئىتتىپاقى 1920-يىلى بۇ يەرنى قايتىدىن ئىشغال قىلغان. 1921-يىلى قىرىم ئاپتونوم سېۋىت سوتسىيالىست جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. قىرىم تۈركلىرى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا نېمىسلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى دېگەن باھانە بىلەن 1944-يىلى 18-مايدا سىبىرىيە

ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئېغىر يول شەرتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋە تەبىئى شەرتلەرگە ماسلىشالمىغان يۈزمىڭغا يېقىن قرىم تۈركى ئۆلگەن.

سېۋىت ئىتتىپاقى قرىمنى 1954 ـ يىلى ئوكرائىناغا باغلىغان. 1967 ـ يىلى قرىم تۈركلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقى ھەققىدە قارار چىقارغان. 1968 ۋە 1969 ـ يىللىرىدا قرىم تۈركلىرىدىن بەش ياكى ئالتە مىڭ كىشىلىك بىر گۇرۇپپىنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. بۇلارغا ئىلگىرىكى مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى بېرىلمىگەنلىگى ئۈچۈن ئېغىر شەرتلەردە كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بىر قىسمى سىياسى ۋە ئىجتىمائىي بېسىملار بىلەن كەلگەن يەرلىرىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن.

قىسقىسى سېۋىت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قرىم تۈركلىرىنىڭ مەزلۇمىيەتى داۋاملاشقان.

سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن قرىم تۈركلىرى ئانا يۇرتلىرىغا ئېرىشىش ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغان. 1991 ـ يىلى مارتتا ئاق مەسجىدتە قرىم مىللى قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا مۇستاپا جەمىل قرىم ئوغلى رەئىسلىگىدە قرىم مىللى مەجلىسى تەشكىللەنگەن. بۇ مەجلىس ئوكرائىنا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ ئەمما 1991 ـ يىلى 4 ـ سېنتەبىردە مۇستەقىللىق قارارى ئالغان. قرىم تۈركلىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشى داۋاملىشىۋاتىدۇ.

## 2. قازان تۈركلىرى

قازان تۈركلىرى (تاتارلار) ئىدىل رايۇنىدا ياشايدۇ. قازان تۇپراقلىرى 1552 ـ يىلى روسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. بۇ تارىختىن باشلاپ روس ھاكىمىيىتىدە قالغان قازان تۈركلىرى چاروسىيەنىڭ 1917 ـ يىلدا يىقىلىشى بىلەن مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىگە ئاتلانغان بولسىمۇ ئەمما بولشېۋىكلارنىڭ ئىشغالىدىن قۇتۇلالمىغان. قازان تۈركلىرى سېۋىت ئىتتىپاقى دەۋرىدە روسىيە فېدېراتسىيونىغا قارايدىغان تاتارىستان ئاپتونۇم جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتىدۇ. 1990 ـ يىلى 3- ئاۋغۇستتا تاتارىستان پارلامىنتى سېۋىتتىن ئايرىلغانلىقنى جاكارلىغان بولسىمۇ ئەمما روسىيە بۇنى قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن تاتارىستان مىللى قۇرۇلتىيى تاتار مىللى مەجلىسىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ رايىنى سىناشتا 61.5% ئادەم مۇستەقىللىق تەرىپىدە ئاۋاز بەرگەن. نەتىجىدە موسكۋا بۇنىمۇ تونىمىغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم بىلەن تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى روسىيە فېدېراتسىيونىغا باغلىق قېلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

سابىق سېۋىت ئىتتىپاقى دەۋرىدە 7.000.000 بولغان تاتارلارنىڭ 1.900.000 مىليۇنى تاتارىستاندا ياشايدۇ. تاتارىستاندا يېزا ئىگىلىك بىلەن بىرلىكتە سانائەتمۇ تەرەققى قىلغان. مۇل نېفت ۋە تەبى گاز زاپىسى بار.

### 3. باشقىرتلار

ئىدىل ئورال رايونىدا ياشايدىغان تۈرك قەۋملىرىدىن بىرى باشقىرتلاردۇر. بۇ تۈرك قەۋمى تۈركىستاندىن كەلگەن قىپچاقلارنىڭ ئوغۇز ۋە پەچەنەك تارمىقىنىڭ ئارىلىششىدىن كېلىپ چىققان. ئالتىن ئوردا دۆلىتىدىن كېيىن قازان خانلىقى، نوگاي خانلىقى ۋە سىبىريا خانلىقى ھاكىمىيىتىدە ياشىغان. 1555 ـ يىلى روسلارنىڭ ئىشغال قىلىشىغا ئۇچرىغان. يۈز يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى 1917 ـ يىلىدا كۆچلەندۈرگەن بولسىمۇ لېكىن مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. بولشېۋىكلار 1919 ـ يىلى باشقىرت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرغان. باشقىرتلار ھازىر روسىيە فېدېراتسىيونىغا باغلىق باشقىردىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشىماقتا.

سابىق سېۋىت ئىتتىپاقىدا (1999) 1.600.000 باشقىرت بار ئىدى. كۈنىمىزدە باشقىردىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تopلام نوپۇسى 4.000.000. بۇنىڭ پەقەتلا 25% يەنى بىر مىليونى باشقىرتتۇر.

### 4. چۇۋاشلار

چۇۋاشلار ئىدىل ئورال رايونىدا ياشايدىغان تۈركلەردۇر. 17 ـ ئەسىردە چۇۋاش دەپ ئاتالغان. تۇپراقلىرى 1557 ـ يىلى روسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. كۈنىمىزدە روسىيە فېدېراتسىيونىغا قاراشلىق چۇۋاش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتىدۇ. 1.500.000 مىليونلۇق چۇۋاش جۇمھۇرىيىتىدە 950.000 چۇۋاش بار. «ر» تۈركچىسى دەپ ئاتالغان تۈرك شېۋىسى ئىشلىتىدۇ. كۆپىنچىسى خرىستىئان بولغان چۇۋاشلار ئارىسىدا ئىسلامىيەت ئىككىنچى دىن ۋە تېزلىكتە تارقالماقتا.

### 5. كۆكئوغۇزلار

كۆك ئوغۇز 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە ئىدىل ئورال رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن بالقان تۈركلىرىنىڭ نەسلىدىن كېلىدۇ. تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاناتولىيە تۈركلىرىگە يېقىن. تۈركلۈك ئىددىيىسى كۈچلۈك بولغان كۆكئوغۇزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئورتودوكس خرىستىئاندۇر. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامىيەتكە يېقىنلىشىش ئەھۋالى مەۋجۇد بولغان. مولداۋادىن باشلاپ سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقالغان. سېۋىتنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن مولداۋا جۇمھۇرىيىتىگە باغلىق 500.00 نوپۇسلۇق ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ئىچىدە قالغان. باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش كۆكئوغۇز تۈركلىرىمۇ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. 1991 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان خەلقنىڭ رايىنى سىناش سايلىمىدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئوكرائىنا ۋە مولداۋا تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

**6. قارايىملار (قارايلار)**


قارايىملار هازار تۈركلىرىنىڭ ئەجدادىدۇر. سانى ناهايىتى ئازلىغان. نوپۇسى 1989 ـ يىلى 2803 ئەتراپىدا ئىدى. يەر شارىدا يەھۇدىي دىنىغا مەنسۇپ بىردىنـ بىر تۈرك قەۋمىدۇر. بىر قىسمى ئىسرائىلغا كۆچتى. قالغانلىرى ئۇكرائىنا ۋە لاتۋىيەدە ياشىماقتا.

## 2. ئافرىقا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار

ئىسلامىيەت ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىغا 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىرگەن. يەرلىك بەربەرىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئىسلامىيەت 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرگە پۈتۈنلەي هاكىم بولغان. ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدىن كېيىن شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەغلەبىلەر، ئىدرىسىلەر، فاتىمىلەر، مۇرابىتلار، مۇۋاهھىتلەر ۋە مەملۇك قاتارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان.

ئوسمانلى دۆلىتى 1519 ـ يىلىدىن باشلاپ شىمالىي ئافرىقىنى هاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. ئوسمانلىنىڭ بۇ رايونغا كېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇسۇلمانلارنى باشتا پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، ۋەنەدىك قاتارلىق خىرىستىئانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، هەربىي بېسىمىدىن ساقلاش ئىدى. شىمالىي ئافرىقا ئۇزۇن يىللارغىچە ئوسمانلى هاكىمىيىتىدە قالغان.

ياۋروپالىقلار ئافرىقىنى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن 1920 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ قىتئەنىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى مۇستەملىكە قىلغان. باشقا دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش مۇستەملىكە مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى بولاڭ ـ تالاڭ قىلغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقىدا مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى باشلانغان. 1950 ـ يىللاردا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئافرىقا خەلقلىرى كەينى ـ كەينىدىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن.




شىمالىي ئافرىقا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن

ھاكىمىيەتكە كەلگەن كۈچلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خەلقنىڭ ئارزۇلىرىغا جاۋاب بېرىشتە يېتەرسىز قالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ رايونلاردا ھاكىمىيەتكە قارشى مۇخالىپەت ھەرىكەتلىرى باشلانغان. مىسىر، تونىس ۋە ئالجىرىيەدە مۇخالىپەت خەلقنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان شۇئارلىرى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى كۈچلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى ھەربىي كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن مۇخالىپەت كۈچلىرىنى باستۇرۇپ، دۆلەتتە تىنچلىق ئورنىتىشقا تىرىشماقتا.

باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى ئوخشاش ھەرىكەتلەر مۇقىملىقنى بوزىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ھاكىمىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى قىيىن ئەھۋالغا كېلىپ قالغان ۋە بەزى ۋاقىتلاردا مۇخالىپەت كۈچنى ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشتا سىناق قىلغان. كۈنىمىزدە 15 ئافرىقا دۆلىتىدە نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئافرىقا دۆلەتلىرىنى شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا دۆلەتلىرى دەپ بايان قىلىمىز.

## شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرى

شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر مىسىر، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش ۋە ماۋرىتانىيەدۇر. شىمالىي ئافرىقىنىڭ خەلقى بەربەرى بولغان غەربىي قىسمىغا مەغرىپ دېيىلىدۇ. بۇ رايونغا جايلاشقان ماراكەش، تونىس ۋە ئالجىرىيە مەغرىپ دۆلەتلىرى ئىسمى بىلەن بىر توپلۇلۇق قۇرغان. بۇ توپلۇلۇققا 1989-يىلى لىۋىيە ۋە ماۋرىتانىيە قوشۇلغان.

### مىسىر

مىسىر غەربتە لىۋىيە، شىمالدا قارا دېڭىز، جەنۇپتا سۇدان ۋە شەرقتە قىزىل دېڭىز بىلەن ئىسرائىلغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىر ئەرەب دۆلىتىدۇر. پايتەختى قاھىرە. نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلماندۇر. ئىسلامىيەت مىسىرغا ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە كىرگەن. بۇ يەر ئەمەۋىي ۋە ئابباسىي ھاكىمىيىتىدە قالغان. بۇ ۋاقىتتا مىسىردا تولۇن ئوغۇللىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى باشلانغان. ئۇلارنى يەنە بىر تۈرك خاندانى بولغان ئىھشىدىلەر، مەملۇكلار ۋە ئوسمانلىلار داۋاملاشتۇرغان. ئوسمانلىلارنىڭ مىسىردا 1517-يىلى باشلانغان ھاكىمىيىتى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سۈرگەن. مىسىر 1882-يىلى ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1922-يىلى 22-فېۋرالدا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

مىسىر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن پەلەستىن-ئىسرائىل مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. مىسىر ئىسرائىل بىلەن 1948، 1956، 1967 ۋە 1973-يىللىرىدا ئۇرۇشقان. بۇ ئۇرۇش

جەريانىدا بەزى زېمىنلىرىدىن ئايرىلغان. 1979 ـ يىلى كەمپ دەيۋىدتا تۈزۈلگەن كېلىشىم بىلەن ئىسرائىل ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنلاردىن چېكىنىپ چىققان.

مىسىر تىز تەرەققى قىلىۋاتقان دۆلەت، شۇنداقلا ئەرەب دۇنياسىنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدۇر. دۆلەتتە كۆپ پارتىيىلىك دېمۇكراتىك تۈزۈم بار. مىسىرنىڭ رەسمىي تىلى ئەرەبچە، پۇل بىرلىكى مىسىر جۇنەيھىدۇر. ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلىدۇ.

**لىۋىيە**

لىۋىيە غەربتە ئالجىرىيە، جەنۇپتا نىگىر ۋە چاد، شەرقىي شىمالدا سۇدان، شەرقتە مىسىر ۋە شىمالدا ئاق دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ تۇپراقلار 647 ـ يىلى ھەزرىتى ئۇسمان تەرىپىدىن فەتھ قىلىنغان. 1551 ـ يىلىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىدە قالغان. لىۋىيە 1912 ـ يىلى ئىتالىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. لىۋىيەنىڭ پايتەختى تىرىپولى، رەسمىي تىلى ئەرەبچە، پۇل بىرلىكى دىناردۇر. خەلقىنىڭ 97% مۇسۇلماندۇر. قۇرغاق ئىقلىم ھاكىم بولغان لىۋىيەدە يېتەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلالمايدۇ. نېفت مۇھىم كىرىم مەنبەسى.

لىۋىيە 1969 ـ يىلى شاھىشياۋ مۇئەممەر كاززافى رەھبەرلىكىدىكى ياش ئوفىتسىرلارنىڭ ھەربىي ئۆزگىرىشى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. كاززافى بىر تەرەپتىن رادىكال ئەرەب مىللەتچىلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بانكا، نېفتلارنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، غەرب ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇشقان. مىسىرنىڭ ئىسرائىل بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى تۈپەيلىدىن بۇ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان. 1977 ـ يىلى چادنىڭ ئائۇزۇ قۇرۇقلۇقىنى ئىشغال قىلغان. بۇنىڭ بىلەن چاد لىۋىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا رەسمىي بۆلۈنگەن.

1948 ـ يىلى فرانسىيەنىڭ بۇ يەردىن چېكىنىشى بىلەن لىۋىيە ئىچكى رايونلارغا قاراپ بېسىپ كىرىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە ۋە ئامېرىكا لىۋىيەگە ھۇجۇم قىلغان. ئامېرىكا 1986 ـ يىلى لىۋىيەنى بومبىلىغان. چاد ئامېرىكا ۋە فرانسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ 1987 ـ يىلى كاززافىنى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىتىلغان. 1991 ـ يىلى چاد بىلەن لىۋىيە ئوتتۇرىسىدا بىخەتەرلىك كېلىشىمى تۈزۈلگەن.

لىۋىيە غەرب ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تېرورىست دۆلەت دەپ ئېلان قىلىنغان. ب د ت 1992 ـ يىلى لىۋىيەگە قارشى ئېمبارگو قويغان. دۇنيادا كۆپلىگەن دۆلەتلەر لىۋىيە بىلەن ھاۋا قاتنىشىنى ئۈزگەن. خەلقئارا جەمئىيەت بۇ دۆلەتنى يېتىم قالدۇرغان. ئەنگلىيە 1990 ـ يىلى يۈز بەرگەن لوكاربىيە ئايروپىلان

ۋەقەسىدە لىۋىيەنى جاۋابكار دەپ جاكارلىغان. 2001-يىلى ئېچىلغان سوتتا لىۋىيەلىك تېرورىستلاردىن بىرى جىنايەتچى كۆرسىتىلىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. غەربنىڭ لىۋىيەگە قويغان ئېمبارگوسى داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرگە 2011-يىلدىكى ئەرەپ باھارىدا كاززافى ئۆلتۈرۈلۈپ، لىۋىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

## تۇنىس

تۇنىش شەرق ۋە شىمالدا ئاق دېڭىز، غەربتە ئالجىرىيە، جەنۇپتا لىۋىيە بىلەن چېگرىداشتۇر. ئىسلامىيەت تۇنىسقا 647-يىلى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە كىرگەن. 1534-يىلى بارباروس ھەيرەتتىن پاشا تەرىپىدىن ئوسمانلى دۆلىتىگە قوشۇلغان.

1881-يىلى فرانسوزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. تۇنىس 1956-يىلى 20-مارتتا ھەبىب بۇرگىبا رەھبەرلىكىدە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. دۆلەتنىڭ پايتەختى تۇنىس، رەسمىي تىلى ئەرەبچە، پۇل بىرلىكى دىناردۇر. ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىك ۋە ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە توقۇمىچىلىق، ئاپتوموبىل ۋە ئۆي ئەشيا سانائىتى تەرەققى قىلغان. تۇنىسنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرگەن ھەبىب بۇرگىبا 1975-يىلى ئۆمۈر بويى دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلانغان. ئۇ تۇنىسنى تەرەققى قىلغان، زامانىۋى بىر دۆلەت قىلىش ئۈچۈن بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. لېكىن بۇ ئىسلاھاتلار 1980-يىلدىن كېيىن دۆلەتكە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسلاھاتقا قارشى بولغان ئۆكتىچىلەر (مۇخالىپەت) پائالىيەتلىرىنى كۈچلەندۈرگەن. 1984-يىلى ئاچلىقتىن شىكايەت قىلغان بىر گۇرۇپ ئالدى بىلەن نامايىش قىلىپ، كېيىن ئىسيان قىلىشقا باشلىغان. بۇرگىنا بۇ ھەرىكەتلەرنى باستۇرغان بولسىمۇ ئەمما باش مىنىستىر زەينەل ئابىدىن ئەلى بىلەن ئارىسى ئېچىلغان. باش مىنىستىر زەينەل ئابىدىن ئەلى 1987-يىلى 7-نويابىردا ئارمىيەنىڭ ھىمايىسى بىلەن بۇرگىبانى ھاكىمىيەتتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ھاكىمىيەتكە چىققان. كۆپ پارتىيىلىق دېموكراتىيە قۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. 2011-يىلى زەينەل ئابىدىن ئەرەپ باھارىدا دۆلەتنى تەركېتىپ، ئەرەبىستانغا ئىلتىجا قىلغان.

## ئالجىرىيە

شىمالدا ئاق دېڭىز، شەرقتە لىۋىيە، جەنۇپتا مالى ۋە نىگېرىيە، غەربىي جەنۇپتا ماۋرىتانىيە، غەربتە ماراكەش بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىسلامىيەت ئالجىرىيەگە 670-يىلى كىرگەن. بۇ دۆلەت 1534-يىلى ئوسمانلى تۈپرىقىغا قوشۇلغان. 1830-يىلى فرانسوزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. ئالجىرىيە خەلقىنىڭ 99% قىسمى 1962-

يىلى 1-ئىيۇلدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق سايلىمىدا مۇستەقىللىق تەرەپتە تۇرۇپ، 132 يىللىق فرانسوز مۇستەملىكىسىگە خاتىمە بەرگەن.

دۆلەتنىڭ پايتەختى ئالجىرىيە، نوپۇسىنىڭ 99% مۇسۇلماندۇر. ئالجىرىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەبىئىي بايلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى ناھايىتى مول.

ئالجىرىيەدە 1986-يىلىدىن باشلاپ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغان. لېكىن بۇ تارىختىن باشلاپ دۆلەتتە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق باشلانغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئارمىيە بۇ ئەھۋالغا ئارىلىشىپ مۇقىمسىزلىقنى كونترول قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتالمىغان.

## ماراكەش پادىشاھلىقى

ماراكەش شىمالدا ئاق دېڭىز، شەرقتە غەربىي سەھرا، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىسلامىيەت بۇ رايونغا 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىرگەن. دۆلەت 1578-يىلى ئوسمانلى تۇپراقلىرىغا قوشۇلۇپ، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئايرىلغان. 19-ئەسىردە ئىسپانىيە ماراكەشنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. 1912-يىلى ماراكەشنىڭ جەنۇبىنى فرانسىيە، شىمالىنى ئىسپانىيە ئىشغال قىلىۋالغان. ماراكەش 1956-يىلى مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان. دۆلەت سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن بىرلىكتە پادىشاھلىق تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلماقتا.

ماراكەشنىڭ پايتەختى رابات، پۇل بىرلىكى دىرھەمدۇر. خەلقنىڭ 99% مۇسۇلماندۇر.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە يېتىدىغان نادىر ئافرىقا دۆلىتىدۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ كۆپ پوسفات زاپىسىغا ئىگە. ماراكەشتە سانائەتمۇ تەرەققى قىلماقتا.

## ماۋرىتانىيە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

شىمالدا ماراكەش ۋە ئالجىرىيە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان، جەنۇپتا سېنېگال، شەرقتە مالى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. ئىسلامىيەت ماۋرىتانىيەگە 11-ئەسىردە كىرگەن. بۇ يەر ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان. ماۋرىتانىيە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسوزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن 1960-يىلى 28-نويابىردا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

ماۋرىتانىيەنىڭ پايتەختى نۇۋاكشۇت، رەسمىي تىلى ئەرەبچە، پۇل بىرلىكى ماۋرىتانىيە ئوئويياسىدۇر. نوپۇسى 1.800.000. نوپۇسىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماندۇر.

داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەربىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن دۆلەتتە سىياسى مۇقىملىق ساقلىنالمىغان. ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

## غەربىي سەھرا

غەربىي سەھرا غەربىي شىمالدا ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدا 267.000 كۋادرات كىلومېتىر تۇپراققا ئىگە. دۆلەت دۇنيانىڭ مول فوسفات زاپىسىغا ئىگە بولۇپ، 1976 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان. بۇ ۋاقىتتا قوشنىلىرى ماراكەش، ئالجىرىيە ۋە ماۋرىتانىيە بۇ يەرنى ئۆز تۇپراقلىرىغا قوشۇش ئۈچۈن تالاشقان. ماراكەش بۇ رايوندا ھەققى بارلىقنى جاكارلاپ، 1975 ـ يىلى غەربىي سەھراغا قاراپ «يېشىل قەدەم» نامىدا بىر ھەرىكەت باشلىغان. 1976 ـ يىلى ئىسپانىيە غەربىي سەھرادىن چېكىنگەندىن كېيىن ماراكەش بۇ يەرنى ئۆز زېمىنىغا قېتىۋېلىشقا تىرىشقان.

ماراكەشكە ئەڭ قاتتىق قارشىلىق غەربىي سەھرانىڭ ئۆز خەلقىدىن كەلگەن. مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان پولسارىئۇ فرونتى، ئالجىرىيەنىڭ قوللىشى بىلەن كۆرەشكە ئاتلانغان. بۇنىڭ بىلەن غەربى سەھرا ئەرەب دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرغانلىقنى جاكارلىغان. بۇ دۆلەت كۆپ سانلىق دۆلەت تەرىپىدىن تونۇلغان. لېكىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ غەربىي سەھرا ئۈستىدىكى ئىگىدارچىلىق تەشەببۇسلىرى توختىمىغان. ماراكەش بىلەن پولسارىئۇ فرونتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىمزالانغان 1991 ـ يىلىدىكى كېلىشىم بىلەن توختىتىلغان. خەلق سايلىمى ئېلىپ بېرىلالمىغان. بۇ سەۋەپتىن غەربىي سەھرا مەسىلىسى ھازىرغىچە تولۇق ھەل قىلىنىپ بولالمىدى.

## ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەتلىرى

ئىسلامىيەت ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىغا 8 ـ ئەسىردە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە دېڭىزچىلار ئارقىلىق كىرىپ، تېزلىكتە تارقىلىشقا باشلىغان. تارىختا قاراتەنلىك مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى قۇرغان. 19ـ ئەسىردە ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق غەرب مۇستەملىكچى دۆلەتلەر بۇ رايۇننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلغان. ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا خەلقلىرى دۇنيادىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش مۇستەملىكچىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە باغلىق بولغان ئافرىقا خەلقلىرى ياۋروپالىق مۇستەملىكچىلەر ۋە مىسسىئونېرلارنىڭ بېسىمىغا قارىماي مىللى، دىنىي كىملىكلىرىنى قوغداشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئۈچتە ئىككى قىسمىنى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار كۆپ ساندا بولغان دۆلەتلەر: بوركىنافاسو، جىبوتى، چاد، گابون، گامبىيە، گىنە، لىبەريا، مالى، نىگېر، نىگېرىيە، سېنېگال، سومالى، سۇدان قاتارلىقلاردۇر. مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق بولغان دۆلەتلەر: بېنىن، ئەتىيوپىيا، فىلدىشى قىيىسى، گانا، گىنەبىسسەئۇ، كامېرون، كېنىيا، كونگو، مۇزامبىك، سىررەلەئونا، تانزانىيە، توگو، ئۇگاندا ۋە زائىرەدۇر.

ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى تۆۋەندىكىچە:

كۈنىمىزدە بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى ئىقتىسادىي نامراتلىق، چېگرا مەسىلىلىرى، قەبىلە ئۇرۇشلىرى، ھەربىي ئۆزگىرىش، نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ تېزلىكى، قۇرغاقلىق ۋە ئاچلىقتۇر. يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ ئەمما ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقى ۋە ئىنسان كۈچى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ.

بۇ دۆلەتلەر سىياسىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىز. چۈنكى تەبىئىي بايلىقلىرى مۇستەملىكىچى كۈچلەر تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان. يېڭى دەۋردە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بۇ ئۆز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلارنى قورۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقى مۇمكىن كۆرۈلمەكتە.

ئافرىقىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى ئاچلىقتۇر. ئاچلىق 1973، 1974 ۋە 1985، 1986 ـ يىللىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەھدىت ئاستىغا ئالغان. 200 مىليون خەلق ئاچلىق گىردابىغا دۇچ كەلگەن. ئاچلىق ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

### سۇداندىكى شىمال ـ جەنۇب توقۇنۇشى

ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ ئەڭ بۈيۈك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان سۇداندا، شىمالدا مۇسۇلمان ئەرەبلەر، جەنۇبتا خرىستىئان ۋە ئانىمىست نېگىرلار ياشايدۇ. سۇدان 1956 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشىش بىلەن جەنۇبتىكى نېگىرلار بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار جەنۇبتىكى نېفىتنى شىمالغا ئاققۇزۇشنى بىر جەھەتتىن مۇستەملىكە دەپ قارىغان. 1983 ـ يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبنى ئۈچكە ئايرىشى بىلەن قۇراللىق توقۇنۇش باشلىغان. 1985 ـ يىلى سۇداندا يۈز بەرگەن ئاچلىقتا جەنۇب كۆپ زىيان تارتقان. بۇ ئەھۋال ئىچكى ئۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلاتقان. سۇدان ھۆكۈمىتى 1988 ـ يىلى ئىسيانچىلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۆلەتتە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق داۋاملاشماقتا.

### ئەرىترە ۋە ئەتىيوپىيە كېلىشمەسلىگى

ئەتىيوپىيە (ھەبەشىستان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇسۇلمانلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلغان بىر دۆلەت. ئەتىيوپىيە ئافرىقىنىڭ باشقا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش مۇستەملىكىدە قېلىپ، 1941 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. لېكىن ئەتىيوپىيە 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇسۇلمان بىر دۆلەت بولغان ئەرىترە ئۈستىدە ئىگىدارچىلىق ھەققى تەلەپ قىلىشقا باشلىغان. بۇ يەرنى 1952 ـ يىلى تۇپراقلىرىغا قوشقان. بۇنىڭغا قارشى ئەرىترە ئازادلىق فرونتى قۇراللىق كۈرەش قىلىپ، 1991 ـ يىلى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن.

### سومالىدا ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئاچلىق

سومالى 1960 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئەتىيوپىيە بىلەن چېگرا توقۇنۇش بىلەن بىرلىكتە بۆلگۈنچى پارتىزانلار بىلەنمۇ كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قالغان. 1988 ـ يىلى بۆلگۈنچى پارتىزانلار پايتەخت موگادىشۇنى ئىشغال قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن باشلىغان ئىچكى ئۇرۇش 1992 ـ 1993 ـ يىلى دۆلەتنى ئاچلىق گىرداۋىغا مۇپتىلا قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ب د ت تىنچلىق قىسمى ئەۋەتكەن. بۇ قىسىمغا قېتىلغان تۈرك ئارمىيىسى 1994 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن. لېكىن سومالىدىكى توقۇنۇش كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

## 3. بالقان ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلار

بالقانغا ئىسلامىيەتنى تۈركلەر يەتكۈزگەن. ئوسمانلىلار 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ بالقان رايونىنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان. بۇ تارىختىن باشلاپ بالقاندا مۇسۇلمانلار بىر خەلقنى تەشكىل قىلغان. بۇ رايوندا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىدا ئاناتولىيەدىن بارغان تۈرك مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ بۈيۈك رولى بولغان. كۈنىمىزدە بالقاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئاناتولىيەدىن بارغان تۈركلەر، بىر قىسمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان بوشناك، ئالبان ۋە ماكېدونلاردۇر. بالقان مۇسۇلمانلىرى بوسنا ـ ھەرسەك ۋە ئالبانىيەدە كۆپ سانلىق، ماكېدونىيادا ئاز سانلىق ھالەتتە. بۇنىڭ



بىلەن بىرگە گرېتسىيە، بۇلغارىستان ۋە يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەلۇم نىسبەتتە مۇسۇلمانلار مەۋجۇد.

### 1. ئالبانىيە

ئالبانىيە شىمال ۋە شەرقىي شىمالدا يۇگوسلاۋىيە (قاراداغ) كوسوۋا، شەرقىدە ماكېدونىيە، جەنۇبى گرېتسىيە، غەربى ئادرىئاتىك دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان بىر دۆلەت. بۇ يەر تارىخ بويىچە كۆپ ۋاقىتلاردا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى ۋە بۇلغارلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. بۇ دۆلەت 1479 ـ يىلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت تەرىپىدىن فەتھى قىلىنىپ، ئوسمانلى دۆلىتىگە قوشۇلغان. ئالبانلارنىڭ كۆپ قىسمى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىر بېسىمغا ئۇچرىماي ئۆزلىگىدىن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان. ئالبانىيە 1912 ـ يىلى 28 ـ نويابىردا ئوسمانلىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان. لېكىن نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى ئالبان بولغان كوسوۋا سىربىستانغا قالغان.

ئالبانىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئىتالىيە، كېيىن گېرمانىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. ئەنۋەر خوجا ۋە مەھمەت شەھۇ رەھبەرلىكىدە ئىشغالدىن قۇتۇلۇپ، 1946 ـ يىلى سوتسىيالىست بىر خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرغان. ئالبانىيە 1980 ـ يىلى ۋارشاۋا تەشكىلاتىدا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ۋاقىتتا 1985 ـ يىلى ئەنۋەر خوجىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئالبانىيەدە يېڭى دەۋر باشلىغان. 1992 ـ يىلىدىكى سايلام بىلەن سوتسىيالىست تۈزۈمدىن دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتكەن. ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئىبادەتلەردىمۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولغان.

دۆلەتنىڭ رەسمىي تىلى ئالبانچە. پايتەختى تىرانا، مۇھىم شەھەرلىرى دۇررەس، ئىسكودرا ۋە ئەلبەساندۇر.

ئالبانىيەدە تەبىئى بايلىقلار: خروم، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، ئورماندۇر. ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى: پاختا، تاماكا، شېكەر قومۇشى ۋە ئاپتاپپەرەستۇر. ئاساسلىق سانائەت تۈرلىرى: نېفىت ـ خېمىيە، مېتاللورگىيە، ئەينەكچىلىك ۋە يىنىك سانائەت.

تۈركىيە بىلەن ئۇزۇن تارىخى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ئورتاقلىققا ئىگە. تۈركىيە بىلەن ئالبانىيە ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى يىللاردا مۇناسىۋەت تەرەققى قىلماقتا.

### 2. بوسنا ـ ھەرسەك جۇمھۇرىيىتى

بوسنا بالقاننىڭ يەرلىك خەلقىدۇر. ئىللىرىئا مەنبەلىك بوسنا كەلىمىسى ئەينى ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان دەريادىن كېلىپ چىققان. بۇ ئىسىم كېيىن دۆلەتنىڭ كەڭرى شىمالى رايونى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. دوك مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرسەك

ئىسمى 15-ئەسىردە پەيدا بولغان. بوشناكلار ئۆزلىرىنى ۋاقىت ۋىزانتىيە ۋە سىرپلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان. ئوسمانلى دۆلىتى بالقانلاردا ئىلگىرلەپ 1463-يىلى بوسنانى، 1483-يىلى ھەرسەكنى فەتىھ قىلغان.

كۆپىنچە، يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە ئورتودوكسلاردىن پەرقلىق بىر خرىستىئانلىق ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان بوشناكلار ئۆزىنى بوگومىن دەپ ئاتايدۇ. سىرپلار، بوگومىنلارغا زۇلۇم قىلغان. قىيىن شارائىتلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەن بوسنالىقلار ئوسمانلىلارنى قىزغىن قارشى ئالغان. بوشناكلار ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىدىن تەسىرلىنىپ، بىر قىسمى مۇسۇلمان بولغان. بۇلارغا بوشناك دېيىلگەن. بوشناكلار ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئەسلى ئەزاسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەردە ئولتۇرغان.

بوسنا-ھەرسەك 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارەك يىلىدا غەربنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئوسمانلى روس ئۇرۇشىدىن كېيىن 1818-يىلىدا ئىمزالانغان بېرلىن كېلىشىمى، بۇ رايوننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە يېڭى قارارلار ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كېلىشىم بىلەن بوسنا-ھەرسەكنىڭ رەھبەرلىكى ئوسمانلى دۆلىتىگە باغلىق بولۇش شەرتى بىلەن ۋاقىتلىق ئاۋىستىرىيە-ۋېنگىرىيە ئىمپېراتورلۇقىغا بېرىلگەن. ئاۋىستىرىيە-ۋېنگىرىيە ئىمپېراتورلۇقى 1908-يىلى بوسنا-ھەرسەكنى تۇپراقلىرىغا قوشقان. كېلىپچىقىدىن كۆپ ئەندىشەلەنگەن مۇسۇلمانلار بۇ قاراردىن كېيىن تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. بوسنا-ھەرسەك 1918-يىلى سىرىپ-خىرۋات سلوۋېن بىرلەشمە پادىشاھلىقىغا قوشۇلغان. 1941-1945-يىللىرىدا خىرۋاتىستانغا باغلانغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تىتو رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيونى قۇرغۇچى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا يەر ئالغان.

بوسنا-ھەرسەكتە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، دىن مەنبەلىك ئۈچ مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. مۇسۇلمانلار تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنى؛ سىرپلار ئورتودوكس ۋىزانتىيە سلاۋ مەدەنىيىتىنى؛ خىرۋاتلار كاتولىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. كۆپ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىر ئالاھىدىلىك بولماي ئەكسىچە داۋاملىق ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئېتنىك توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يۇگوسلاۋىيە 1990-يىلى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە ئوخشاش بوسنا-ھەرسەكمۇ 1991-يىلى مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان. يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى ۋە بوسنا سىرپلىرى دۆلەت ئىچىدىكى سىرپلارنىڭ يۇگوسلاۋىيەگە باغلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بوسنا-ھەرسەكتىكى سىرپلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىغان. يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى سىرپلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بوسنا-ھەرسەككە كىرگەن. بۇنىڭدىن باشلاپ سىرپلار قەتلىئام قىلىشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش بىر مەدەنىيەت ۋە ھازارات قەتلىئامىغا ئايلانغان.

سىرپىلار تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپ ساندا جامى، مەدرىسە، كۆۋرۈك قاتارلىق ئىمارەتلەر بىلەن ساراي بوسنادىكى ئىسلامى قول يازمىلار كۈتۈپخانىسىنى يىقىپ كۆيدۈرگەن.

خەلقئارا جەمئىيەت بۇ قەتلىئامنى توختىتىشتىن بىر مۇددەت چېكىنگەن. تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تىنچلىق ئۈرنىتىش ھەققىدىكى تىرىشچانلىقى بىر نەتىجە بەرمىگەن. ئاخىردا 1993 ـ يىلى ب د ت بوسنا ـ ھەرسەككە تىنچلىق قىسمى ئەۋەتكەن. بۇ قىسمغا ب د ت قارارى بىلەن تۈركىيەمۇ قېتىلغان. بۇ قىسىملار سىرپىلارنىڭ قەتلىئامىنى توختىتالمىغان. بۇ ۋاقىتتا خىرۋاتلار بوشناكلار بىلەن ئۆز ئارا كېلىشكەن. ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ 1995 ـ يىلى سىرپىلارنىڭ ئىشغالىدىكى بەزى رايۇنلارنى قايتۇرۋالغان. بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ۋە ناتو (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى)نىڭ مۇزاكىرىلىرى نەتىجە بەرگەن.

1995 ـ يىلى 21 ـ نويابىر ئامېرىكىنىڭ دېيتىز بازىسى دايتوندا ۋە 1995 ـ يىلى 14 ـ دېكابىر پارىژدا بۈيۈك بىر مۇراسىم بىلەن ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمى بىلەن ئۇرۇش توختىتىلغان. بۇ كېلىشىم بىلەن بوسنا ـ ھەرسەك جۇمھۇرىيىتى نامى ئاستىدا بىرى بوشناك ۋە خىرۋاتلارغا ئائىت بوسنا ھەرسەك ـ فېدېراتسىيونى، يەنە بىرى سىرپىلارغا ئائىت سىرپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان.

بوسنا ـ ھەرسەك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشنىلىرى: غەربتە خىرۋاتىستان، شەرقىي جەنۇپتا قاراداغ، شەرقتە سىربىستاندۇر. دۆلەتنىڭ پايتەختى ساراي بوسنادۇر. مۇھىم شەھەرلىرى: تۇزلا، موستار، زەنجا، بىھاق ۋە گوراقدەدۇر.

بوسنا ھەرسەكنىڭ تىلى بوشناكچە، خىرۋاتچە ۋە سىرپچىدۇر. پۇل بىرلىكى بوسنا ـ ھەرسەك دىنارى ۋە خىرۋات كوناسى، دىنىي ئىسلامىيەت، خرىستىئانلىق (ئورتودوكس ۋە كاتولىك)تۇر. ئىقلىمى قۇرۇقلۇق ئىقلىمدۇر.

بوسنا ـ ھەرسەكنىڭ تەبىئى بايلىقلىرى: تاش كۆمۈر، مەرمەر، قوغۇشۇن ۋە مانگاندۇر. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى: ئۈزۈم، بۇغداي، قۇناق، ماكا چامغۇر. ئاساسلىق سانائەت تۈرلىرى: پولات ـ تۆمۈر، ياغاچ سايمانلىرى، ئاياق ۋە توقۇمىچىلىقتۇر.

ئۇزۇن ۋە باي مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان تۈركىيە بىلەن بوسنا ـ ھەرسەك مۇناسىۋىتى كۈندىن كۈنگە ـ كۈچلەنمەكتە.

### 3. بۇلغارىيە ۋە گرېتسىيەدىكى مۇسۇلمان تۈركلەر

بۇلغارىيە ئوسمانلى ھاكىمىيىتىدە 500 يىل قالغان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە بولۇپمۇ ئاناتولىيەدىن كۆپ ساندا تۈرك شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالىي بۇلغارىيەگە يەرلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ رايۇنلاردا ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن قالغان تۈركلەرمۇ

بار ئىدى. بۇلغارىيەدىكى تۈركلەر مىللى كىملىكنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە بۇ تۇپراقلارنى بىر تۈرك ۋەتىنىگە ئايلاندۇرغان. ئوسمانلى دۆلتى بۇ يەردىن چېكىنىپ چىققان ۋاقىتدا تۈركلەرنىڭ نوپۇسى 1.500000 ئەتراپىدا ئىدى.

بۇلغارىستان 1908-يىلى ئوسمانلىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوتسىيالىست قۇتۇپقا قېتىلغان. بۇلغارىيە مۇستەقىللىقنى ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ يەردىكى تۈركلەرنى بۇلغارىيەدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنغان. بولۇپمۇ سوتسىيالىست دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرىغا چەكلىمە قويۇپ، تۈرك نوپۇسىنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. بۇنىڭ بىلەن بىسمىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ 1950-يىلى بۇلغارىيە ۋە تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا كۆچمەنلىك كېلىشىمى ئىمزالىنىپ 1968-يىلىغا قەدەر يېرىم مىليوندىن كۆپ تۈرك تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇلغار ھۆكۈمىتى 1985-يىلى تۈركچە ئوقۇشنى چەكلەپ، تۈرك ئىسمىنى مەجبۇرى ئالماشتۇرۇپ، ئىبادەتلەرگە چەكلىمە قويۇپ، تۈركلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا تىرىشقان. بۇلغارلاشتۇرۇشقا قارشى چىققان تۈرك يېزىلىرىنى ھەربى قىسىملار بىلەن قورشاۋغا ئالغان. بۇ زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن 300.000 تۈرك تۈركىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

بۇلغارىيە 1990-يىلى سوتسىيالىست تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتكەن. بۇ دەۋرىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھەقلەر قايتۇرۇپ بېرىلىپ تۈركلەر ئۈستىدىكى زۇلۇم توختىتىلغان. يېڭى دەۋرىدە تۈركلەر دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمگە قاتنىشىشقا تىرىشماقتا.

بىر ئەسىرگە يېقىن تۈرك ھاكىمىيىتىدە قالغان گرېتسىيەگە كۆپ ساندا تۈرك ئورۇنلاشقان. بۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى 1923-يىلى لوزان تىنچلىق كېلىشىمگە ئاساسەن تۈركىيەدىكى رۇملار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. غەربى تىراكىيا تۈركلىرى بىلەن ئىستانبۇل رۇملىرى بۇنىڭ سىرتىدا قالغان. لوزان تىنچلىق كېلىشىمى ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيە ۋە گرېتسىيەنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ھەق بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. گرېتسىيە بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ تۈركلەرنى ئىزىدىغان بىر سىياسەت يۈرگۈزگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئانا تىل، ئوقۇش، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقلىرىنى بەرمىگەن. يەنە گرېتسىيە لوزان تىنچلىق كېلىشى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇپتىلىكلەرگە چەكلىمە قويغان. گرېتسىيە ھۆكۈمىتى تۈرك تۇپراقلىرىنى دۆلەتلەشتۈرۈش، تۈركلەرگە باج قويۇش ۋە ئىشلەپچىقارغان سۈپەتلىك تاماكىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي بېسىملارنى قىلغان. گرېتسىيەنىڭ بۇ سىياستى ئەگە ئاراللىرى ۋە سىپروس قاتارلىق مەسىلىلەردە تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان دەۋرىلەردە تۈركلەر ئۈستىدىكى بېسىم تېخىمۇ كۈچەيگەن.

گىرېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىدىن قورقمىغان غەربىي تىراكىيا تۈركلىرى مىللىي كىملىگىنى قوغداپ، ئۇ يەردە قېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. كۈنىمىزدە بۇ رايوندىكى تۈركلەر گۈمۈلجىنە، ئىسكەنجە ۋە دىمەتوكا قاتارلىق مۇپتىلىكلەر بىلەن خىزمەت قىلماقتا.

**4. غەربىي ياۋروپادىكى تۈرك ۋە مۇسۇلمان خەلقلەر**

كۈنىمىزدە غەربىي ياۋروپادا مىليوندىن كۆپ مۇسۇلمان ياشاۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى چەتئەللىك، بىر قىسمى يەرلىك مۇسۇلمانلاردۇر. كۆپىنچىسى بۇرۇنقى مۇستەملىكە قىلىنغان ئىسلام دۆلەتلىرىدىن، ئوقۇش، ئىش ۋە خىزمەت قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كەلگەن چەتئەللىك مۇسۇلمانلار پۇخرالىققا ئۆتۈپ بۇ يەرلەرگە يەرلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركلەرگە ئوخشاش ئىشچى بولۇپ بارغان مۇسۇلمانلارمۇ بار. غەربىي ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىك ياۋروپالىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىسلامىيەت غەربىي ياۋروپاغا تېزلىكتە تارقالماقتا. ھەر يىلى كۆپلىگەن ئىنسانلار ئىسلامغا كىرىۋاتىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن بۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان. ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئەركىنلىك مۇھىتى ئىچىدە دىنىي ۋە مىللىي كىملىكلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر خىل تەشكىلاتلار ئەتراپىدا بىرلەشكەن.

غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلار بار. بۇلاردىن كۆپ ساندا مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ئەنگلىيەدە يەرلىك ۋە چەتئەللىك بولۇپ تەخمىنەن 1.500.000 مۇسۇلمان بار. چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى پاكىستان، بېنگال، ھىندىستان، ئۇگاندا، كېنىيە ۋە تانزانىيەلىكتۇر. مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەردە دىنىي جەھەتتىن بىر چەكلىمىگە ئۇچرىماي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

فرانسىيەدە يەرلىك ۋە چەتئەللىك 3.000.000 مۇسۇلمان بار. بۇ رەقەم بىلەن مۇسۇلمانلار دۆلەتتە ئىككىنچى بۈيۈك دىنىي گۇرۇپنى تەشكىل قىلىدۇ. چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالجىرىيە، ماراكەش، تۇنىس، يۇگوسلاۋىيە ۋە تۈركىيەلىكتۇر. فرانسىيەگە تەخمىنەن ھەر يىلى 20.000 مۇسۇلمان كېلىۋاتىدۇ.

گېرمانىيەدە يەرلىك ۋە چەتئەللىك 2.000.000 مۇسۇلمان بار. مۇسۇلمانلارنىڭ 1.500.000 تۈركتۇر. غەربىي گېرمانىيە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيە ۋە شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن كۆپ ساندا ئىشچى قوبۇل قىلغان. ئىككى گېرمانىيەنىڭ بىرلىشىشى بىلەن تۈركلەرگە ئىش تېپىش تەسلەشكەن ۋە ئىرقچى ھوجۇملارغا ئۇچرىغان. بۇنىڭ

بىلەن بىللە گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان تۈركلەر ئانا ۋەتىنى تۈركىيەگە بولغان سۆيگۈسى ۋە مىللى كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ ساندا تەشكىلات ئەتراپىدا توپلانغان.

## 4. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار

ئامېرىكا قىتئەسى يېڭى كەشپ قىلىنغىنىغا قارىماي بۇ يەرلەرگىمۇ ئىسلام كەلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قەدىمقى ۋاقىتلاردا باشلانغان. ئەندەلۇسلۇق مۇسۇلمان دېڭىزچىلار 1150-يىلى بۇ قىتئەگە يېتىپ كەلگەن. ئامېرىكىنى كەشپ قىلىش جەريانىدا تەجرىبىلىك مۇسۇلمان دېڭىزچىلاردىن پايدىلىنىلغان. ئامېرىكىنىڭ 1897-يىلىدىكى مۇستەقىللىقىنى مەغرىب تونىغان.

ئامېرىكا قىتئەسىدە مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشى 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئەندەلۇستا ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ئېغىر زۇلمىغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئامېرىكىغا بارغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە 17-ۋە 18-ئەسىرلەردە ئافرىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇللارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ مۇسۇلمان بولغان. ئەينى شەكىلدە ئامېرىكىغا 1850-يىلىدىن باشلاپ تۈركىيە، مىسىر، يەمەن ۋە سۇرىيەدىن مۇسۇلمانلار كۆچۈپ بارغان. كۈنىمىزدە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدا مىليوندىن كۆپ مۇسۇلمان ياشاۋاتىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىن كانادادا 120.000 ئەتراپىدا مۇسۇلمان بار. ئەسلىدە بۇ رايۇندا كۆپ ساندا مۇسۇلمان ياشاۋاتقان دۆلەت ئامېرىكىدۇر. كۈنىمىزدە ئامېرىكىدا يەرلىك مۇسۇلمانلار (قارا ۋە ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىقلار) ۋە سىرتتىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلار بار. مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى سانى 4.000.000 دۇر. سىرتتىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىران ۋە تۈركتۇر. قالغانلىرى باشقا دۆلەتلەردىن كېلىۋاتىدۇ. تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىروكلىن ۋە نېۋيوركتا ياشايدۇ. تۈركلەر قەدىمقى ۋاقىتلاردا ئامېرىكىغا كەلگەن.

1868-1898-يىللىرىدا كۆپ ساندا مۇسۇلمان تۈرك ئامېرىكىغا كەلگەن.

ئامېرىكىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى نېگىرلاردۇر. قۇل دەپ ئېلىپ كېلىنگەن نېگىرلارنىڭ بىر قىسمى ئەسلىدە مۇسۇلمان ئىدى. بىر قىسمى كېيىن باراۋەرلىكنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئىسلامغا كىرگەن.

جەنۇبى ئامېرىكىدىمۇ مۇسۇلمانلار بار. بىرازىلىيەلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى پەلەستىن ۋە لىۋانلىقتۇر. ئارگىنتىنادىكى 1.500.000 مىليون مۇسۇلماننىڭ كۆپ قىسمى سۇرىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ۋەنېزەئۇللادا 50.000 ئەتراپىدا ئەرەب مۇسۇلمان، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى سۇرىنامدىمۇ ھىندونېزىيەلىك مۇسۇلمانلار بار.

## 5. تۈركىيە بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر

### ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى قېرىنداش ھېسابلاپ، ئۆزئارا بىرلىك ئىچىدە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنغان. تۈركلەر بۇ ھەمكارلىقنى تارىختىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىرلىك ئىچىدە ياشىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مىللەتلەردىن بىرىدۇر.

كۈنىمىزدە ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ۋە ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان مۇھىم تەشكىلاتلاردىن بىرى ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىدۇر. بۇ تەشكىلات ئىسلام دۇنياسىدا بىرلىك ۋە ھەمكارلىقنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن 1971 ـ يىلى جىددە شەھرىدە قۇرۇلغان. كۈنىمىزدە بۇ تەشكىلاتنىڭ 55 ئەزاسى بار. تۈركىيە ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىغا تۇنجى قېتىم 1975 ـ يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى سەۋىيەسىدە قاتناشقان. تۈركىيە بىر يىلدىن كېيىن 1976 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىستانبۇلدىكى يىغىنىغا ساھىپخانلىق قىلىپ، تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا بولغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ 1981 ـ يىلىدىكى يىغىنىغا باش مىنىستىر بۈلەنت ئۇلۇسۇي، 1984 ۋە 1987 ـ يىلىدىكى يىغىنلىرىغا دۆلەت رەئىسى كەنان ئەۋرەن قاتناشقان. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تۈركىيە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە قاتنىشىشقا باشلىغان. تۈركىيە بۇ تەشكىلاتتا ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەن. 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەشكىلات ئارقىلىق ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشقان. تۈركىيە 1984 ـ يىلى كازاپلانكىدا ئېچىلغان يىغىندا ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي ھەمكارلىقى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى 2011 ـ يىلى قازاقىستاندا ئېچىلغان يىغىندا ئىسمىنى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتكەن.

### قارا دېڭىز ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى

بۇ تەشكىلات تۈركىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە قارا دېڭىزغا چېگرىسى بولغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان. 1991 ـ يىلى 12 ـ ۋە 13 ـ مارتتا بۈكرەشتە، 1991 ـ يىلى 23 ـ 24 ـ ئاپرېل سوپيادا ئېچىلغاندىن كېيىن 1992 ـ يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى قېتىم يىغىن ئاچقان. بۇ يىغىنغا تۈركىيە، ئالبانىيە، ئەزەربەيجان، روسىيە، ئوكرائىنا ۋە گرېتسىيە قاتناشقان. يىغىندا بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا قاتناش، ئۇچۇر، ئىستاتىستىكا، ئېنېرگىيە، مېتاللچىلىق ۋە ساياھەت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش قارار قىلىنغان. بۇ قارار ئەزا دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى دۆلەت رەئىسلىرى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇندا ئىمزالانغان بىر كېلىشىم بىلەن

پائالىيەتكە ئۆتكەن. 1992 ـ يىلى 8 ـ 9 ـ دېكابىر ئانتالىيادا ئېچىلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا بۇ تەشكىلاتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات بىر مۇددەت ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىپ قۇرۇلۇش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. لېكىن كېيىنكى يىللاردا بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى ئاكتىپچانلىقىنى يوقۇتۇشقا باشلىغان.

### باغداد تەشكىلاتى

تۈركىيە بىلەن ئىراق 1955 ـ يىلى 24 ـ فېۋرالدا بىر كېلىشىم بىلەن بۇ تەشكىلاتنى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى بۇ رايوندا تىنچلىق، بىخەتەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىش ۋە سېۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋرۇ ـ ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇش. بۇ تەشكىلاتقا كېيىن ئىران، پاكىستان ۋە ئەنگلىيە ئەزا بولغان. 1959 ـ يىلى ئىراقنىڭ ئەزالىقتىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئىسمىنى مەركىزى ئەھدى تەشكىلاتى دەپ ئالماشتۇرۇپ، مەركىزىنى ئەنقەرەگە يۆتكىگەن. لېكىن ئارزۇ قىلىنغان مۇۋاپپىقىيەت ھاسىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئالدىدا ئىران كېيىن پاكىستان ئەزالىقتىن چېكىنىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلات 1979 ـ يىلى تاقالغان.

### تەرەققىيات ئۈچۈن رايون خارەكتېرلىق تەشكىلات

بۇ تەشكىلات پاكىستان، تۈركىيە، ئىران ئوتتۇرىسىدا 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات سىياسى ھەمكارلىقنى ئاساس قىلماي ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان. ئىران 1979 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن بۇ تەشكىلاتتىن ئايرىلغان. 1982 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى توختىغان.

### ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تۈركىيە، پاكىستان ۋە ئىران تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى قۇرۇلغان. مەقسىدى ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە مەدەنىي ساھەلەردە ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەركىزي تېھراندا. بۇ تەشكىلات سېۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەنگەن.

# پايدىلانغان كىتابلار


Adıvar A.A., Tarih Boyunca İlim ve Din, Remzi Yayınları, İstanbul 1969.

Akiner Shirin, Sovyet Müslümanları, çev. T. Buzpınar, A. Mutu, İnsan Yayınları, İstanbul 1995.

Armaoğlu F. Siyasi Tarih, (1789-1960), I-II, Ankara 1966; XX. Yüzyıl Siyasi Tarihi, TTK Yayınları, Ankara 1984.

Aslanapa Oktay, Türk ve İslam Sanatı, İnkılap Kitap Evi, İstanbul 1986.

Aycan İrfan-İbrahim Sarıçam, "Emeviler" Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, Ankara 1993.

Aydın Taneri, Osmanlı İmparaturluğu'nun Kuruluş Döneminde Veziri Azamlık, DTCF Yayınları, Ankara 1974.

Ayvazoğlu Beşir, İslam Estetiği ve İnsan, Çağ Yayınları, İstanbul 1979.

Bammat Haydar, İslamın Çehresi, çev. O.F. Giritli, Sancak Yayınları, İstanbul 1975.

Barkan Ömer Lütfi. "Osmanlı İmparatorluğu'nda Bir İskan ve Kolonizasyon Metodu Olarak Vakıflar ve Temlikler", Vakıflar Dergisi. II, 1942. S.229-386

Barthold W; Köprülü M. Fuad, İslam Medeniyeti Tarihi, Diyanet İşleri Başkanlığı Yayınları, Ankara 1973.

Bayraktar Mehmet, İslam'da Bilim ve Teknoloji Tarihi, Türkiye Diyanet vakfı Yayınları, Ankara 1985.

Bennigsen, A-Lemercier, C_Q, Sufı ve Komiser (Rusya'da İslam Tarikatları), çev. O. Türer, Akçağ Yayınları, Ankarar 1988.

Berki A. Himmet, Osman Keskioğlu, Hz. Muhammed, Diyanet İşleri Başkanlığı Yayınları, Ankara 1985.

Bilhan Suat, Orta Asya Bilgin Hükümdarlar Devletinde Eğitim-Bilim-Sanat, Türkiye Diyanet Vakfı yayınları, Ankara 1988.

Brockelmann, İslam Milletleri ve Devletleri , çev, Neşet Çağatay, AÜ İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1982.

Çağatay Neşet, Bir Türk Kurumu Olan Ahilik, AÜ İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1974.

Çağatay Neşet, İslam Öncesi Arap Tarihi ve Cahiliye Çağı, Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1982.

Çağatay Neşet, İslam Tarihi, Türk Tarih Kurumu Yayınları, Ankara 1993.

Çam Nüsret, İslam'da Sanat, Sanatta İslam, Akçağ Yayınları Ankara 1997.

Çelebi Ahmed, islamda Eğitim Tarihi, çev. Ali Yardim. Damla Yayınları, İstanbul 1976.

Danişmend İ. Hami Garp Manbalarına Göre İslam Medeniyeti, Yağmur Yayınları , İstanbul 1974.

Devlet Nadir, Çağdaş Türkîler, Doğuştan Günümüze Büyük İslam Tarihi, Ek Cilt, Çağ Yayınları, İstanbul 1993.

Ebul Hasan el Meverdi, el Ahkam üs Sultaniye, çev. A. Şafak, Bedir Yayınları, İstanbul 1994.

Elekdağ, Şükrü, "Karadeniz Ekonomik İş Birliği", Yeni Dünya Düzeni ve Türkiye, İstanbul 1992.

"Endonezye", DİA, XI, s. 192-207, İstanbul 1985.

Eriniç Sırrı; İhsan Taşar; Hamid Algar; "Amerika Birleşik Devletleri (ülkede İslamiyet), DİA, 3, s. 47-53, İstanbul 1991.

Erşahin Seyfettin; Türkistan'da İslam ve Müslümanlar, İlahiyat Vakfı Yayınları, Ankara 1999.

Fahrettin Atar, İslam Adliye Teşkilatı, Diyanet İşleri Başkanlığı Yayınları, Ankara 1979.

Gökbilgin M. Tayyib, Osmanlı Müesseseleri Teşkilatı ve Medeniyeti Tarihine Genel Bakış, İstanbul Edebiyat Fakültesi Yayınları, İstanbul 1977.

Grenard F. Asya'nın Yükselişi ve Düşüşü, çev. O. Yüksel, MEB Yayınları, İstanbul 1992.

Günaltay Şemsettin, İslam'da Tarih ve Müerrihler, İstanbul 1339-1342.

Güvenç Bozkurt, Türk Kimliği, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 1994.

Muhammed Hamidullah, İslam Peygamberi, çev. Sailh Tuğ, İrfan Yayınları, İstanbul 1980.

Hasan İbrahim Hasan, Siyasi, Dini, Kültürel İslam Tarihi, çev. İsmail Yiğit, Sadrettin Gümüş, Kayıhan Yayınları, İstanbul 1987.

Hayıt Baymırza. Sovyetler Birliğindeki Türklüğün ve İslam'ın Bazı Meseleleri, İstanbul 1987.

Hayıt Baymırza, Türkistan Rusya ile Çin Arasında, Otağ Yayınları, İstanbul 1975.

"Hindistan", DİA, 18, S.69-108, İstanbul 1998.

Hitti Philip, Siyasi ve Kültürel İslam Tarihi. Çev. Salih Tuğ, Boğaziçi Yayınları, İstanbul 1982.

Hizmetli Sabri, İslam Tarihi, Bizim Büro Basım evi, Ankara 1999.

Hunke Sigrid, İslam'ın Güneşi Avrupa'nın Üzerinde. Bedir Yayınevi, İstanbul 1975.

"İslam". DİA, 23. İstanbul 2001.

1.Uluslar Arası Ahilik Kültürü Sempozyumu Bildirileri, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 1996.

2. Uluslar Arası Ahilik Kültürü Sempozyumu Bildirileri, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 1999.

Kefesoğlu İbrahim, Türk Milli Kültürü, Ötüken Yayınları, İstanbul 1999.

Kayaoğlu İsmet, İslam Kurumları Tarihi, Ankara 1980.

Kazıcı Ziya, İslam Medeniyeti ve Müesseseleri Tarihi, Kayıhan Yayınları, İstanbul 1999.

Zekeriya Kitapçı, Yeni İslam Tarihi ve Türkistan, Boğaziçi Yayınları, İstanbul 1991.

Köksal. M. Asim, İslam Tarihi. Mekke ve Medine Devri, İrfan Yayınları, İstanbul 1989.

Komisyon, Doğuştan Günümüze Büyük İslam Tarihi, Çağ Yayınları, İstanbul 1986.

Köprülü Fuad, İslam ve Türk Hukuku Tarihi Araştırmaları ve Vakıf Müesssesi, Ötüken Yayınları, İstanbul 1983.

Köprülü Fuad, Osmanlı İmparatorluğu'nun Kuruluşu, Ötüken Yayınları, İstanbul 1986.

Kuban Doğan. 100 Soruda Türkiye Sanatı Tarihi, Gerçek Yayınevi, İstanbul 1988.

Kurtuluış Riza, " Amerika" (Kıtada İslamiyet)"DİA" 3

Lee He-Soo," Çinde İslamiyet "DİA", 13, İstanbul 1993.

Lee He-Soo, İslam ve Türk Kültürünün Uzak Doğuya Yayılması, Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, Ankara 1988.

Merçil Erdoğan, Müslüman Türk Devletleri Tarihi, Türk Tarihi Kurumu Yayınları, Ankara tarhsiz.

Mez Adem, Onuncu Yüzyılda İslam Medeniyeti, İnsan Yayınları, İstanbul 2000.

Moacanın Nenad, "Hırvatistan" , DİA, 17

Ocak Ahmet Yaşar, "Fütüvvet", ve "Fütüvvetname", DİA, 13

Ögel Bahattin, Türk Kültürünün Gelişme Çağları, Kömen Yayınları, Ankara 1979.

Ögel Bahattin, Türk Kültür Tarihine Giriş, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 1978, 87.

Omran Abdel Rahim, İslam Kültüründe Aile Planlaması, çev. Komisyon, Diyanet İşleri Başkanlığı Yayınları, Ankara 1997.

Önkal Ahmet, Nebi Bozkurt, Semavi Eyice. "Cami" DİA. 7, s. 46-90

Osmanlı Devletleri ve Medeniyetleri Tarihi, İRCİCA Yayınları İstanbul 1994.

Özdemir Mehmet, Endülüs Müslümanları (İlim ve Kültür Tarihi) 3, Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, Ankara 1997.

Öztuna Yılmaz, Devletler ve Hanedanlar, Kültür Bakanlığı Yayınları, İstanbul 1995.

Öztürk Nazif, Menşei ve Tarih Gelişimi Açısından Vakıflar, Vakıflar Genel Müdürlüğü Yayınları, Ankara 1983.

Pedersen, J. "Mescid" İA, 8, ss.1-71. İstanbul 1970.

Popoviç, a. Balkanlarda İslam, çev. Komisyon, İnsan Yayınları 1995.

Poppe Nicholas "Rusçadaki Türkçe Kelimelerle ilgili Çalışmalara Bir Bakış", çev. Günay Karaağaç, Türk Dünyası Araştırmaları, s. 24, Hazıran, 1983s. 132-158.

Sarıçam İbrahim, İlk Dönem İslam Tarihi, Anadolu Üniversitesi Yayınları, Eskişehir 2000.

Seyyid Bey, Hilafetin Mahiyeti Şeriyesi, TBMM Yayınları Ankara 1924.

Şibli Mevlana. Asrı Saadet, çev. Ömer Riza Doğrul, Eskişehir Kütüphanesi Yayınları,

İstanbul 1973.

Sultanoviç, İ. Süleyman, “ Çeçenistan”, DİA, 8.

Sümer Faruk Oğuzlar, (Türkmenler), Türk Dünyası Araştırmaları Vakfı, İstanbul 1980.

Togan Zeki V. Bugünkü Türk İli (Türkistan) ve Yakın Tarihi, İstanbul 1981.

Torun Ali, Türk Edebiyatında Türkçe Fütüvvetnameler, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 1998.

Turan Osman, Selçuklular ve İslamiyet, Dergah Yayınları, İstanbul 1980.

Türk Aile Ansiklopedisi. T.C. Başbakanlık Aile Araştırmaları Kurumu. 1-3. Ankara 1991.

Ubucini, M. A. Türkiye 1850, I, çev. C. Karaağaçlı, Tercüman 1001 Temel Eser, İstanbul.

Uzunçarşılı, İ. H., Osmanlı Devleti Teşkilatına Medhal, TTK Yayınları, Ankara 1988.

Watt, Montgamery, İslam’ın Avrupa’ya Tesiri, çev. H. Yavuz, Boğaziçi Yayınları, İstanbul 1987.

Yaltkaya Şerefeddin. “Kara Ahmed Paşa Vakfiyesi”, Vakıflar Dergisi, 2, 1942, s. 83-97.

Yardım Ali, Peygamberimizin Şemaili, Damla Yayınları, İstanbul 1997.

Yazıcı Nesimi, İlk Türk İslam Devletleri Tarihi, Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1992.

Yediyıldız Bahaettin, “İslamda Vakıf”, Doğuştan Günümüze Büyük İslam Tarihi” 17, İstanbul 1990.

Yetkin Suut Kemal, İslam Sanatı Tarihi, AÜ İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1954.

Yiğit Ali, Türk Ülkeleri Coğrafyası, Tisav Yayınları, Elaziğ 1996.

Yıldız Hakkı Dursun, Abbasileri, DİA, Türkiye Diyanet Vakfı Yayınları, 1/31-36

Yıldız Hakkı Dursun, İslamiyet ve Türkler, Çağrı Yayınları, İstanbul 1994.

Yörükan Yusuf Ziya, İslam Dini Tarihi, Kültür Bakanlığı Yayınları, Ankara 2001.

Yurdaydın Hüseyin Gazi, İslam Tarihi Dersleri, Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Yayınları, Ankara 1998.